


# تارىم

2
1991

Altun0q

www.uyghurkitap.com

يېقىندا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئوبزور، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرى، مۇنەۋۋەر تەھرىرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلىدى. تۆۋەندە شۇ پائالىيەتكە دائىر سۈرەتلەر بېرىلدى.





باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋۇدۇن

مەسلىھەتچىلەر: ياسىن خۇدا بەردى، ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم.

---

تەھرىر ھەيئەتلەر ( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ):

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇروسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

2

AltunOq

1991

41 - يىل نەشرى

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## ماقالىلەر

ئى. ئەمەت.................. توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرەيلى.................. 4

## نەسرىي ئەسەرلەر

ت. ئايۇپ.................. غۇر-غۇر شامال (ھېكايە).................. 14
ئارسلان.................. جۇرئەت (ھېكايە).................. 37
ئە. تۇردى.................. ھايات شۇنداق (روماندىن پارچە).................. 55
ئا. ساۋۇت.................. ئۇپۇقتا قېتىپ قالغان كۈن (پوۋېست).................. 94
ھ. مەخسۇت.................. بۇرچ (ھېكايە).................. 125
ت. تالىپ.................. «جەننەت» كەئەك يېقىن جايدا (ئەدەبىي ئاخبارات)... 130

## شېئىرلار

ش. ياللىن.................. شېئىرلار.................. 46
م. زايىت.................. تەبىئەت — پەرىشتە، پەيغەمبەر، ئانا.................. 49
ئى. ئابلىز.................. كۆكۈل كۆلەڭگىلىرى.................. 50
ئا. ھېيت.................. گۈزەللىككە ئاشىقمەن.................. 51
غ. رېشىت.................. قىلدىممەن قەلبىمنى ئىزھار.................. 53
ئە. روزى.................. ئىككى شېئىر.................. 53
ئا. بارات.................. مۇڭلۇق خىياللار.................. 54
ئې. سىدىق.................. تەمبۇر.................. 54
ئو. ساۋۇت.................. كۆرۈمگە ئۇچرىساق بىللە كۈلەيلى.................. 81
ئا. مۇھەممەتئىمىن.................. يۈرەك سۆيگۈسى.................. 83
ئا. ئەبەيدۇللىن.................. مۇھەببەت ئىزنالىرى.................. 85
ئا. سۇلايمان.................. يۇرتۇم مېھرى - روھىي بايلىقىم.................. 86
ي. زىلال.................. غەزەللەر.................. 88
ئا. ئابدۇللا.................. ئورۇمچى.................. 91

ئا. ئابدۇرېشىت ......... شېئىرلار ......... 92
ت. ئەخمەت ......... كۆز ئالدىمدا سېنىڭ سۇرىتىڭ ......... 92
ئۆ. مۇھەممەدى ......... دىلىمدىكى ئۈنسىز ناخشىلار ......... 137
م. بارى ......... كۆڭۈلدىكى گەپلەر ......... 137
م. ئابدۇللا بەگ هاجى ......... ئاپتورلار ......... 138
ئە. ئوسمان كىچىك ......... سەھەردىكى تۇمانلار ......... 139
ج. ئابدۇماناپ ......... ئىككى شېئىر ......... 140
ت. بەكرى ......... ساتىرىلار ......... 141

## گۈلىستاندىن گۈلدەستە

ب. يۈسۈپ ......... ئاشۇ كېچە، ئاشۇ شېرىن چۈش (شېئىر) ......... 143
م. ئەخەت ......... بىر شېئىرنىڭ شىكايىتى (شېئىر) ......... 144
ئا. ئۆمەر هاجى ......... سۆيگۈ لىرىكىسى (شېئىر) ......... 145
ە. راخمان ......... ئىككى شېئىر ......... 145

## ئاپتور ۋە ئەسەر

ئە. ئابدۇراززاق ......... «ئۆتكەن كۈنلەر» توغرىسىدا ئەسلىمە ......... 146

## چەت ئەل ئەدەبىياتى

س. سېتەشىۋ ......... ئۆگەي ئاتا (هېكايە) ......... 153

## ئەدەبىي هايات ۋە ئۇچۇرلار

ئاپتونوم رايونىمىزدىن بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى ......... 157
ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئوبزور، تەرجىمە ئەسەر ۋە مۇھەررىرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ......... 156

مۇقاۋىدا......قارىغاي ۋە قار تۇردى فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ئىسمايىل ئەھەت، مالچىنخو يولداشلار 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلانغان شىنجاڭلىق ئاپتورلار بىلەن بىللە.

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە هۆسن خەتلەرنى م. ئايۈپ، ئابدۇراخمانلار ئىشلىگەن.

uyghurkitap.com

# ماقالىلار

ئىسمايىل ئەھمەت

## توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرەيلى

3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلانغان ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

سوتسىيالىزم دەۋرى ئېلىمىز مىللەتلىرى ئورتاق راۋاج تېپىپ گۈللىنىدىغان دەۋر. بۇ، مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىپ گۈللىنىشىنى، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىپ گۈللىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مىللەتلەرنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە گۈللىنىشى مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى مىللەتلەرنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ بۇرچى تولىمۇ يۈكسەك، ۋەزىپىسى تولىمۇ ئېغىر.

مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ گۈل-چېچەكلىرىسىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىنىڭ باھارى بولمايدۇ. مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىدا، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. سوتسىيالىستىك مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش مىللەتلەر خىزمىتىنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. بىز پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئەددبىيات-سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇپ، مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىزم ئىشلىرى بىلەن بىرلىكتە زور قەدەم بىلەن يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم.

بۈگۈن مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە مىللەتلەر خىزمىتى نۇقتىسىدىن بەزى پىكىر ۋە قاراشلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن. سۆزلىمەكچى بولغان سۆزۈمنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى مۇنداق: مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىشلىرى توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم بايرىقىنى

ئېگىز كۆتۈرۈشى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىن ئىبارەت باش تېمىنى باشتىن - ئاياغ ئىگىلىشى، مىللەتلەرنىڭ رەڭدار تۇرمۇشىنى چىن، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى قەھرىمانلىقلىرى ۋە پارلاق ئوبرازىنى ياخشى ئىپادىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى قۇدرەتلىك ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك.

## بىرىنچى، مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ يۆنىلىشى مەسىلىسى

پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تۈپ ئاساسى، ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، شۇنداقلا ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. بۇ توغرا يۆنىلىش، شەك - شۈبھىسىزكى، ئېلىمىز مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭمۇ يۆنىلىشى. بىزنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى خادىملىرىمىز بۇ توغرا يۆنىلىشتە چوقۇم قىلچە ئىككىلەنمەي، قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى، جۈملىدىن مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنى تولۇق تونۇشى، ئىخلاس بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم تەرەپ شۇكى، مۇشۇ باش يۆنىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تىرىشىپ كۈيلەپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش — مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مۇقامى ۋە مەڭگۈلۈك باش تېمىسى بولۇشى كېرەك. مەن نېمە ئۈچۈن بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمەن؟ بۇنىڭدا ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت دۆلەت ئەھۋالى، تارىخىي ۋەزىپىلىرىمىز ھەمدە پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى توغرا فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان.

ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ بەرپا بولۇش تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى، دوستانە بىللە ئۆتۈشى ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە باشتىن ئاياغ ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى. بىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇشۇ ئاساسىي ئېقىمنى ئىپادىلىشى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ھەرخىل بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى. شۇڭا ئەدەبىياتىمىز بۇ رېئاللىقنى چىنلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. سوتسىيالىستىك

دەۋردە ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھەر مىللەت خەلقى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بىرمۇنچە مىللەتلەر بىرنەچچە ئىجتىمائىي فورماتسىيىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەرگە ئايلاندى. مانا بۇلارنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنە داۋاملىق مۇستەھكەملەشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ، مىللەتلەر ئەدەبىياتى خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ رولىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىققا موھتاج. ئەدەبىيات كىشلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ئەدەبىياتنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئېلىمىز مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى ئەسلىسەك، زاڭزۇلارنىڭ قەدىمكى تۇبۇت ئەدەبىياتى ــ «زەنپۇ شىلۇي»، موڭغۇللارنىڭ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن كاتتا ئەدەبىي ئەسىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ھەم ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئېپوسلىرىدىن «گېسار»،«جاڭغىر»، «ماناس»، «ئاسما» قاتارلىقلار ھەم باشقا ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، ئازادلىقتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن كۆپلىگەن نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەر، مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، يىزۇ مىللىتىنىڭ پېشقەدەم يازغۇچىسى لى چياۋنىڭ «خۇشال جىڭساجياڭ دەرياسى»، پېشقەدەم جۇاڭزۇ يازغۇچىسى لۇدىنىڭ «گۈزەل جەنۇب»، موڭغۇل يازغۇچىسى مالچىنخۇنىڭ «چەكسىز يايلاق» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يەنە باشقا بەزى ئەسەرلەرنى بىر ـ بىرلەپ مىسال كەلتۈرمىدىم. بۇ ئەسەرلەر مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت باش تېمىنى ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن، ھەر مىللەت خەلقىگە يېقىپ، مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا نادىر ئەسەرلەردىن بولۇپ قالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلەر پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەدەبىياتى خەزىنىسىنىڭ ئىنتايىن ئېسىل بۆلىكى، بۇ قېتىم مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر دەل مۇشۇ توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرغان. بۇ، كىشىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، مول، ئۇتۇقلۇق تەجرىبىلەرنى ياراتقان. بىز مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كەڭ جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ باش تېمىسى ۋە ئاساسىي مۇقامىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك. بۇ، تارىخ زامانىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتچىلىرىغا، يازغۇچىلىرىغا يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپە، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىدىن كۈتىدىغان سەمىمىي ئۈمىدى ۋە جىددىي تەلىپى.

## ئىككىنچى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى توغرىسىدا

رەئىس ماۋ زېدۇڭ 1942 - يىلى «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبەسى مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ «پۈتمەس - تۈگىمەس، بىردىنبىر مەنبەسى» ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979 - يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزىدە «خەلق — ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى» دېگەن، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا «خەلق تۇرمۇشىدىن ئاڭلىق ھالدا سيۇژېت، تېما، ۋەقەلىك، تىل، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە زوق ئېلىش، ئۆزىنى خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ روھى ئارقىلىق تەربىيىلەش بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشىنىڭ تۈپ يولى» دەپ چوڭقۇر مەنىلىك تەلىم بەرگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەكىتلىگىنىمۇ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش مەسىلىسى. يولداشلار بۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىچە پىكىردە بولمايدۇ. بۇ قېتىم مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەردىن بىر مۇنچىلىرىنىڭ سيۇژېتى، تېمىسى، ۋەقەلىكى، تىلى، شېئىرىي پىكرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مول تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان. ئاپتورلارنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن قايتا پىششىقلىشى ئارقىلىق ئەسەردىكى تېما، ۋەقەلىك، شېئىرىي پىكىر ئەمەلىي تۇرمۇشتىكىدىن تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى، ناھايىتى كۈچلۈك بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ياققان. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش — مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى خادىملىرى، جۈملىدىن مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار، يازغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللىي رايونلارغا چوڭقۇرچۆكۈش، ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا يىلتىز تارتىش دېمەكتۇر. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ تولىسى چېگرا رايون، تاغلىق سوغۇق بەلباغلار، ئورمانلىقلار، يايلاق ۋە چۆل - جەزىرىلەر. بۇ يەرلەردە قاتناش قولايسىز، شارائىت ناچار، بۇنداق ئوبيېكتىپ مۇھىت مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. قىيىنچىلىق كۆپ بولغانسېرى بىزنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى خادىملىرىغا بولغان تەلىپىمىز شۇنچە ئاشىدۇ. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى خادىملىرىمىزدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى، بولۇپمۇ ئىدىيە - ھېسسىيات جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزلىرىگە «ئانا» ھېسابلىشىنى، بەلكى بۇنداق ھېسسىياتنىڭ ساختا ئەمەس، چىن بولۇشىنى يېرىم - ياتا ئەمەس، پۈتۈن كۆڭۈل بىلەن ھەقىقىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تولۇپ تاشقان مۇھەببەت بىلەن «ئانا» نىڭ قوينىغا ئېتىلىپ، بىر تەرەپتىن، «ئانا» نىڭ پەرۋىشىگە ئىگە بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئانا» ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىش كېرەك. ئەگەر خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىغا نىسبەتەن ئىدىيە - ھېسسىيات جەھەتتە توغرا تونۇش ۋە يېقىن مۇنا-

www.uyghurkitap.com

سىژدەت بولمىسا، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن دوست بولۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا يىلتىز تارتىش، ئۇلاردىن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى تولۇقلىشى ۋە ئۆستۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇشى كېرەك. يازغۇچىلىرىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپلا قالماي، خەنزۇلار رايونلىرىغا بېرىپمۇ تۇرمۇش ئۆگىنىشى، بۇ ئارقىلىق ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈشى لازىم. بىز خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ماتېرىيال توپلاپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنى قارشى ئالىمىز. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ بىرلىكتە تىرىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلىشى پۈتۈن مەملىكەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ئەلۋەتتە مۇھىم. يەنە تۇرمۇشنى قانداق ئىپادىلەش مەسىلىسىمۇ بار. بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزدا كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق بولۇشى كېرەك. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرۇپ توغرا تونۇشى، ئۇلارنى توغرا ئىپادىلىشى ۋە ئوبرازلاشتۇرۇشى لازىم. سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى ۋە بولماقتا. ئۆتمۈشتىكى سىرت بىلەن ئالاقە قىلمايدىغان بېكىنمىچىلىك ھالەت پەيدىنپەي بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۆتمۈشتىكى ئۇششاق ناتۇرال دېھقان ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى ئۈزلۈكسىز ئىگىلىدى. ھەممە يەر يېڭى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولدى. ئاپتورلىرىمىز ۋە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ مۇشۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى دەۋرنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل يېڭى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار. ئاپتورلىرىمىز ۋە يازغۇچىلىرىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ھەرگىز بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى يەنى چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىك مەيدانىدا تۇرۇپ بىر تەرەپلىمە بۇرمىلاپ ئەكس ئەتتۈرمەسلىكى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشتىن تېخىمۇ ساقلىنىشى لازىم. بۇرۇن بەزى ئەسەرلەرنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە ياقماسلىقىدىكى سەۋەب، ئاساسلىقى، ئۇلارنى تولۇق، توغرا ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىكىدە، ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىتا، بىرى، ئىدېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كەلسە - كەلمەس توقۇپ، ياساپ يازغانلىقىدا، يەنە بىرى، غەلىتە نەرسىلەرنى تېپىش نەزەرى بىلەن مەلۇم بىرخىل كونا قائىدە ۋە نامۇۋاپىق ئادەتلەرنى تەرغىپ قىلىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرماقچى بولغانلىقىدا. يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بەزى يامان ئەسەرلەردە ئاپتور پۈتۈنلەي بۇرژۇئازىيە مەيدانىدا تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوبرازىنى قەستەن بۇرمىلاپ ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. بۇنداق ئەسەرلەر گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئىنتايىن يامان بولدى. بىز ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ، خاتا ئىدىيە ۋە كۆز قا-

راشلارنى تەرغىپ قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشكىمۇ قارشى تۇرىمىز. بىزنىڭ يازغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تەكىتلىشىمىز ھەر مىللەت ئاپتورلىرى ۋە يازغۇچىلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىپ، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىشقا تىرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ مەنىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا ئىشەنچ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەخش ئېتىشنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ، خەلقنىڭ تەلىپى، دەۋرنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

## ئۈچىنچى، ئىسلاھات ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى توغرىسىدا

ئىسلاھات ئېلىمىزنىڭ مىللىي رايونلىرىغا زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى ھەمدە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. بۇلار ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىشلىرىغا غايەت زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە. تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دولقۇنلىرىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، بۇ كارامەت ئىشلارنى مىللەتلەر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا ھەققىي، جانلىق رەۋىشتە گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم.

ئېلىمىز مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئۇلار ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان، ھەممىسىنىڭ ئۆز مىللەتلىرى پەخىرلىنىدىغان قەھرىمانلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى، ھەممىسى ئالاھىدە يېزىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، مېنىڭ قارىشىمچە، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز رېئال تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىنلىشىشى، ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تىپىك قەھرىمانلىرىنى تىرىشىپ ئوبرازلاشتۇرۇشى لازىم. مەن بەزى سورۇنلاردا مۇشۇ كۆز قارىشىمنى ئېيتتىم. بىزنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسى تەتقىقاتىمىز رېئال مەسىلىلەرگە تېخىمۇ كۆپلەپ يۈزلىنىپ، ئەمەلىي تەتقىقاتقا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. مەن ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇنداق كۆز قاراشتىمەن. ئۇ بولسىمۇ يازغۇچىلار ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى رېئال تۇرمۇشقا تېخىمۇ كۆپرەك قارىتىشى، قەلىمىدە ئىسلاھات دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرۇشى لازىم، دېگەندىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن مىللەتلەر ئەدەبىياتى گۈللىنىدۇ، خەلقنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەلىپىنى تېخىمۇ قاندۇرغىلى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشكە نىسبەتەن مۇھەببەت كەم بولسا، ھەتتا مۇشۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئۆزىنى چەتكە تارتسا، ئىنتايىن قاملاشمىغىنى.

ئىسلاھات قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلىمەكتە، ھەر كۈنى يېڭى ئادەملەر مەيدانغا كەلمەكتە. ھەر مىللەت خەلقى ھەر كۈنى يېڭى ـ يېڭى ئىش ـ ئىزلارنى ياراتماقتا، بۇ، ئەدە-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىي ئىجادىيەتنى باي مەنبە بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. بىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى قەھرىمانلىقلىرى ۋە روھىي قىياپىتىنى قىزغىنلىق بىلەن كۈيلىشىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

بىر مىللەت، بىر رايون راۋاج تاپماقچى، ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولسا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدا مېڭىشى شەرت. دەۋر ئالغا باسماقتا، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزگەرتىپ يېڭىلاشقا تېگىشلىك بەزى نەرسىلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ، ئەلۋەتتە، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئاڭلىقلىقى ۋە ئىختىيارلىقى ئارقىلىقلا ئۆزگەرتىلىدۇ.

بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئۆز مىللىتىنىڭ بىلىم ئەھلىلىرىگە مەنسۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار شۇ مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەرلىرى. ئۆز مىللىتى كونىلىقتىن قۇتۇلۇپ، تەرەققىياتقا يۈزلىنىش جەريانىدا، ئۇلار ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشى كېرەك، بۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇنداق تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، تەشەببۇس قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر ئوخشاشمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىۋى كۆز قاراشلارنىڭ زىددىيىتى ۋە توقۇنۇشىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بەزى قالاق، ئالغا بېسىشقا پايدىسىز، ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلىرىگە تەنقىدىي باھا بېرىشكە چېتىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا قانداق قاراش كېرەك؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق: ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى باي ۋە رەڭدار، ئەدەبىياتىمۇ باي ۋە رەڭدار بولۇشى كېرەك. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇشىنى قەستەن بۇرمىلاپ تەسۋىرلەشكە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خۇنۇكلەشتۈرۈدىغان ھەرقانداق ئەسەرگە قارشى تۇرىمىز. لېكىن بىز ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلىنغان تەنقىدنى رەت قىلالمايمىز، كونا نەرسىلەرگە چىڭ يېپىشىۋالماسلىقىمىز، مۇقامى يۇقىرى، ئىزدىنىش خاراكتېرلىك ئەسەرلەرگە ئىلھام بېرىشىمىز، مۇددىئاسى ياخشى، لېكىن ئەھۋال بىلەن پىششىق تونۇشماسلىق، ئىنچىكە كۆزەتمەسلىك تۈپەيلىدىن چىنلىقنى يوقىتىپ قويغان ئەسەرلەرگە ۋە ئاپتورلارغا كەڭ قورساق بولۇشىمىز، بەس ـ مۇنازىرە بولۇۋاتقان ئەسەرلەرنى باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە مىللەتلەرنىڭ ساپاسى ئۆستى، ئىززەت ـ ئابروي تۇيغۇسى كۈچەيدى، ئېستېتىك كۆز قارىشىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار بەزى ئەسەرلەرگە قارىتا كەسكىن تەنقىدىي پىكىر بېرىشى مۇمكىن. بۇ ياخشى ئىش، ئەلۋەتتە ئۇنى قارشى ئېلىش كېرەك، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر توغرىسىدىكى تەنقىدى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتقان، قائىدىلىك، يوللۇق بولۇشى كېرەك. ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر كەڭ قورساق بولۇپ، ھەرمىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق بەرگەن تەنقىدى ۋە تەكلىپىنى قارشى ئېلىشى، بەلكى ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، مىللەتنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەن ناچار ئەسەرلەرنى تەنقىدلەشكە، ھەتتا ئاپتورغا تەنقىدىي تەربىيە بېرىشكە بولىدۇ، شۇنداق قىلىش زۆرۈر. لېكىن بۇنداق ئىشلارغا قانۇنغا

خىلاپ ۋاستىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، نامايىش قىلىش، تەلەپ قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ، ئەنسىزلىك پەيدا قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشتىن ساقلىنىش لازىم. بىز ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مەسىلىلەرنى ئەدەبىي تەنقىد يولى بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىسلاھات مەسىلىسى بار، مەن بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆپ سۆزلىمەكچى ئەمەسمەن، مېنىڭ پەقەت بىر جەھەتتىنلا سۆزلىگۈم بار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بىز سىرتقا چىقىپ، ئېلىمىز مىللەتلىرىنىڭ رەڭمۇرەڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن دۇنياغا تونۇشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىز بۇنداق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ئەدەبىيات ئىشلىرىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ياخشى نەرسىلەر، جۈملىدىن ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىقلارغا ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپ، ئەسەرلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا مىللەتلەرنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭكىنى بېيىتىشىمىز ھەم زورايتىشىمىز لازىم.

بىز شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمىزكى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىنى جەزمەن ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىز مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

### تۆتىنچى، تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش مەسىلىسى توغرىسىدا

پارتىيە ۋە دۆلەت ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مەملىكىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ غەمخورلۇقىدا، يېڭىلا قۇرۇلغان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تۇنجى قېتىملىق ئەدەبىيات سىمنارىيىسى ئاچتى ۋە ئۇنىڭغا بىر تۈركۈم ئازسانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنى قوبۇل قىلىپ قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنى سىستېمىلىق تەربىيىلىدى. ھازىرقى قابىلىيەتلىك، نەتىجىسى مول ئوتتۇرا ياشلىق، ياشانغان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ تولىسى ئەدەبىيات سىمنارىيىسىنىڭ تۇنجى ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى تايانچىلىرى؛ بۇلار ئازادلىقتىن ئىلگىرى مىللەتلەر ئەدەبىيات تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يازغۇچىلار بىلەن قوشۇلۇپ، ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن ھاسىل قىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي

www.uyghurkitap.com

كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالدى، توغرا لۇشيەن ۋە قايناق تۇرمۇش يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى يېڭى مۇساپىگە قەدەم قويدى. مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىجادىيەت قوشۇنى يېڭىدىن زورايدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالىي مەكتەپلەردىن، بەزىلىرى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر قوشۇنىدىن كېلىپ، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسىنى گەۋدىلەندۇردى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1980 - يىلدىن بۇيان ئۈچ نۆۋەت مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باھالاپ مۇكاپاتلىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى كۆپلىگەن ئوتتۇرا ياش، ياش ئاپتورلار، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى قوشۇنىغا بىر تۈركۈم يېڭى كۈچ قېتىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە يېڭى ئەسەرلەر قوشۇلدى. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى 300 دىن ئېشىپ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئومۇمىي ئەزاسىنىڭ 10 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭغا ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىنى قوشقاندا، ئادەم سانى تېخىمۇ كۆپ. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى زورىيىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلار جۇڭگو زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ شەرەپلىك ئەزالىرى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى، پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئىنتايىن ئۈمىدلىك ئەۋلادلار.

لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدى، ئۇلۇغ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا خېلى پەرق بار، يەنىلا ئانچە تەلەپتىكىدەك ئەمەس. يەنە زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈشكە، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ داۋاملىق يار-يۆلەك بولۇشى ۋە ياردىمىگە، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئورۇنلىرىنىڭ، ھەر دەرىجىلىك يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ غەمخورلۇقىغا موھتاج. بۇرۇنقى بەزى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى، ئالايلۇق، كۇرس، سېمىنارىيە، سۆھبەت يىغىنى، قەلەمكەشلەر يىغىنى قاتارلىقلارغا تېخىمۇ كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت ھەۋەسكارلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆگىنىش، ئۆسۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. يەنە ئىجتىمائىي پەن ئالىي مەكتەپلىرى ئاچقان ئەدەبىيات كەسپىي ئورۇنلىرىغا ھەر يىلى مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى كۈچلەر بىلەن تولۇقلىنىپ، جەزمەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىدۇ، يېڭى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر

ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈمىدى مانا مۇشۇ يەردە.

ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەن باشقا تۈردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىقى ھەم ئالاھىدىلىكى بار، ئۇ بولسىمۇ، مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى، ئاساسلىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى، مۇھىمى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئۆزلىرى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان ئوبيېكتنى تونۇش مەسىلىسى، ئەسەرنىڭ سيۇژىتى، ۋەقەلىكى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مىللىي مەسىلىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن توغرا كۆز قاراش بولۇشى كېرەك. بۇ تونۇش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك، ئۆز كۆز قارىشىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا قانداق ھۆكۈم قىلىش كېرەك، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئۆگىنىشتۇر. مىللىي ئاپتورلار ۋە يازغۇچىلار بىر تەرەپتىن، ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى، پەلسەپە ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشنى تونۇش، تۇرمۇشنى چۈشىنىش، تۇرمۇشنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى، بەدىئىي ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش لازىم، چۈنكى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىلا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىلمىي يوسۇندا يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. مىللەت دېگەن نېمە؟ مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان تېما مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە قانداق تەسىر پەيدا قىلىدۇ؟ تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ بۇنىڭغا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ئارقىلىقلا توغرا جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنىمۇ ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ.

ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىققا موھتاج بولۇپلا قالماي، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمۇ ئىتتىپاقلىققا موھتاج. مەيلى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ياكى خەنزۇ يازغۇچىلار بولسۇن، مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار ياكى باشقا ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلى بىلەن ئىجاد قىلىدىغان يازغۇچىلار ۋە پېشقەدەم يازغۇچىلار بولسۇن، ھەممىسىگە باپباراۋەر مۇئامىلە قىلىنىشى، ھەممەيلەن ھەمكارلىشىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا بىرلىكتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم.



توختى ئايۇپ

# غۇر-غۇر شامال

(ھېكايە)



تاغ باغرىغا جايلاشقان بۇ قەدىمكى شەھەر «سېرىق دەريا»* نىڭ ئارقىسىدا قالدى. يولغا چىقىشقا ئالدىرىغانلىقتىن، تۈنۈگۈن نەچچە سائەت بېلەتكە ئۆچىرەت تۇرۇپ، بۈگۈن ئەتىگەن ئاپتوبۇس ئىشىكىگە تىقىلىشىپ قالغانلار ئەمدىلىكتە شەھەر سىرتىدىكى بۈك ئورمانلىقلارغا، زاۋۇت تۇرخۇنلىرىغا، قۇياش نۇرىدا كۈمۈش يىپتەك يالتىراپ سوزۇلۇپ ياتقان پويىز رېلىسلىرىغا بىر خىل قىيالماسلىق بىلەن نەزەر سېلىشاتتى. گويا شەھەردە قانداقتۇر بىرەر قىممەتلىك نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئەمدى ئۇ نەرسىنى مۇشۇ مەنزىرىلەر ئارىسىدىن ئىزدەۋاتقاندەك كۆڭلىدە ھامان قانمىغان بىر ئارمان تۇيغۇسى سېزەتتى.

«سېرىق دەريا» — ئاق، يېشىل رەڭلىك، يول-يول سىزىقلىق بۇ سېمىز مەخلۇق ئۆزىنىڭ شۇنچە كېلەڭسىز ۋە يوغانلىقىغا قارىماي، بىر تەرىپى تاغ بىلەن تۇتىشىپ كېتىدىغان يانتۇ ئېدىرلىقنىڭ ئەگرى-بۈگرى يولىدا غارقىراپ ئۇچۇپ باراتتى. ئۇ مۇشۇ يۈرۈشىدە گويا تاغ قاپتىلىدىن ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان كەلكۈننىڭ شىددەتلىك دولقۇنىنى، قوتاندىن قويۇۋېتىلگەن بىر توپ ئاچ كالىنىڭ ياي-

* سېرىق دەريا — خۇاڭخې ماركىلىق ئاپتوموبىل.

لاقىغا قاراپ گۆلدۈرلەپ چېپىشلىرىنى ئەسلەتتى.

شەھەرنىڭ ئەتىگەندىلا باشلىنىدىغان نەپەسنى كۆيدۈرگۈچى قىزىق، تىنجىق ھاۋاسىنى، بەدەنلەردىن تاراۋاتقان قاڭسىق تەر ھىدى بىلەن خۇش بۇي ئەتىر، ئۇپا پۇراقلىرىنى ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان غۇر-غۇر شامال قاياققىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى. تېخى بايىلا دۆملەپ قويۇلغان قاسقاندىكى مانتىدەك بىر-بىرىگە چاپلىشىپ، قىزىق تەردىن پىخسىلدىشىپ كەتكەن يولۇچىلارنىڭ چىدامسىزلارچە زارلىنىشلىرى، ئاھ-ئۇھلىرى، يۈز-كۆزلىرىنى تىنىمسىز يەلپۈشلىرى بېسىقتى. ئاپتوبۇس ئىچى ئەمدى راھەت بەخش سالقىن شامال ۋە يولۇچىلارنىڭ ئەتىگەنگە خاس تېتىكلىكى بىلەن تولدى. ئەي-ھەي ... نەقەدەر راھەتلىك يازنىڭ مۇشۇ غۇر-غۇر شاملى!

ئاپتوبۇستىكى كىشىلەر بىر-بىرىگە يات-ناتونۇش، ئەمما يولنىڭ ئۇزاق ۋە زېرىكىشلىكى، شۇ ۋەجىدىن بىر-بىرىگە تۇغۇلغان تەلەپ ۋە ھاجەتمەنلىك ئۇلارنى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بىرلەشتۈرىدۇ. ياتلار تۇغقانغا، ناتونۇشلار دوست-بۇرادەرلەرگە ئايلىنىدۇ. مانا... ئۇزۇنغا بارمايلا شۇنداق بولدى، دەسلەپتە ياتسىراپ-تارتىنىشىپ، ئورۇندۇقتا قىسىلىپ، قورۇنۇپ ئولتۇرۇشقانلار ئاستا-ئاستا بىر-بىرىگە كۆنۈپ قېلىشتى. كۆزلىرى تونۇشۇش-بىلىشىش ئىستىكى ۋە ھەۋەس، قىزىقىش بىلەن چاقناشقا باشلىدى.

ئەنە ... ئاپتوبۇس ئىشكى يېنىدا — بىرىنچى رەتتىكى ئورۇندۇقتا ئۈسكىلەڭ بۇدۇر چاچلىق، بۇرۇتلۇق، قارىمۇتۇق يىگىت، ئۇنىڭ يېنىدا بالىلىق چوكان. چوكان ياش ھەم كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك دەرىجىدە چىرايلىق. ئۇ قۇچىقىدا نىپىز يۆگەك ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان بوۋىقىنىڭ قىپقىزىل، يۇمران مەڭزىنى ھېلىدىن ھېلىغا سۆيۈپ، ھىدلاپ، ئۆزىنىڭ پەقەت ئانىلارلا ھېس قىلالايدىغان پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىنكى چەكسىز بەختىيارلىقى بىلەن ماختىنىپ ئولتۇرماقتا. ئىككىنچى رەتتە — دېرىزە يېنىدا يېشى قىرىقتىن ئاشقىنىغا قارىماي ياشلىقتىكى گۈزەللىكىنى تېخى يوقاتمىغان، قاشلىرى ئىنچىكە، قوش ئېڭەك، گەۋدىسى تولغان سېمىز ئايال. ئاپتوبۇس ھەر بىر سىلكىنگەندە بويىنىدىكى تىزىق-تىزىق رەڭلىك يوغان مارجانلىرى تېخى تارتىلمىغان ئېگىز كۆكسى ئۈستىدە تىنىمسىز شىرىقلايتتى، گۆشلۈك يۇمشاق بەدىنى خۇددى يېڭى سويۇلغان قوي قۇيرۇقىدەك سىلىق لىغىلدايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كۆزلىرىنى جۈرئەتسىزلىك ۋە تارتىنىش بىلەن پەسكە تىكىپ، ئەتىگەندىن بېرى جىمغىنا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان نېمكەش كۆك تۇجۇركا چاپانلىق، بادام دوپپىلىق، يېشى 45 — 50 لەر چامىسىدىكى دېھقان سۇپەت ئادەم. ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى ئۇستۇرا تەگمىگەن، ئاق ئارىلىغان ساقال-بۇرۇتلىرى كىرپە تىكىنىدەك دىردەيگەن، چىرايى ئۇزۇن كەچمىشلەرنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا كۆيۈپ، قەھرىتان سوغۇقىدا ئۈششۈپ قارايغان. شۇڭا بىر قارىغان ئادەمگە خۇددى چالا كۆيگەن چۆچۈلىدەك كۆرۈمسىز، قاتمال، ئورۇق، تاتىراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھەم ئارقىسىدا يىگىت، قىزلار، بوۋاي، مومايلار، بالىلار،

www.uyghurkitap.com

يەنە ئاللىكىملەر...

ئاپتوبۇس داۋانچىنىڭ ئەتراپىدا پاكار قارىياغاچلار ئۆسكەن ياپيېشىل ئېكىنزارلىقى ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى. ماتور گۈرۈلدەيتتى، سالقىن شامال ئۇچاتتى. پايانسىز دالىنى تىترىتىپ، بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ ياڭراۋاتقان بۇ ئۈزۈلمەس سادا ئىچىدە شۇنداق بىر يارقىن مىلودىيە بار ئىدىكى، ئۇ بىر مەنبەدىن تاراۋاتقان غايەت زور ئېنېرگىيەنىڭ كۈچلۈك ئەكسلىنىشىگە، يۈرەكنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشىدىن ئۇرغۇچىغان قاننىڭ تومۇردىكى شۇۋۇلداشلىرىغا ۋە زېمىننىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتى تىنىقلىرىغا ئوخشايتتى ...

غۇر ـ غۇر شامال، يېشىل دالا يېگىتلەرنىڭ كەيپىنى كۆتۈردى. ئۇلار ئاۋازلىرىنىڭ نەچچە يەردىن ئۇلانغان دۇتار تارىسىدەك غاراڭ ـ غۇرۇڭ ۋە يېقىمسىز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشتى. دەسلەپتە ئالا ـ تاغىل، ئېگىز ـ پەس، كېيىن بىر خىل ئاھاڭغا چۈشۈرۈپ يېقىملىق قىلىپ توۋلاشتى:

كۈچادا ئوتۇن كۆيسە،
ئۇرۇمچىدە تۈتۈنى.
يار دەردىدە قالمىدى
يۈرەكنىڭ ھېچ پۈتۈنى.

ناخشىغا جور بولغۇچىلار كۆپەيدى. ئاپتوبۇس ئىچىنى غۇر ـ غۇر شامال، شادىيانە ناخشا قۇچتى. ناخشىنىڭ ئوتلۇق تەپتى خۇددى مەشتە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ قىزىقىغا ئوخشاش، قىزلارغا ئۆتمەكتە، يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ، تومۇر ـ تومۇرلىرىنى قىزىتماقتا ئىدى. ئۇلار ناخشا ئېيتىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان خۇمارلىق تەلمۈرۈشلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ جىلۋىلىك، نازلىق تەبەسسۇمى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشاتتى. لېكىن چىرايى شۇئان تاڭ قۇياشىنىڭ تۇنجى نۇرلىرى بىلەن سۆيۈشكەن تاغ لالىسىدەك قىزىرىپ، كۆزلىرى ئۇياتچانلىق بىلەن پەسكە ئاغاتتى...

— ئو ـ ئۇش... ئەتىگەندە نېمە دېگەن لاۋزىلىق بۇ؟ — كۇتۇلمىگەندە سېمىز ئايال قاشلىرىنى سىلكىپ، يېگىتلەرگە كايىپ توۋلىدى، — ئەتىگەندە بىسمىللا دەپ يول ماڭغۇلۇق. يول دېگەننىڭ خەتىرى بار، قازاسى بار. ئۇنىڭدىن غېمى يوق كارنىيى يىرتىلغىچە ۋارقىرىغىلى تۇردىغۇ بۇ خەق ... خۇددى بىر يەرگە توي تارتىپ ماڭغاندەك...— مىق ـ مىق، سېمىز ئايالنىڭ تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قەھرىلىك ئەيىبلەشلىرىدىن چۆچۈگەن يولۇچىلار ئۇنىڭغا ئەندىكىپ قاراشتى.

— ھەببەللى ... مانا تاپتىڭلا ئاچا! — بالىلىق چوكاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قارىمۇتۇق يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، كۆزلىرىنى شوخلۇق بىلەن قىسىپ كۈلدى، — بۇ ئاپتوبۇس مەخسۇس توي كۆچۈرۈشكىلا ئىشلىتىلىدۇ. ھازىرمۇ ئۇرۇمچىدىن توي كۆچۈرۈپ كېتىۋاتىمىزدۇق، قارىسىلا مانا ... ھەممىمىز جۈپ ـ جۈپىمىز بىلەن ... ئۆزلىرىمۇ شۇنداق ... ھا ... ھا ... ھا ...!

سېمىز ئايال ئۆككۈپ ـ تاتىرىپ، يېنىدىكى بادام دوپپىلىقتا خۇدۇكسىنىپ قارىدى، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى:

— ئاھ، ئاتامەي ... مۇشۇ ئادەم مېنىڭ جۈپتىممىكىنا تېخى. ھىم! مۇشۇ ئادەم؟ دەۋاتقان گېپىنى قارىمامدىغان بېشى-

نى يەيدىغان قارا زەڭگىنىڭ ... — سېمىز ئايال بادام دوپپىلىقتىن يىرگەنگەندەك قاپاقلىرىنى سوزۇپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ دىرىزە تەرەپكە سىلجىدى. قارىمۇتۇق يىگىت ئايالنى تېخىمۇ خاپا قىلىشقا باشلىدى:

— بوپتۇ ... قاغاۋەرسىلە ئاچا ... ھەرقايسىلىرىدەك خان ئاچىلىرىمنىڭ تويى ئامانئېسەن كۆچۈرۈلىدىغانلا ئىش بولسا، مەندەك قارا زەڭگى بېشىنى يېسىمۇ، ناخشا ئېيتقانلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالسىمۇ مەيلى!

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇمۇ چىگىدەك باش!— ئايال ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، بوينىنى سوزۇپ ھۆرپەيدى، — بىلىپ قوي، مېنىڭ تېخى ئەرگە تېگىدىغان خىيالىم يوق. ۋىيېي!...

— تېخى ئۆزلىرىگە ئەركەك چىۋىننىمۇ قوندۇرمىغان قىز ئىكەنلا ئەمىسە... بۇرۇن بۇنداق خىياللىرى بولمىسا ئەمدى بولۇپ قالار، تەلەيلىرى بارئىكەن جۇمۇسلا ... خۇدايىم ئەتىگەندىلا بۇقا پاتاڭ يىگىتتىن بىرسىنى يانلىرىدا ھەمراھ بولۇشقا نىسىپ قىپتۇ. ئاستا-ئاستا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالامدۇ تېخى، كىم بىلىدۇ؟

قارىمۇتۇق يىگىت خۇدۇكسىنىپ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتكەن بادام دوپپىلىققا «چاقچاق» دېگەن مەنىدە كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئايال ئۇنىڭ قوپال چاقچىقىدىن تېرىكىپ، ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى، ئەمما قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى ئىچىدە ئايالنىڭ نېمىدەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولمايتتى. كۈلكە ئەۋجىدىن كىملەرنىڭدۇر كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلماقتا. كىملەردۇر كۈلكىدىن تىلىقىپ بېقىنىنى تۇتۇپ تولغانماقتا. يولۇچىلار ئىچىدە ھەممىدىن بەك ھۇزۇرلىنىپ كۈلگىنى بادام دوپپىلىق ھېلىقى ئادەم. ئۇ خۇددى بىر لېگەن پاقلان گۆشى يەۋالغاندەك ھۇزۇرلىنىپ، كەڭرى يەلكىسىنى سىلكىپ-سىلكىپ كۈلەتتى. كۈلگەندە كالپۇكلىرىنى يېپىپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن ئۇپراپ كۆتمەكلىشىپ كەتكەن سېرىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

— ئاھ، ئاتامەي... نېمە كۈلسىلا سەتلىشىپ! خۇددى كىشىنىڭ بىر يېرى ئوچۇق قالغاندەك...— ئايال ئۇنىڭ بېقىنىغا جەينىكى بىلەن بىرنى سالدى. بادام دوپپىلىق چۆچۈپ كۈلكىدىن توختاپ، تۈگۈلۈپ جىم بولدى. ئۇ ئەمدى يېنىدىكى بۇ ئايالنىڭ ھەممە ئەيىبلەش ۋە جۆنۈشلىرى ئالدىدا قويىدەك مۆلايىملىشىپ، قۇرتتەك تۈگۈلۈۋېلىشقا، ھەتتا بۇيرۇقلىرىنى بىجانىدىل ئورۇنداشقا تەييار. ئۇنىڭ ھۇزۇرلىنىپ، ئىچ-ئىچىدىن راھەتلىنىپ كۈلگىنى ئەلۋەتتە ئالدىدىكى قارىمۇتۇق يىگىتنىڭ چاقچاقلىرىدىن ئەمەس، ئەكسىچە تېخى ئۇنىڭ ئۇچۇن خاپا. ئۇنى سالقىن شامالدەك سىيپاپ راھەتلەندۈرگەن، لەززەتلىك ئەركىلىتىشتىن سۆيۈندۈرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن كۈلدۈرگەن نەرسە ئەلۋەتتە يېنىدىكى ئايالنىڭ مامۇقتەك يۇمشاق، مىق-مىق بەدىنى ۋە ئۇنىڭدىن ۋۇجۇدىغا تاراۋاتقان ئۆزگىچە ئىسسىق ھارارەت. ۋاھ... خوتۇن خەق دېگەننىڭ مۇنداقلىرىمۇ بولىدىكەن-ھە؟ ئۇ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بەش-ئالتە يىلچە بولغان قەدىناس ئايالىنى ئەسلىگە ئالدى. رەھمەتلىك... تارشىدەك ئورۇق، ئەمما ئىشقا كەلگەندە كاداڭ كالىدەك پىششىق ئايال ئىدى. نەچچە يىل كېسەل تارتىپ ئاخىرى بىر تېرە، بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇستىخان بولۇپ تۈگەپ كەتتى... ئۇلار 20 يىلغا يېقىن ئۆي تۇتقان، بەش پەرزەنت كۆرگەنىدى. 20 يىل... ئۇ نېمىشقىمۇ شۇنچە ئۇزۇن يىللارغىچە، ھەتتا بەش پەرزەنت تاپقىچە ئۇ قەدىناسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن مۇشۇنداق بىر لەززەتنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ھېس قىلمىغان بولغىيدى؟ ئۇنىڭ نەزەرىچە، ئەرلەر پەقەت زۆرۈرىيەت، ئېھتىياج ۋە ئاتا-بوۋىلاردىن قالغان قائىدە-يوسۇن يۈزىسىدىنلا ئايال زاتى بىلەن بىر ئۆيدە ياشىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى. بەش بالىنىڭ قانداق تېپىلىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ نېمىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆزىمۇ تۈزۈكرەك بىر نەرسە بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بىلىدىغىنى پەقەت ئەمگەك — بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ كېلىدىغان ئېتىز ئىشى، ھاشار، تىرىكچىلىك غېمى خالاس. ئۇ ئەتىگەندە تورغاي چۇۋ-چۇۋلىماستىلا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە يىرتىپ ئېچىپ ئېتىزغا بىر چىقىپ كەتكەنچە كەچتە قاش قارايغان چاغدا، ھارغان، ئاچلىقتىن ماغدۇرسىزلانغان ھالدا پۇتلىرىنى ئېغىر سۆرەپ ئۆيگە كېلەتتى. ھويلىدا بولسا بىر بالىسىنى توپىلىق سەيناغا قويۇۋېتىپ، بىر بالىسىنى بۆشۈككە تېڭىپ قويغىنىچە سۇپىرىدا خېمىر يېيىپ ئولتۇرغان ئاغرىقچان، ئاۋاق ئايالى. قەغىش بالىلارنىڭ تېنىمسىز قىرقىراشلىرى... قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان بەدبۇي سېسىق پۇراق... ئەرنىڭ ئۇلار بىلەن ھەپىلەشكىدەك ھالى يوق. ئۇ ئالدىغا كەلگەن ئاشنى ماغدۇرسىزلىقتىن ئالدىغا ئېگىشىپ، مۈگدەپ-مۈگدەپ ئىچىپ تۈگىتەتتى. ئاندىن يېنىغىلا قىڭغىياتتى. بېشىدا قىرىسلاپ تۇرغان كونا سامان تەكىيى، ئاستىدا يىرتىق كىگىز، ئەتراپتا بولسا بالىلارنىڭ قىرقىراشلىرى جىمىققان كەچكى تىمتاسلىق. مانا بۇ، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاراملىق چاغلىرى.

بىچارە ئايال خېلىغىچە بۆشۈك تەۋرىتەتتى. ئاندىن جىن چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا غۇچۇرلىتىپ قاچا-قۇچا يۇيۇشقا باشلايتتى. ئاندىن... ئاندىن... سامان تەكىيي قىرىسلايتتى، ئايالنىڭ ئاجىز، يېنىك ۋە ئۈزۈك-ئۈزۈك نەپەسلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىنى قىچىشتۇرغاندەك بولاتتى، مەھكۇمانە ئىلتىجا... ئېچىغان سۈت، سۈيدۈك ھىدى... ئۇ ئۇيقۇ ئارىلاش گاراڭلىق ئىچىدە يېنىغا ئۆرۈلەتتى. ئايالغا ئىچ ئاغرىتىپ خۇددى ئاجىز، غېرىب بىچارىنىڭ سولغۇن ھالىتىنى كۆرگەندەك ئىچى سىيرىلىپ، ئۇنىڭ باش-كۆزىنى، ئاندىن بەدەنلىرىنى سىيلايتتى. مۇزدەك سوغۇق، تىكەندەك يىرىكلىشىپ كەتكەن قول، كۆسەيدەك قېتىپ قالغان ئەتسىز ئىنچىكە بىلەك، خالتىدەك بوشاپ پەسكە ساڭگىلاپ قالغان ئەمچەك، تاراقشىپ قالغان ئۇششاق، ئەتسىز قوۋۇرغىلار، ئۇنىڭ ئىچىدىن گۈپۈلدەپ ئاڭلىنىۋاتقان كۈچسىز ئاۋاز... ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىپ خۇددى جىمجىتلا ھاياتلىق بىلەن خوشلىشىۋاتقان بىر بەختسىزگە ئۆز جىسمىنىڭ ھاياتلىق كۈچىدىن بىر ئۈلۈش بەرمەكچى بولغاندەك ئۇنى باغرىغا باساتتى...

ئۇنىڭ ئايال زاتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ھەسرەتلىك لەززىتى شۇنچىلىكلا ئىدى. ئەمما بۈگۈن نېمە ئىش؟ ئۇ شۇ تاپتا ۋۇجۇدىدا بۇرۇن ھېچقاچان ھېس قىلمىغان بىر خىل

ئەسەبىي غەلىتە ھېسسىياتىنىڭ قۇترا شلىرىنى،
پەقەت ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەملەردىلا بو-
لىدىغان سەۋرسىز تەشنالىقىنىڭ تومۇرلىرىدا
قان كەبى شۇۋۇلداشلىرىنى سەزمەكتە. «خۇ-
دا ئۆزۈڭ بار ... قېرىغاندا بۇ نېمە ئىش...
نېمە سەۋدا ... قايسى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە-
سى بۇ؟ ... » بادام دوپپىلىق كۆڭلىدە
تاسادىپىي قوزغىلىپ قالغان بۇ خىياللىرى-
دىن قورقۇنچ ۋە تەشۋىشكە چۈشۈپ، ئا-
يالدىن چەتكە سىلجىدى. ئەمما ئايال خۇد-
دى شۇنىلا كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك، ئويۇپ
ئۆلگۈرمىگەن لەڭپۇڭغا ئوخشاش ئۇنىڭ
بېقىنىغا يېپىشىپ كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنى مەس-
خىرە قىلىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈلكە - پاراڭ-
دىن خاپا بولۇپ دۇمسىيىپ، قارىيىپ، تاتى-
رىپ ئولتۇرغىنى بىلەن بەدەنلىرىنىڭ كەڭ-
رىپ قالغان ئورۇندۇقتا يېپىشىپ ئارام تې-
پىپ قالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

بادام دوپپىلىق نومۇسلۇق ھەم لەز-
زەتلىك بۇ شەيتان ۋەسۋەسىدىن خىيالىنى
يىغقاندا كۈلكە ھېلىمۇ داۋاملىشىۋاتاتتى.
ئۇ ئايالغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. راستىقۇ!
ئايالنىڭ دېگەنلىرى توغرىغۇ! دېمىسىمۇ
ئەتىگەندە قۇلاقنى ئاغرىتىپ نېمە ناخشا؟
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا يوللۇق ئايالغا نەدىكى
سەت چاقچاقلارنى قىلىش ياخشى ئەمەس.
شۇڭا بۇ ئايالنىڭ تەرىپىنى ئېلىش، ئۇنى
ھىمايە قىلىش كېرەك. بادام دوپپىلىق گې-
لىنى قىرىپ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ئاۋازى-
نى كۆتۈرۈپ:

— كۈلۈشمەيلى ... بولدى قىلىلى ...
دېمىسىمۇ ھەممىمىز ئەھلى مۇسۇلمان ئادەم،
بىسمىللا دەپ ماڭغاننىڭ يامىنى يوق، —
دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى قانداقتۇر بىر يوشۇ-
رۇن خۇدۇكسىرەش ۋە ئىچكى ھاياجان
ئىچىدە تىترەپ كەتتى. بۇلتۇر قىشتىكى
ساۋات چىقىرىش كۇرسىدا دوسكىدىكى خەت-
لەرنى نېمىدەپ ئوقۇشنى بىلەلمىگەن
ۋاقتىدىكىدەك تەمتىرەپ، دۇدۇقلاپ قالدى.
ئۆمرىدە تۆت ئادەم بار يەردە ئىككى كە-
لىمە سۆزلەپ باقمىغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ
يۈزلىرى كۆيۈپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ
كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئايانچلىق ۋە ھودۇقۇش
ئىچىدىكى غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى نېمىشقى-
دۇر ئەتراپتىكىلەرگە بىر خىل ھەيۋىلىك،
مۇزغا دەرەڭگە ئاتىقاندەك قوپال ئاڭلىنىپ
كەتتى. ئۇلار تەرتىپسىز، ئېگىز - پەس بۇ-
رۇتلىرى بۇرنىنىڭ ئاستىدا دىردىيىپ تۇر-
غان بۇ قاتما چىراي كۆرۈمسىز ئادەمگە
ھېيىقىپ قاراشتى - دە، جىم بولدى.

تالزارلىق ... يوللىرى ئەگرى - بۈگ-
رى تاغ جىلغىسى ...

ماتور گۈرۈلدەيتتى، سالقىن شامال
ئۇچاتتى، ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدا كىملەر-
نىڭدۇر پىخىلداپ كۈلۈشكەن، مەنىلىك
يۆتەلگەن ئاۋازى ...

— ۋىيەي ... ئەجەب قىستىدىغۇ ماۋۇ
ئادەم ... — غودۇڭشىدى ئايال بىر چاغدا
ئورۇندۇققا ساغرىسىنى قېقىپ. بادام دوپپى-
لىق چۆچۈپ يېنىغا قارىدى:

— سىلىنى قىستاپ قويدۇممۇ تۇغقان؟

— ئاھ، ئاتامەي ... ئۆتۈپ - تېشىپ
ئەمدى تۇغقان بولۇپ قالدىلىمۇ ماڭا؟

— يوقسۇ ... يوقسۇ ... ئەمدى دەيمىنا...

— قوپسىلا، باشقا يەرگە بېرىپ ئول-
تۇرسىلا! — ئايال ئۇنى جەينىكىدە چەتكە
ئىتتىردى، — ئادەمگە سېسىق پۇراپ ...

— ئىتتەرمىسىلە، بۇ يەردىن قوپۇرۇ-
ۋەتسىلە نەگە بېرىپ ئولتۇرىمەن؟ قارىسىلا،
ھەممە ئورۇندۇقتا لىققىدە ئادەم.

www.uyghurkitap.com

— مۇشۇ ئىسسىقتا ئادەم شىفىنىڭ كۆڭلەك ئىچىدە چىدىيالمايۋاتسا، تەردە سىپسىپ كەتكىنىنى تۇيىماي، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى گېلىغىچە ئېتىۋالغىنىنى قارىمامدىغان، خۇددى شور كېپىش سەھرالىقتەك.

— دېمىسىلىمۇ شور كېپىش سەھرالىقمەن.

ئايال خۇددى ئۇنى ئەمدى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، باش ـ كۆزىگە سەسكەنگۈچى بىر نەزەردە چەكچىيىپ قارىدى.

— دېھقانمۇ ئۆزلىرى؟

— خوش.

— ۋايىيەي ... دېھقان دېگەننىڭ ئەجەبلا بىر خەق بولىدىغان، زەي ئۆتۈپ كەتكەن كونا تامدەك ...

ئالدىدا ئولتۇرغان بالىلىق چوكان قىزىقسىنىپ، ئايالغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئايال شۇ هامان ئۆزىگە يېقىن ھەمسۆھبەت تاپقاندەك ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

— مېنىڭ سەھرادا ئاتا تەرەپتىن تۇغقان كېلىدىغان بىر شىرەم تۇغقىنىم بولىدىغان، ئۇ بەزەن ـ بەزەندە خۇددى ئېزىپ ـ تېزىپ قالغاندەك مىسسىدە بوسۇغامدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مەنمۇ ۋاي كەل، يۇقىرى ئۆت، دەيمەن. ئۇستىبېشىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ. قاچانلا قارىسام ئۇستى جۇل ـ جۇل، خۇددى ئىت تالىشىۋەتكەن دىۋاندەك ... يىراق بولسىمۇ تۇغقان ئەمەسمۇ ... چىداپ تۇرالماي ئۇستىبېشىنى ئوڭشاپ، تاپقان ـ تۈگكىنىمنى قولتۇقلىتىپ يولغا سالىمەن. بۇ قېتىم يېپيېڭى كىيىم كىيگۈزۈپ كېيىنكى قېتىمدا قارىسام ... ۋاي نېمىسىنى دەي، يۇندىغا ئېغىناپ، تىكەنگە يۇمۇلاپدىكىن ... كۆڭلىكى كىرلىشىپ تېرىدەك تاراقشىپ كەتكەن. ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرى لەپىلدەپ قالغان. «ۋاي ساۋۇر، خوتۇنۇڭ نېمىش قىلىدۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنى يۇيۇپ، يىرتىلغان يەرلىرىنى ياماپ بەرسە نېمە بولىدۇ؟» دەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ كارىۋاتتىن پەگاغا چۈشۈپ، تامغا دۈمبىسىنى سۈركەپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈن ـ زۈۋانسىز ھىجىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ئاچچىقىم كېلىپ: «قوپ ھەي ... ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرمەي كارىۋاتقا، گىلەمنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇر، قارىغىنا، ئاران ئاقارتقان تامنىڭ ھېكىنى چۈشۈرۈۋەتتىڭ» دەپ تۇۋلىسام، نېمە دەيدۇ دېمەملا، «مۇشۇنداق ... يەردە ئولتۇرۇپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن» دەيدۇ. تۇۋۋا ... ئاندىن بىر چاغدا كارىۋاتنىڭ تەگلىرىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، كۆمۈرخانىنىڭ بۇلۇڭلىرىنى تىمىسقىلاپ ئاقتۇرۇشقا باشلايدۇ. زەردەم قايناپ «نېمىش قىلىۋاتىسەن، بىر نەرسە ئوغرىلاي دەۋاتامسەن؟» دەپ تۇۋلىغىلى تۇرىمەن. ئۇ بويىنىنى قىسىپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ: «كىيىپ تاشلىۋەتكەن ئەسكى ـ تۇسكى ئاياغ، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىز يوقمىدۇ؟ بالىنىڭ ئاپىسىغا ئاپىرىپ كىيگۈزۈپ قويسام» دەيدۇ. «ھەي زېدى پەس! ئەمدى كېلىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىڭمۇ؟ قېنى ئېتىزدىن تاپقان ـ تەرگىنىڭ؟» دەپ يەنە چېچىلغىلى تۇرىمەن. ئۇ ئالدىمدا ئەيىبكاردەك قولىنى باغلاپ: «قانداق قىلىمىز ... دېھقانىنىڭ پۇل تاپمىقى تەس» دەپ كۆزىگە ياش ئالىدۇ. «مانا ئەمەسمە تۇت» دەپ ئۆزۈمدىن ئاشقان ئەسكى ـ تۇسكىلەرنى كۆتەرتىپ قويغىلى بولامدۇ، مىڭ دېگەن بىلەن يەنە تۇغقان ـ دە، ساندۇقنى ئاختۇرىمەن، بازارغا يۈگۈرەيمەن. ئۇستىبېشىنى يەنە ئوڭشاپ، خوتۇن ـ

باللىرىغا ئاتاپ ئالغان نەرسىلىرىمنى خۇر-
جۇنىغا تىقىپ يولغا سالىمەن. ئۆتكەن يىلى
كۈزدە تاشباشقا شاخ ئاپىرىپ قايتىشىم،
دەپ هارۋىسىنى هەيدەپ ئۆيىگە كەپتۇ.
قايتاشىدا: «نامرات بولساقمۇ ئۆيىمىزنى بىر
كۆرۈپ كەلسىڭىز، كاۋىلىرىم پىشقان، بالـ
ـنىڭ ئاپىسى خام قوناق بىلەن سېلىپ
بەرسە، يەپ كەتسىڭىز» دەپ بوسۇغامغا
قادىلىپ تۇرۇۋالدى. كاۋا بىلەن خام
قوناق نەدە يوق؟ پۇللا بەرسە بازاردا
تولا نېمە ئۇ. بىراق گەپ يەپ - ئىچىشتە
ئەمەس - تە. ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ هارۋى-
سىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە باردىم. هەي ... نې-
مىسىنى دەي ... ئۇنداق دېسەم تۇغقىنىنىڭ
غەيۋىتىگە چۈشتى بۇ خوتۇن دەپ قالمىسى-
لا، ئىچىم قايناپ سۆزلەپ كەتكىنىم ... بىر
تەرىپى شورلۇققا تۇتىشىدىغان ئېتىزلىقىنىڭ
بېشىدىكى ئۆي ئەسكى مازارلىقتەك چوقچى-
يىپ تۇرۇپتۇ. ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا نە بىر
تۈپ دەرەخ، نە بىر تۈپ گىياھ بولسا! ...
ئېغىل هويلىسىدىلا ئىكەن. ئىشىكىنىڭ ئالدى
قىغ، ئەخلەت، سۈپۈندە ... سېسىمچىلىق ...
ئۆيىگە كىرە - كىرمەيلا كۆڭلۈم چېۋىن
يەۋالغاندەك ئېلىشقىلى تۇردى. ئۆيىگە كىر-
دۇق. تۈكلۈكتىن كىرگەن خىرە - شىرە
يورۇق بولمىغان بولسا، گۆرگە كىردىم دەپ
قالاتتىممىكىن ... يېرىم يالىڭاچ باللىرى
كاڭدىكى يىغىلمىغان ئەسكى - تۈسكىلەر
ئۈستىدە توڭگۇز توپىقى ئوينىشىۋاتقانىكەن،
بىزنى كۆرۈپ گۈلدۈرلىشىپ توغرا تامنىڭ
تۈۋىگە تىقىلىشتى. ئۆيدىكى چاڭ - توزان،
يەنە ئاللىقانداق سېسىمچىلىقتىن گېلىم بو-
غۇلۇپلا قالدى. خوتۇنىنىڭ چاچلىرى سال-
ۋارىغان، كىيىملىرى ساڭگول - سوڭگول ...
پۇتىغا قارىسام تېخى ئىككى ئاي ئىلگىرى
ئېلىپ ئەۋەتكەن 36 يۇەنلىك توپلىنىڭ
سوكىغا دەسسەپ، پاشنىسىنى ئېزىپ ماك-
چايتىۋېتىپتۇ. بىز شەلىك چېغىمىزدا بىر
توپلىنى ئاز دېگەندە بىر ياز كىيىمىز،
ئېسىت دېدىم ئىچىمدە، توپلىنى قانداق
كىيىشنى بىلمىگەندىن كېيىن، پۇتىغا كالا
تېرىسى تارتساڭچۇ!
ئاخشىمى ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلى-
شىپ ياتتۇق. ئېيتىشىچە، كۆتۈرىگە ئالغان
يىگىرمە مو يېرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئون
ئىككى موسىغا بۇغداي تېرىپتىكەن. هېچ-
قانچە هوسۇل ئالالماپتۇ. سەككىز مو يەرگە
كېۋەز تېرىدىم دېۋىدى، ئەتىسى ئەتىگەندە
چىقىپ كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قال-
دىم. كېۋەزلىكنى پۇتۇنلەي ياۋا ئوت - چۆپ
بېسىپ كېتىپتۇ. مەن خۇددى ئاشۇ ياۋا
ئوت - چۆپلەر بەدىنىمنى چىرمىۋالغاندەك
بىئارام بولۇپ:
— ئوتنى ۋاقتىدا ئوتىۋەتكەن بولساڭ-
لار بولمامدۇ ساۋۇر، پاختىدىن خېلىلا پۇل-
لۇق بولۇپ قالاتتىڭلار، — دېدىم. ئۇ
ئەرەڭشىمىگەن هالدا:
— يېتىشەلمىدۇق ... — دەپ جاۋاب
بەردى. مەن ئۇنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا
كۆز سېلىپ:
— هازىرلا كۆچۈپ كېتىدىغاندەك
ئولتۇرۇپسىلەر. يا باغ قىلماپسىلەر، يا بىرەر
تۈپ دەرەخ تىكمەپسىلەر، — دېسەم، ئۇ
گەدىنىنى تاتىلاپ:
— بۇ يەرنىڭ يېرى زەي، دەرەخ
تۇتمايدۇ ئەمەسمۇ ... — دەيدۇ قارىسىلا. بىز
ئېتىزلىقتىن يېنىپ هويلىغا كىردۇق.
— هويلا ئارامىڭ خېلە كەڭرىكەن،
توخۇ - تۇمان قىلمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورى-
دىم. ئۇ بىر قىسما سەت هىجىيىپ بۇندى-

www.uyghurkitap.com

غىمۇ سەۋەب كۆرسەتتى:

— قىلالىغۇ دېگەن. بىراق، بىزنىڭ خوتۇن توخۇغا بەك ئۆچكەن، ھويلىدىنى پاسكىنا قىلىۋېتىدۇ دەپ...

— دۇنيادا بىرلا ئېشىشكىلىك بار ئىكەن، — دېدىم يەنە ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، — كالا، قويىغۇ قىلماپسەن، بىرەر ئىنەك قىلىپ قويغان بولساڭ سۈت ـ قايمىقىنى ئىچىپ، ئېشىنغىنىنى ساتساڭلارمۇ...

گېپىم تۈگە ـ تۈگىمەيلا ئۇ:

— مۇشۇ كۈندە ئوت ـ سامان يېپىتىشمەي ئېشەكنى ئاران بېقىۋاتساق... — دېمەسىمۇ، ئاغزىغا تەپكۈم كەلدى.

— ئەمىسە رودوپايلىقىڭدىن نومۇس قىلمىساڭ، مۇشۇنداق پىتقا تالىنىپ ياشاۋەر! — دېدىم مەن زەردەم تېشىپ. ئۆيگە كىرسەم خوتۇنى يوغان تەڭلىدە لىققىدە خېمىر يوغۇرۇۋاتقانىكەن.

— نان ياقامسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— لەگمەنگە تەمشىلىۋىدىم... — دېدى ئۇ بۇرنىنى تارتىپ. ئۇندىمىدىم. شۇنچىۋالا جىق خېمىرنىڭ لەگمىنىنى كىم يەپ تۈگىتەر، دەيمەن ئىچىمدە. بىر چاغدا ئۇ ساۋۇرنى قازناق ئۆيگە شەرەتلەپ ئەكىرىپ كەتتى. ئىشكىنى يېپىپ قويغىنى بىلەن نېمە دېيىشكىنىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىمەن. بىر چاغدا ئايالىنىڭ ساۋۇرغا:

— قوشنىلارنىڭكىگە توخۇمىغا چىقىپ باقسىلا بوپتىكەن، — دېگەن پىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نېمە قىلىسەن توخۇمنى؟ — دېدى ساۋۇر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— نېمە قىلىسەن دەيدىسىيا، سەينى قورۇقلا قورۇيمىزمۇ؟ — دېدى ئايالى.

ساۋۇرنىڭ غودۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— چىقىۋېرىمەنمۇ خەقنىڭكىگە؟ ئەمدى ئۆزۈڭ چىق.

— قولۇم خېمىردا تۇرسا، — دېدى ئايالى ئەمدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بوپتۇ ئەمىسە، بەش موچەن پۇل بەرسىلە، ئىككى ـ ئۈچ توخۇم تېپىپ كىرەي.

— قايسى پۇلنى؟ تۈۋا... پۇل دەيسىنا... — دېدى ساۋۇر.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟ — دەپ تۈۋلىدى ئايالى.

— باردا ئېتىۋەرمەمسەن! — دېدى ساۋۇر ئۇنىڭدىن بەتتەر ھۆركىرەپ. شۇ چاغدا نېمىدۇر بىر نېمە تاراڭشىپ ئۆرۈلدى، ئاندىن ئايالىنىڭ ئاچچىق كوتۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋىييەي... تۇغقان مېنىڭ ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ... سەت بولسا ئەمىسە...

كۈن چۈشكە ئاز قالغان. قورسىقىم ئېچىپ ھالىمدىن كېتىۋاتاتتىم. ئالدىمغا نېمىلا قويسا مەيلى، بىر ـ ئىككى چىشلەم يەپلا بۇ يەردىن تېزرەك يوقالسام دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا ئالدىرىغىنىمدىن:

— ساۋۇر، بولمامسەن، قازىنىڭغا كاۋا بولسىمۇ سال. مەن ئالدىرايمەن، — دېدىم. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن قازناق ئۆيدىن قىزىرىپ ـ تاتىرىپ چىقىپ كەلدى.

— بىزنىڭ خوتۇن... — دېدى ساۋۇر قوللىرىنى ئىشقىلاپ.

— رەھمەت... لەگمەنگىچە ئولتۇرالمايمەن، — دېدىم مەن ھېچ نېمىنى ئاڭلىمىغان بولۇپ.

— ماقۇل... ماقۇل... مانا ھازىرلا... — دېدى ساۋۇر. ئۇ پايپاسلاپ چىقىپ كېتىپ

نەدىندۇر ئۈچ-تۆت تۇخۇم تېپىپ ئەكىردىپتۇ. نېمە دېگىلى بولىدۇ؟ شۇنداق قىلىپ لەگمەنگە تۇتۇش قىلدۇق. ساۋۇر ئوچاق ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ پوزمالىنى ھەدەپ ئوچاققا تىقاتتى. ھايال ئۆتمەي ئۆي ئىچى ئاچچىق ئىس-دۈت بىلەن تولدى. پېشىنگە يېقىن ئاشنى تەييار قىلدۇق. ئالدىمدا بىر قاچا ئاش... يېمەي دېسەم ئاشقا گۇناھ قويغانلىق بولىدۇ. ئىش قىلىپ بىر ئامالار بىلەن يەپ تۈگەتتىم. ئۇ چاغدا ساۋۇر ئوچاق ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە يوغان كاسا تاۋاققا لىق قىلىپ راسلانغان ئىككىنچى قاچا ئاشنى يەۋاتاتتى. ئۇ ئاشنى تېزلا سۈمۈرۈپ يالاپ تۈگىتىپ، قاچىنى خوتۇنىغا ئۇزاتتى. خوتۇنى ئۈن-تىنسىز يەنە چۆپنى بۇرۇنقىدەك لىققىدە راسلاپ ئۈستىگە سەي قۇيۇپ ساۋۇرغا ئۇزاتتى. ھەيرانلىقىمدىن ئورنۇمدا داڭ قېتىپ، ئۇنىڭ ئاشنى قانداق يېيىشىگە قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن كالىدەك ئاشنى چايناپ-چايناي غورتۇلدىتىپ يەۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈم ئوغۇپ، يېگەن ئېشىمنى ياندۇرۇۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران-ئاران بېسىپ ئولتۇرىمەن. ئۇ ئۈچىنچى قاچا ئاشنىمۇ سىيرىپ-سۈپۈرۈپ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە يەپ تۈگەتتى. يائاللا... ئۇنىڭ ئېغىزىدىن پۈتىنىڭ ئۇچىغىچە قورساقمىدۇ... لىققىدە بىر داس كېلىدىغان چۆپ ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ نەرىگە پاتقاندۇ دەيمەن. ئۇ ئاشنى يەپ بولۇپ قاچىسىنى يەنە ئۇزاتمامدۇ...

— ۋاي توۋا... ئۇنداقمۇ قىلمىغاندۇ... — دېدى ئايالنىڭ ھېكايىسىنى جىم-جىت تىڭشاپ ئولتۇرغان بالىلىق چوكان ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ھالدا، ئەمما قىزىقسىنغىنىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— نېمە دەيدىغانلا... ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام، يالغان سۆزلەيتتىممۇ مەن؟ — دېدى سېمىز ئايال كەسكىن بىر ھالدا، — مەن بايا دېدىمغۇ، دېھقان دېگەن ئەجەبلا بىر خەق دەپ...

— ھە... ھە... — بالىلىق چوكان كۆزىدىكى ياشنى قولياغلىقى بىلەن يېنىك سۈرتۈپ قويدى.

— نەگە كېلىۋىدىم خۇدايىم... — سېمىز ئايال ئاز دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — ھە... شۇنداق قىلىپ قاچىسىنى يەنە ئۇزاتماسمۇ...

— يەمىلا؟ — دەپ سورىدى ئايالى ئۇنىڭ قولىدىن قاچىنى ئېلىۋېتىپ.

— ئازراق، — دېدى ساۋۇر بىرنى كېكىرىپ قويۇپ.

مەن قورققىنىمدىن سەكرەپ پەگاغا چۈشۈپ ۋارقىرىدىم:

— يائاللا ساۋۇر...! بىزگە ئۆلۈپ بېرەي دەمسەن بۈگۈن! ئەمدى قورسىقىڭ يېرىلىپ كېتىدۇ... ئېشىڭ ئارتىپ كېتىدۇ...! — مەن بېرىپ قاچىنى تارتىۋالدىم، — بولدى، ئاش بەرمەڭ ئەمدى! — دېدىم مەن خوتۇنىغا. مەن شۇ كۈنى يولدا كېلىۋېتىپمۇ، ئۆيگە كېلىپمۇ نەچچە كۈن ئاشۇلار توغرۇلۇق ئويلىنىپ كەتتىم. جان دېگەننى جان ئېتىشنى بىلمىسە ئالتە ئېشەككە يۈك نېمە. قىلىقىدا يوق، ئېتىكىدە يوق، ئېرى بىر ئولتۇرۇشىدا ئۈچ قاچا ئاشنى يالماپ يۇتسا، خوتۇنى لالىقىنى يېيىپ بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەپ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرسا، ھېلىمۇ بىز ئادەم بولدۇق، ئۆي تۇتتۇق، بالا تاپتۇق دەپ يۈرۈپتۇ شۇ خەق. مەن خوتۇن كىشى

جىنىمدا ئىچىم قايناپ بولالماي كەتتىم. نىمە تەس؟ ... ئەتىيازلىقى بادىرىدىن بەشئونىنى ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئېرىق بويلىرىغا سانجىپ قويسا، ئۈچ ـ تۆت يىلدا باراقسانلاپ يوغان سۆگەت بولىدۇ. يازلىقى ئاستىغا كىگىز سېلىپ پىژغىرىم ئىسسىقتا سايدىسىمۇ ھېساب. دانىنى پۇلغا سېتىۋالمىغاندىن كېيىن، بىرەر مىكيان بېقىپ ئون ـ يىگىرمە تۇخۇم باستۇرۇپ بەرسە ھەممىسات ئۆتمەي بىر سەينا توخۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا ھېلىقىدەك ئۈچ ـ تۆت تۇخۇمغا زار بولۇپ خەقنىڭ ئىشىكىگە سارغىيىپ بارمايدۇ. مەن ناۋادا يېزىدا بولۇپ قالىدىغان بولسام باغ قىلاتتىم، توخۇ فېرمىسى قۇراتتىم، قوي بوردايتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن نىمە كېتىدۇ؟ سەھەر قوپۇپ كەچ يېتىپ، پۇت ـ قولنى يېنىك قىلسىلا بولىدۇ. يېزىدا نىمە كۆپ؟ يەر، سۇ، يەمخەشەك، ئوت ـ بوغۇز ... بۇنىڭ بىلەن نى ـ نى ئىشلارنى قىلغىلى بولمامدۇ؟ نوموس قىلماي بىر ئېشەكنى باقالمايۋاتساق دەيدۇ تېخى. تۇۋا ... شۇڭا دەيمەنچۇ، بۇ دېھقان خەق دېگەن ...

ئايالنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت سوكۇت ئىچىدە ئاڭلاپ ئولتۇرغان بادام دوپپىلىق ئاستا قىمىرلاپ قويدى. بېشىنى كۆتۈردى:

— سۆزلىرىڭىز توغرا ... شۇنداقتىمۇ دېھقانىنىڭ ھەممىسىلا ساۋۇر ئاخۇنىدەك بولۇۋەرمەيدۇ ...

— ئاھ، ئاتامەي، — ئايال خۇددى تىكەنگە ئولتۇرۇۋالغاندەك جايىدىن شوخشۇپ ئۇنىڭغا زەردە بىلەن گۈلەيدى، — چوڭ سۆزلىمىسىلە، ئۆزلىرىچۇ؟ ئۇستىباشلىرىغا بىر قاراپ باقسىلا، ياغقا مىلىنىپ چىققان جۇۋازچىدەك ... دېھقانىمەن دەيلا، ئىشىنىڭ تازا قاتىلاڭچىلىقىدا ئېتىزنى تاشلاپ شەمۇشە ئويناپ يۈرگۈدەك نىمە ھال سىلىگە؟

بادام دوپپىلىق ئايالنىڭ نەشتەردەك زەھەرلىك سۆزلىرىگە چىدىيالمىغاندەك تولغىنىپ، ئۇنىڭغا ئۈنسىز ئالىيىپ چەكچىيىپ قويۇپ جىم بولدى.

— سىلىچۇ؟ خەقنى مەسخىرە قىلغانلىرى بىلەن ئۆزلىرىمۇ ئۈرۈمچىگە ئوينايمەن، كۆڭۈل ئاچىمەن دەپ بارغانلا، — ئايال بىلەن ئەتەي چېقىشتى قارىسۇتۇق يىگىت.

— ئاھ، ئاتامەي ... — ئايال قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، بويىنىنى قېقىپ قويدى، — بۇ ياشقا كەلگەندە ماڭا نىمە ئويۇن؟ ئويۇن دېگەننىچۇ، ھېچ نىمىدىن غېمى يوق سەندەك توكى چۈشمىگەن سويىملار ئوينايدۇ. مەن بارسام قىزىمنى كۆرگىلى باردىم.

— ھە ... ھېلىقى ... بېكەتتىكى ... سىلى بىلەن يىغلاپ خوشلاشقان چوكان ... شۇ سىلىنىڭ قىزلىرىمۇ؟ — سورىدى بالىلىق چوكان.

— ھەئە ... شۇ، قىز بالا دېگەننىڭ دەردى ... — ئايال يېنىك ئۇھ تارتتى، — ئۈزاقى يىلى ئۈرۈمچىدىن كەپتۇ دەپ خۇددى پاخما باش خورازدەك سەت بىر نىمىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. ۋاي ئۆلەي ... ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن نەدىكى بىر ياقا يۇرتلۇقنى تاپمىساڭمۇ، بىزنىڭ شەدە ئەر تېپىلماسمىدى ساڭا، دەپ ۋارقىرىدىم، كايىدىم. ئۇ ساقلانىدى گەپ تانىشىپ مەن بىلەن تەڭ تۇرىدۇ تېخى. قورسىقىم كۆپۈپ تىللىدىم، قۇلاقلىرىنى يۇلدۇم. قىز بالا دېگەننىڭ ئەر خۇمارى تۇتۇپ قالسا ئاتا ـ ئانا دېگەنمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان چېغى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆيگە سولاپ، ئىشىككە ئاتىنىڭ كالىسىدەك قۇلۇپا

سېلىپ بازارغا چىقىپ كېتىپ، چۈشتە كىرسەم ئۆيدە يوق. دېرىزىنىڭ بىر كۆزىنىكىنى چېقىپ قېچىپتۇ. بىر ھەپتە ئىزدىدىم، قارىسام ئاسماندىمۇ يوق، يەردىمۇ يوق. ئاخىرى بولالماي ساقچىغا خەۋەر قىلدىم. بىر قېرى ساقچى ئولتۇرۇپتىكەن، ناله-پەريادلىرىمنى پىسەنتىگە ئالماي كۈلۈپ قويۇپ نېمە دەيدۇ دېمەملا، ئادەمنىڭ جېنىنى چىقىرىپ، نەدىكى چاقچاقلارنى قىلىپ، بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق ئەركىن مۇھەببەتنىڭ شېرىن ئاي سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ، ھازىرچە ئۇلارنى ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇلار ئۆز مەنزىلىگە يەتكەن چاغدا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ نەدىلىكىنى سىلىگە خەۋەر قىلىدۇ، دېمەسمۇ... ئاچچىقىمدا ساقچىنى مىڭنى تىللاپ يېنىپ چىقتىم. ساقچىنىڭ «مەنزىل» دېگىنى نەكىن؟ بىلگەن بولسام شۇ يەرگە بېرىپلا ئۇ لالما قانجۇقنى چېچىدىن سۆرىگىنىچە ياندۇرۇپ كېلەتتىم جۇمۇسلا. دېگەندەك ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن خېتى كەلدى. ھېلىقى پاخما باش كۆمۈر كاندا ئىشچى ئىمىش. ئىدارىسىدىن ئىگە بولۇپ ئىككىسىنىڭ توي مەرىكىسىنى قىلىپ قويغانىمىش. بۇنى ئاڭلاپ يىغلىدىم، قاقشىدىم، قورساق كۆپىدىكىمدىن ئاچچىق يۇتۇپ بىر ئاي كېسەل بولۇپ ياتتىم. خەت دېگەن ساماندەك ئۇچۇپ كەلگىلى تۇردى. ھەر قېتىمقىسىدا «بىر كەلسىلە» دېگەنلا گەپ. بارىدىغانغا بىكاردىن قالغان پۇتۇم بارمىدى؟ بۇتىناپ ئىككى ئىلىك خەتمۇ ئەۋەتمىدىم. ئەستا...— ئايال نېمىدىندۇر ئوڭايسىزلانغاندەك سەل تۇرۇۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى، — بۇ ئەتىيازدىزە قانچە قىلغىنىم بىلەن بارماي ئامال بولمىدى، قىزىم خېتىدە «ئاي كۈنۈم يېقىنلاپ قالدى، بىر كەلسىڭىز» دەپ يېزىپتۇ.

نېمىلا دېگەنبىلەن يۈرەكنى يېرىپ چىققان بالا ئەمەسمۇ، چىدىمىدىم، ئاخىرى بولالماي قائىدىسىنى ئۇبدان قىلىپ باردىم. مەن بارغىچە قىزىم دوختۇرخانىدا بوشىنىپ، ئۆيىگە چىقىپ بولغانىكەن. بارسام پاقلاندەك ئوغۇل تۇغۇپ، ئۆزىمۇ تولەپ-سەمىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىسى كۆزۈمگە ئالۋاستىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ساقلاندىسىنىڭ تاتلىقلىقى، چىرايلىقلىقى... قىزىم دېگەن لالما قانجۇقنى ئەرگە تەگكەنگە تويغۇزۇۋېتىمەن، دەپ قورسىقىمغا بىر تاغار گەپ قاچىلاپ بارغان، نەدىكىنى... نەۋرەم بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇ گېپىمنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن. ھېلىقى پاخما باش دەسلىپىدە كۆزۈمگە بەئەينى مۇردىن قېچىپ چىققان ئوغرى مۈشۈكتەكلا كۆرۈنۈپ كەتكەن، ئاستا-ئاستا زەن سېلىپ قاراپ باقسام تەقتى-تۇرقى راۋۇرۇس، خېلى ئادەمگەرچىلىكى بار تۇزۇكلا نېمىكەن. «ۋاي ئانا، يېسىلە، باقسىلا، تۆرگە چىقىپ ئولتۇرسىلا» دەپ ئالدىمدا قول باغلاپ، پايپېتەك بولۇپ يۈرىدۇ. ئۈرۈمچى تەرەپلەردە ئات چېپىپ، بۆشۈك تويى دېگەنلەرنى خۇددى يىگىت ئۆيلەپ، قىز چىقارغاندەك كاتتا مەرىكە بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇنى تۈگىتىپ قايتاي دەپ تەرەددۇتلىنىپ تۇرسام قىزىم بىلەن كۈيئوغلۇم ئالدىمنى توسۇپ، يالۋۇرۇپ: «قېشىمىزدا تۇرۇپ بەرسىلە نېمە بولىدۇ؟ مانا ئۆي، مانا گۆش، ياغ... بالمىزنى بېقىپ بەرسۇن، ئاش-تامىقىمىزنى ئېتىپ بەرسۇن دېمەيمىز، كۈندە بەش ۋاق نامازلىرىنى ئوقۇپ، ئۆيىنى بېقىپ ئولتۇرۇپ بەرسىلە، ساۋابى سىلىگىمۇ، بىزگىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ، يۇرتقا بارسىلىمۇ شۇ... نېمە

www.uyghurkitap.com

قىلىلا يالغۇز جانلىرىغا باققالىلىق قىلىمەن دەپ جاپا تارتىپ...» دەپ تۇرۇۋالماسمۇ... يۈز كېلەلمەي ماقۇل دېدىم. يېگىنىم ئالدىمدا، يېمىگىنىم كەينىمدە... شۇنداقتىمۇ ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ مىدىراپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەمگە بىكار يېتىپ يېگەن ئاشنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن دەيلا، نامىزىمنى ئوقۇيمەن، يەيمەن ـ ئىچىمەن، ئۇخلايمەن، ئىش ـ ئەمەلىم ماناشۇ. بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئىت بولۇپ كەتتىم. مۇڭدىشاي دەپ تالاغا چىقسام مەن بىلەن مۇڭداشقۇدەك قوشنىسى يوق. ئۆيدە ھېلىقى تېلېۋىـزور دېگەن نېمە... ئىچىدىكى ئادەملەر ئالدىمىزدا ئادەم بار دېمەي سۆيۈشۈپ، يالىشىپ... سەت قىلىق قىلىپ... ۋاي ئۇنى دېمەيلا قوياي... ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاجەتخانىنىڭ ئۆيدىلىكى، كۆيئوغلۇمدىن تارتىنىپ دوۋۇسۇنۇم چىققىلىپ بۆرەك كېسىلى بولۇپ قالغىلى تاسلا قالدىم. يۇرتتىكى ۋاقتىمدا بەش ۋاق نامازنى تاشلىمايدىغان خېلى ئىمانى دۇرۇس خوتۇن ئىدىم. تەرەت ئالدىغان يەر بولمىغاندىن كېيىن نامازدىنمۇ قالدىم. ۋىيەي... قويسىلا، نېمىلا دېگەنبىلەن يەنە ئۆز ئۆيۈم ياخشىكەن. شۇڭا بۇ قېتىم ـ زە ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي يۇرتقا قايتىپ مېڭىشىم...

— باققالمۇ ئۆزلىرى؟ — سورىدى قارىمۇتۇق يىگىت.

— ئەمدى تىرىكچىلىك...

— شۇڭىزە قۇشقاچتەك چۇۋۇلداپ سۆزلەپلا تۇرىدىكەنلا ـ دە.

— ئاھ، ئاتامەي... ماۋۇ ئادەمدەك پۇشۇلداپ ئولتۇرسام بولامتى ئەمىسە؟

ئۇلار يەنە نېمىلەرنى دېيىشەتتىكىن؟ چوكاننىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاقنىڭ يۆگەك ئىچىدە بىردىنلا تېپىرلاپ، ئىڭەلەپ يىغلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئۈزۈلدى. چوكان كۆكرەك پۈرمىلىك نېپىز كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ، يىگىت تەرەپكە توغرىلىنىپ بوۋاقنى ئېمىتىشكە كىرىشتى. ئەمما بوۋاق ئەمچەكنى بىر ـ ئىككى شوراپلا يەنە تېپىرلاپ، قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

— سۈتكە زورلىمىسىلا، بالا ئۇسساپتۇ، — دېدى سېمىز ئايال. چوكان بوۋاقنى پەپىلەۋېتىپ ئېرىنى نوقۇدى:

— تېز بولۇڭ، ھېلىقى چاي ئالغان بوتۇلكىنى...

قارىمۇتۇق يىگىت يېنىدىكى سومكىنىڭ سېرىتمىسىنى ئېچىپ ئىچىنى خېلىغىچە مالتىلىدى.

— يوق تۇرىدۇ، ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمايمىز مۇ؟

— ۋىيەي، كالىڭىز نەدە سىزنىڭ، ئەمدى نەدىن چاي تاپارمىز بۇ يولدا؟

— غەم قىلماڭلار، مانا چاي، — سېمىز ئايال سومكىسىدىن يوغان باكلاشكىنى سۇغۇرۇپ ئالدى، — قاچاڭلار بارمۇ؟

— بار، مانا... — قارىمۇتۇق يىگىت ئالدىراپ كىلىيونكا خالتىغا ئوراقلىق سوسكىنى ئالدى.

بوۋاق لىققىدە چاي قۇيۇلغان سوسكىنى چوڭ ـ چوڭ شوراپ ئەممەكتە. ئۇنىڭ بايا يىغىدىن پۈرۈشكەن، چىڭقىلىشتىن كۆپۈپ كۆكەرگەن چىرايى ئەسلىدىكى خۇددى تولۇن ئاي پارچىسىدەك چىرايلىق، شەپەق قىزىللىقىدەك ئوماقلىقىغا قايتقان. قارىمۇتۇق يىگىت ئەتىگەندىن بېرى سېمىز ئايالنىڭ چىشىغا تېگىپ ئۇنى كايىتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن خىجىل بولغانىدەك، ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى ـ دە، جىم بولدى.

پايانسىز تاقىر سايلىق، قۇياش ئۆرلە-

گەنسىرى يول چىتىدىكى شىغىل تاشلار خۇددى يىلىنجاۋاتقان چوغدەك جىمىرلايتتى، يىراقتا يالىلداۋاتقان ئالىۋۇن گويا يامراپ كېلىۋاتقان تاغ سۈيىدەك كۆرۈنەتتى. يول چىتىدە ئاندا-ساندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان پاكار قۇمۇشلار يىگىلەپ، ياپراقلىرى دىردىيىپ قالغان. گىياھسىز چۆل قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ قىزىق تەپتىدىن ھالسىزلىنىپ ئېغىر ھاسرايتتى. بىر چاغدا تاقىر سايلىقنىڭ گىرىمسەن جىمىرلاشلىرى ئىچىدە يىراقتا توقسۇننىڭ بۆك دەرەخزارلىقى قارىيىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى، يولۇچىلار جانلىنىشتى. بىرلىرى ئالدىغا بويۇنداپ قارىدى. بىرلىرى قۇرىغان لەۋلىرىنى سەۋرسىزلىك بىلەن يالاپ قويدى. شۇ ئارىدا توساتتىنلا سىيمىز ئايالنىڭ سول قۇلىقىنى تۇتۇپ، ئاھ — ۋاھلىغان، ئەنسىز جاۋىلىدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاي ئاللا ... قانداق قىلاي؟ بىر پاي ھالقام يوق!

ئۇ تار ئورۇندۇق ئارىسىدا ئىنجىقلاپ، كېلەڭسىز گەۋدىسىنى تەستە چۆرۈپ، گاھ ئورۇندۇق ئاستىغا، گاھ ئۇياق-بۇياققا ئەنسىزلىك ئىچىدە قارىماقتا، يەردىكى گازىر، خۇاسىڭ شۆپۈكلىرىنى ماللىماقتا ...

— ئالتۇنمىدى؟ — ئايال بىلەن تەڭ ئۇياق-بۇياققا قاراۋېتىپ ھودۇققاندەك سورىدى بادام دوپپىلىق. ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇددى ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك چەكچىيىپ قارىدى:

— ئالتۇن! ئالتۇن بولماي ... ! قۇلىقىغا ئىككى كويلۇق جا ھالقا سېلىپ داملاپ يۈرىدىغان ساپ-ساپچى خوتۇن دەپ ئويلىغانمىدىلە مېنى؟ ھەممىسى سىلىنىڭ كاساپەتلىرى ... نېرى قوپسىلا ئادەمگە تاقاشماي!

— مەن ... ؟ — بادام دوپپىلىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ھاڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، — سىلىنىڭ كاساپەتلىرى دەيلىغۇ توغقان؟

— ئەمىسچۇ؟ ... خەپ، ئەتىگەندىلا سول قاپىقىم تارتقان، — ئايال خۇددى يىغلىۋېتىدىغاندەك قىزىشىپ سۆزلىمەكتە. ئېڭەك گۆشلىرى ئەلەمدىن تىترىمەكتە.

— قۇلاقلىرىدىن بىر پاي ھالقا چۈشۈپ قالغىچە تۇيماي ئولتۇردىلىمۇ ئاچا؟ — قارىمۇتۇق يىگىت ئېچىنىش ۋە چاقچاق ئارىلاش دېدى، — ھەقىچان ئۇنى سىلىگە كۆزى چۈشكەن بىرەرسى چاقچاق قىلىپ ئېلىۋالغان گەپ. غەم قىلمىسىلا ... سىلىنى يىغلىتىپ، قاقشىتىپ، يالۋۇرغۇزۇپ ئاندىن قوللىرىغا تۇتقۇزمىسا مانا مەن!

— گەپنى تولا چاقچاققا بۇرىماڭ ئۇكا! — بادام دوپپىلىق ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەردە گۆلىيىپ قارىدى، ئاندىن يېنىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي دۈمسىيىپ ئولتۇرغان ئايالغا بۇرۇلدى، — ياخشىراق قاراپ باقسىلا، چىقىپ قالار.

ئاپتوبۇس ھايال ئۆتمەي توقسۇننىڭ ھاۋالىق، ياپيېشىل بۆك باراقسان دەرەخزارلىقى ئىچىگە كىرىپ كەلدى، كىشىلەر ئايالنىڭ يوقاپ كەتكەن ئالتۇن ھالقىسىنى تېزلا ئۇنتۇشتى. ئۇلار قايسى ئاشخانىنىڭ تامىقىنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا بەس-بەس بىلەن تالىشىۋاتقان چاغدا، ئاپتوبۇس سوزۇپ سىگنال بېرىپ، ئاستا-ئاستا ئېغاڭلاپ، بېكەت ئىچىگە كىرىپ توختىدى.

— تاماق ۋاقتى يېرىم سائەت! — جاكارلىدى ياش شوپۇر كەبىنكىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ. يولۇچىلار سومكى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىرىنى، چاپان ـ چۆرىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئالدىراپ پەسكە چۈشۈشتى. شوپۇر كەينىكە ئەينەكنى ئالدىرىماي سۈرتتى. قولنى يۇدى، ئۇ ئاپتوبۇس ئىچىدە ئۆزى يالغۇز دۈمسىيىپ ئولتۇرغان ئايالغا تۇۋلىدى:

— چۈشۈپ تاماق يېمەملا ئاچا؟

— تاۋىم يوق ئۇكام.

— نەلىرى ئاغرىپ تۇرىدۇ؟

— يولدا كېلىۋېتىپ بىر پاي ھالقامنى يوقىتىپ قويدۇم. شۇ خاپىچىلىق...

— يانلىرىدىكى بىرەرسى ئوغرىلىۋالمىغاندۇ؟ ئوبدان ئەسلەپ باقسىلا.

— شۇنداقمۇ قىلغانمىدۇ، ئۇكام؟ — ئايال خۇددى يوقالغان ھالقىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلگەندەك جانلىنىپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ گويا سودىسى يۈرۈشمەي قالغان سودىگەرنىڭ تاسادىپىي تىجارەتتە يول تېپىپ قالغان چاغلىرىدا خۇشال بولغىنىدەك، ئادەتتىن تاشقىرى سۆيۈنۈش ئىچىدە شوپۇرغا قارىدى.

— ھېچ نېمە دەپ بولمايدۇ... ئاپتوبۇسقا قارىسىلا ھەممىسى يولۇچى، ئەمما ئۇلارنىڭ قايسىسى توغرى، قايسىسى ئوغرى كىم بىلىدۇ؟

شوپۇرنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان بۇ سۆزى ھەممە جېدەل ـ ماجرانىڭ تېرىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

يولۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بادام دوپپىلىق ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇ قارا سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، قولىدىكى ئىككى قوغۇنىنىڭ بىرىنى ئورۇندۇق ئاستىغا قويۇپ، بىرىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئايالغا:

— قارىسام تاماقىمۇ چۈشمىدىلە، تىلىپ بېرەي، قوغۇن يېسىلە، — دېدى.

— رەھمەت... قوغۇنلىرىنى ئۆزلىرى يېسىلە، ئەڭ ياخشىسى ھالقامنى بېرىۋەتسىلە چىرايلىقچە...

— ھالقامنى؟ — بادام دوپپىلىقنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — نېمە دەۋاتىلا تۇغقان؟

— ھالقامنى دەۋاتىمەن.

— نەدە كۆرۈپتىمەن ھالقىلىرىنىمەن؟

— گەپ يورغىلاتمىسىلا، سىلە ئېلىۋالغان شۇ!... بولمىسا، ئەتىگەندە ئاپتوبۇسقا چىققاندا قۇلىقىمدا بار ھالقىنى جىن ئوغرىلاپ كېتەمدۇ بىر دەمدە؟

— خۇدايا توۋا! — بادام دوپپىلىق ياقىسىنى تۇتتى، — ئوغرىلىغان بولسام ئاختۇرسىلا مانا... — ئۇ ئىشتان، چاپىنىنىڭ يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرىدى. يانچۇقىدىكى قەلەمتىراچ، ئاچقۇچ، ئۇششاق پۇل ـ پۇچەك... يەنە ئاللىنېمىلەرنى ئورۇندۇق ئۈستىگە تاشلىدى، — مانا كۆرسىلە، ھەممىنى كۆرسىلە. ئاپتىمەنمۇ ھالقىلىرىنى...؟ نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ...؟ ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە تۇرسام ـ زە، ئوغرى ئوخشايدۇ دەپ قاپلا دە مېنى! دېھقان بولساقمۇ نومۇس ـ ھايانى، نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھاراملىقىنى ئوبدان بىلىمىز، ئىمان بىلەن ياشايمىز!

— نېمە سەكرەيلا؟ — ئايال ئۈنىڭدىن بەتتەر چېچىلدى، — ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك... ھىم! ... ھالقىنى ئوغرىلىۋالغان ئادەم يانچۇقلىرىدا قوياملا؟ سومكىلىرىغا سېلىۋالغانلا، ئەكەلسىلە سومكىلىرىنى!

ئايال ئۇنىڭ سومكىسىغا ئېسىلدى، بادام دوپپىلىق سومكىنى چىڭ قاماللاپ كەينىگە شوخشىدى.

— ئەستا... سومكامغا قول سالمىسىلا دەيمەن... سومكامغا...

— ياق، مانا، ھالقىنىڭ نەدىلىكىنى

تاپتىم، سومكىلىرىنى ئاختۇرغىنىم ئاختۇرغان!

— ئاچا، بۇ ئىشلىرى بولمىدى ... — دېدى قارىمۇتۇق يىگىت ئايالنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— ھە ... ! سەن نېمە دەيسەن قارا پوستەك؟! ئىشىمغا ئارىلاشماي بالاڭنى باقە جۇگۇ.

— ئېيتسىپ قوياي، بىرونى زورلۇق بىلەن ئاختۇرۇش قانۇنسىزلىق.

— قانۇنسىزلىق؟ — ئايال غەزەبكە كېلىپ يىگىتنى قىستاپ كەلدى، — ئالتۇن ھالقامنى ئوغرىلىشالسا قانۇنلۇقمىكەن،يولۇقمىكەن؟ قانۇنسىزلىق دەيدىيا تېخى!

ئاپتوبۇس ئىچىدە بولۇۋاتقان جېدەل-غوۋغانى باياتىن بېرى ئاڭلاپ تۇرغان شوپۇر ئاخىرى كەينىكىدىن ئاپتوبۇسقا كىردى.

— توختىسىلا ئاچا، — دېدى ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، — ئىشنى چىرايلىقچە ھەل قىلايلى، ھە، چىرايلىقچە ... سىلىنىڭ ھالقامنى بۇ ئادەم ئوغرىلىشالدى دەيدىغان قانداق ئىسپاتلىرى بار؟

— ئىسپات؟ ئەلۋەتتە ئىسپاتىم بار، — ئەتىسىگەنىنىڭكىياقى بۇ ئادەم ماڭا مولغۇيدەك چاپلىشىپ، بېقىنىنى سۈركەپ ...

ئاپتوبۇس ئىچىنى بىر توپ كەكلىك ئۇچقاندەك قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ... يوقاپ كەتكەن ھالقامنىڭ موتىكى سۇنۇپ كېتىپ قۇلقىمىدىن ئاسانلا يېنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان. بۇنى بىلگەن بولسام ئىگەكىم ...

— بىراق بۇ دېگەنلىرى، بۇ ئادەم ھالقامنى ئېلىۋالغان دېگەنلىرىگە ئىسپات بولالمايدۇ-دە، ئېھتىمال، ئېھتىياتسىزلىقلىرىدىن بىر يەرگە چۈشۈرۈپ قويغانلا.

— ياق! مۇشۇ ئادەم ئوغرىلىۋالغان، ئوغرىلاپ موككىدە سومكىسىغا سېلىۋالغان.

— بوپتۇ كۆپچىلىك ... ھالقىسىنى ئوغرىلىۋالغان بولسام مانا سومكا، — دېدى بادام دوپپىلىق سومكىسىنى ئايالنىڭ ئېتىكىگە زەردە بىلەن تاشلاپ، — ئاختۇرۇپ باقسىلا، ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى يەرگە تۆكسىلە، جامائەت كۆرسۇن. لېكىن ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىۋالاي، مۇبادا ھالقىلىرى سومكامدىن چىقمىسا ئەھلى جامائەت يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ شەرمەندە قىلسۇن، يۈزۈمگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ توقسۇننىڭ كوچىسىدا سازايى قىلسۇن ياكى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن. لېكىن چىقماي قالسىچۇ؟

ئەتراپتىكىلەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر-بىرىگە قاراشتى. لېكىن ئايالنىڭ ھەرىكىتى قەتئىي ئىدى. ئۇ سومكىنى ئېلىپ شارت قىلىپ سىېرتمىسىنى ئاچتى-دە، يەرگە دۈم قىلىپ تۆكتى. شۇ ھامان ئورۇندۇق يېنىغا ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلانغان تىزدىق-تىزدىق پۇللار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. باغلام-باغلام، تىزدىق-تىزدىق پۇل خۇددى قاراڭغۇ دالىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانىدەك ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆز گۆھىرىدە چاقناپ كەتتى. كىملەردۇر ھەۋەس ۋە قىزغىن تەلپۈنۈش ئىچىدە لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. كىملەرنىڭدۇر كۆزلىرى ئاچكۆزلەرچە پارقىراپ كەتتى. يەنە ئاللىكىملەرنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرى ۋاژىلداپ ئېچىشقاندەك، ئالقىنى قىچىشقاندەك بولدى.

— يەنە نېمە قىلمىز؟ — سورىدى بادام دوپپىلىق غەزەبتىن بوغۇلۇپ.

— بولدى ئەمدى، پۇللىرىنى سومكىلىرىغا سالسىلا ئاكا.

— ياق، مەن يا ئوغرى، يا تـوغرى بولۇپ چىقاي، بولمىسا ماڭا بۇ سەپەر ھارام بولدۇ ئۇكام!

— ئاچا، ئەمىسە ئۆزلىرى بىر نېمە دېسىلە بۇ ئىشقا.

ئايال ئەمدى نېمىشقىدۇر بايىقى نەشتەردەك زەھەرلىك جاۋۇلداشلىرىدىن قالغان. ئۇ خۇددى كەچكۈزدىكى كاۋا پېلەكىدەك سولىشىپ ئاپتوبۇس كۆزنىكى يېنىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇرماقتا.

— سودىگەرمۇ ئۆزلىرى؟ — سورىدى شوپۇر يىگىت يەردىكى پۇللارنى بادام دوپپىلىقنىڭ سومكىسىغا سېلىۋېتىپ. ئۇنىڭ قوللىرى ھاياجاندىن تىترەيتتى.

— ياق، دېھقان، — بادام دوپپىلىق بۇ سۆزنى مەغرۇرانە ئاھاڭدا بىر خىل ئېپتىخار ۋە ماختىنىش بىلەن ئېيتتى. شوپۇر بولسا ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران. ئۇ قىزىقىش ۋە تەئەججۇپ ئىچىدە بادام دوپپىلىقنىڭ پۇتىدىن بېشىغىچە سەپسېلىپ قارىماقتا: نېمىكەش كۆك تۇجۇركا چاپان، چۆرىسى تەرىدىن سارغىيىپ كەتكەن بادام دوپپا، خېلىدىن بېرى ئۇستۇرا تەگمىگەن، ئاق ئارىلىغان ساقال-بۇرۇتلىرى كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ كەتكەن، ئۆزىنىڭ گەۋدىلىك تەتۈر ئۇستىخىنى بىلەن ئورۇندۇقتا خۇددى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ قومۇرۇۋېتىلگەن ئۈجمە كۆتىكىدەك چوقچىيىپ ئولتۇرغان، چىرايى ئۇزۇن كەچمىشلەرنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا كۆيۈپ، قەھرىتان سوغۇقىدا ئۈششۈپ قارايغان. شۇڭا بىر قارىغان ئادەمگە خۇددى چالا كۆيگەن چۈچۈلىدەك كۆرۈمسىز، قاتمال، ئورۇق، تاتىراڭغۇ كۆرۈنىدىغان بىر ئادەم...

يىراقتىن ئاغىيبۇلاق تاغلىرىنىڭ ئوتى ئۆچكەن كۆلدەك كۆرۈمسىز، تاقىر، قىزغۇچ تىزمىلىرى كۆرۈنىدى. تىكلەنگەن قۇياش خۇددى يەرگە پەسلەپ چۈشكەندەك ھاۋانى ۋاراقشىتىپ قايىنتىپ، تاقىر سايلىقنى ئوتتەك قىزدۇرۇپ باراتتى. ئادەم چىدىغۇسىز قىزىق ھارارەتتە ئېرىپ كېتىۋاتقان ئاسفالت يول خۇددى كۈمۈشتەك يالتىراپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىمىرلىشى كۆزنى چاقنىتاتتى. غارقىراپ ئۆردەپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس چاقىنىڭ ئېرىگەن قارا مايغا يېپىشىشىدىن شىپىلدىغان ئاۋاز كېلەتتى.

— ياپىرەي ... بۇ توقسۇن دېگەن جاي قىزىق تونۇرنىڭ ئۆزىلا ئىكەنغۇ ... — دېدى بىر چاغدا بادام دوپپىلىق خۇددى ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك.

قارىمۇتۇق يىگىت ئارقىسىغا قايرىلدى.

— تېمىغا نان ياقسىڭىزمۇ پىشىدۇ دەڭا.

— راست، راست، پىشقۇدەك ... — بادام دوپپىلىق خىقىراپ كۈلدى، — ئۆتكەندە بىر كېچە بوراندا قېلىپ ... ياﺋاللا. تاسماس قالدۇق ماشىنا-پاشىنا بىلەن ئۇچۇپ كەتكىلى، بۇ يەردە زىرائەت، دەل-دەرەخ قانداق ئۆسىدىغاندۇ دەيمەن.

— ئۆسىدۇ ... قارىمىدىڭىزمۇ دەل-دەرەخلىرىگە؟

— قارىدىم ... بىراق ھەممىسى مايماقتەكلا كۆرۈنۈپ كەتتىغۇ تاڭ كۆزۈمگە.

— دەرەخلىرىنىلا كۆرۈپسىز تېخى! — قارىمۇتۇق يىگىت قىزىپ سۆزلەپ كەتتى، — توقسۇنلۇقلارنىڭ ساقىلىمۇ مايماق، توخۇسىنىڭ قۇيرۇقىمۇ مايماق ...

— ھا ... ھا ... ھا ... قىزىق سۆزلەيدىكەنسىز ئۇكام. ئارتىس بولسىڭىزمۇ بولغۇدەك جۇمۇڭ!

— تاپتىڭىز، ئارتىسمەن، خوتۇنۇممۇ ئارتىس. بىراق بۈگۈن سومكىڭىزدىكى پۇل-

گىزنى كۆرۈپ ئۆزۈمـچىلا دېهـقان بولغۇم
كېلىپ كەتتى. ئۆزىگىزنىڭمۇ ھەممىسى؟
ــ ۋاي، ئۆزۈمنىڭ بولماي ... ــ بادام
دوپپىلىق مەغرۇرلۇق بىلەن گەۋدىسىنى كۆ-
تـۈرۈپ قويـدى، ــ ئۈرۈكـلـىرـىم بۇ يـىـل
شۇنـداق ئوخـشاپ كەتـتـىكى، پـىشـقانـدا
يالـغـۇز جـېـنـىـمـدا قانـداق يـىـغىشـتۇ-
رارمەن بۇنى دەپ بېشىم قېـتـىـپ تۇرسام،
شەدىن بىر ئاغىـنەم چىقىپتۇ. ھاگۇېـقـىـپ
پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويساڭ ھەممىسنى سې-
سىتىپ نابۇت قىلىسەن. ئەڭ ياخشـىسى ئۆ-
رۈمچىگە تارت، دېدى. بۇنداق ئىشنى قىلىپ
باقمىغان ئادەم دەسلەپتە كـۆزۈم قورقـتى.
ئاغىنەم ئىشنىڭ يولىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە
سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن يۈرىكىم سەل توخـ
تىغاندەك بولدى. ئالىبۆرەك بولغان ئۈرۈكـ
لەرنى ئۈچ ـ تۆت ئادەم ياللاپ سېۋەت بو-
لامدۇ، يەشىك بولامدۇ، ساندۇق بولامدۇ ئۈزۈپ
قاچىلاۋەردۇق. ئاگىغىچە ئاغىنەم شەدىن ئىككى
ماشىنىنى باشلاپ كەپتۇ. قاچىلىدۇق، تەۋەككۇل
دەپ شۇ كۈنىلا ئۈرۈمـچىـگە قاراپ يولـغا
چىقتۇق... دېگەندەك... ئۈرۈكلىرىم ئۈرۈمـ
چىدە ماشتەك پۇل بولۇپ كەتمەسمۇ... تۆ-
نۈگۈن بىر كۈندىلا باققاللارغا ئۆتـكـۈزۈپ
تۈگەتتىم...
ــ مۇنداق دەڭ، ــ دېدى يىگىت ھە-
ۋەسلىنىپ، ــ ئامەت كەپتۇ جۇمۇڭ سـىزگە.
شۇنچىۋالا پۇل تاپقان ئادەم ئۈرۈمچى دېگەنـ
دە بىرنەچچە كۈن ئوينىۋالماي... ئالدىراپـ
لا يېنىپسىزغۇ؟
ــ بىز دېهقان خەق، ئالـدىرىمـساق
بولمايدۇ، بۇغدىيىم پىشـىپ قېلـىۋـىدى...
سېمىز ئايال ئەمدى پىلىكتەك يۇمشاپ
ياۋاشلاپ قالغان. ئۇ بادام دوپپىلىق دېهـ
قانغا پات ـ پات كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا جۇر-
ئەتسىزلىك بىلەن قاراپ قويىدۇ. ئۇنىڭ پەسكە

ئاغقان كۆزلىرىدە، ئاپتوبۇسنىڭ سىلكىنىشـ
دىن يېنىـك تىترەۋاتقان گۆشلۈك يۈزىدە
تەگسىز خىيال قېتىپ قالغان. ئۇ ھېلىـمۇ
يوقالغان بىر پاي ئالتۇن ھالـقىـسى ئۈچۈن
ئىچىدە ئۆرتىنىپ ھەسرەت چېكىپ ئولتـۇ-
رامدۇ ياكى يېنىدىكى مۇنۇ نامرات چىراي،
ئەمما لىققىدە بىر سومكا پۇلى بار ھەمرا-
ھىنى ئوغرى تۇتۇپ، ئاخىرىدا ئۆزى لەت
بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن نومۇستىن ئۆلگۈدەك
بولۇپ كېتىۋاتامدۇ، بۇنى بىلىش قىيـىن...
ئاپتوبۇس ئارغىيبۇلاق تاغـلىرـىنىڭ
ئەگرى ـ بۈگرى، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل شېغىلـ
لىق يولىدا قويۇق توپا توزىتىپ كېتىۋاتاتتى.
تاغ يولى شامال ئۆتمەيدىغان تار كوچىدەك
تىنجىق، يولبويـى ئۈچۈق كۆزنەكـلەردىن
ئۇرۇلۇۋاتقان راھەتبـەخش غۇر ـ غۇر شامال
ئەمدى دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان شورلۇق،
ئېغىر بوز توپا بىلەن ئالماشقان، ئەينەكلەر
كۆتۈرۈلۈپ ھەممە كۆزنەكلەرنىڭ ھىم ئېتىـ
ۋېتىلگىنىگە قارىماي خۇددى سامان توپىسىغا
ئوخشاش ئاچچىق توپا ـ چاڭ كۆزنەكلەرنىڭ
تار قىسىلچاقلىرىدىن بۇقسۇپ كىرمەكتە. ئۈسـ
تى دۇملىۋېتىلگەن تونۇرغا ئوخشاش قىزىپ
كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس ئىچىدە كىشىنىڭ قۇ-
لىقىغا گەپ خۇشياقار ئەمەس. گويا ئاچچىق،
قاڭسىق توپا ـ چاڭ ھەممەيلەننى مەست ـ گا-
راڭ قىلىۋەتكەندەك، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇيـ
قۇدىن پۈرۈلۈپ، بوشاشقان گەۋدىسى ئۇيان ـ
بۇيان تەۋرەنمەكتە، قىيـساياقـتا. پەقەت
بادام دوپپىلىقلا ئالدىغا چىكىتتەك قادىلىپ،
خۇددى يول چېتىدىكى ئۆستەڭگە بىر قەۋەت
ئاقۇش توپا سىڭگەن قورام تاشقا ئوخشاش
چوقچىيىپ ئولتۇرماقتا. سېمىز ئايالنى ئۇيقۇ
باستى. ئۇنىڭ سېمىز، يۇمـشاق گەۋدىـسى
تېخى ئۇيۇپ ئۆلگۈرمىگەن لەگپۇڭغا ئوخشاش
لىغىلداپ بادام دوپپىلىقنىڭ بېقىنىغا يېپىلىپ،



ئۆيقۇدىن قىيسايغان بېشى ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئارتىلىپ قالدى. بادام دوپپىلىق ئايالغا زەردە بىلەن چەكچىيىپ، بېشىنى قوپاللىق بىلەن ئىتتىردۋەتتى. ئۆيقۇغا غەرق بولغان ئايال ئۇ سىلكىشلەرگە پەرۋاسىز. ئۇ بېشىنى سەل-پەل كۆتۈرۈپ گەۋدىسىنى ئۇڭشلىغاندەك قىلدى-يۇ، يەنە بادام دوپپىلىقنىڭ قۇلتۇقى تۈۋىدە پۇشۇلداشقا باشلىدى.

— ۋاي... باشلىرىنى ئۇڭشاپ ئولتۇرسىلا، — دېدى بادام دوپپىلىق ئايالنىڭ بېشىنى نېرىغا ئىتتىرىپ، ئايال كۆزىنى ئېچىپ چۆچۈپ قاردى.

— ئاھ، ئاتامەي... ئەجەب سىلكىشلەپ كەتتىلىغۇ ئادەمنى.

— سىلكىشلىمىدىم. مەن ئوغرى بولغاندىن كېيىن، ئوغرىدىن پەخەس بولۇپ نېرىراق ئولتۇرسىلا دېگىنىم.

ئايال ئوڭايسىزلانغاندەك ھىجىيىپ كۈلۈپ قويدى.

— ۋىيەي ئەمدى... كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، ئانچىكى دەپ قويسام...

— ھىم! قىلىدىغانىنى قىلىپ بولۇپ نېمە دېگەنلىرى بۇ؟

— ئۆزۈم بىخەستەلىك قىلىپ...

— ھالقىلىرىنى باشقا يەردە يوقىتىپ قويۇپ ماڭا ئۇستۇم دېسىلە.

— ياق، ياق... — ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى ئايال، — ھالقام بار ئىكەن ئەمەسمۇ، خۇداغا شۈكرى.

— نەدە؟

— ئاستا... ئاسىراق سۆزلىسىلە... ئالقىنىمدا.

— ئەمىسە قاراپ تۇرۇپ مېنى ئوغرى تۇتقانلىرى نېمىسى؟

— ۋاي شۇنى دېمەملا... — ئايال سۆزلەۋېتىپ بادام دوپپىلىقنىڭ يېنىغا تېخىمۇ يېقىن شىپىلدى، — كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن... ئەمدى... ئاپتوبۇس دېگەنگە ئوغرىمۇ چىقىدۇ، توغرىمۇ... ئەتىگەندە سىلىنى بىر كۆرۈپلا كۆڭلۈمگە كەچمىگەن خىيال كەچكەن... سىلىنى يېنىمدىن قوپسىلا دەپمۇ قويۇقۇزالمىغاندىن كېيىن گۇمانىم ئىمانىمنى قاچۇرۇپ...

— ھىم! ئوغرى دەپ قاپلا-دە، مېنى؟

— ياق-ياق... ئۇنداقمۇ ئەمەس، ھالقامنىڭ ھېلىقى كىچىك بىر مۇتىكى سۇنۇپ كېتىپ ئىلغىسىنى ئىلىدىغان يېرى يوق يات-يات قۇلىقىمدىن يېنىپ قالاتتى، شۇڭا ئەنسىرەپ قۇلىقىمدىن ئاپتىمەنۇ، قولياغلىقىمغا تۇگۈپ ئالقىنىمدا سىقىمداپ ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن.

— بەللى... بەللى... — بادام دوپپىلىق تەنە ۋە ئاچچىق ئارىلاش كۈلدى، — تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدەپ يۈردۇم دېسىلە.

— ۋاي، ھېچ دېمىسىلە... بايا تەرىمنى سۈرتەي دەپ قولياغلىقىمنى پېشانەمگە سۈرتسەم قاتتىقلا بىر نەرسە ئۇرۇن-

ماسمۇ... ئېچىپ قارىسام ھالقا!
بادام دوپپىلىق كۆڭلى ئارامىغا چۈشـ
كەندەك يېنىدا تىنىپ قويدى. ئەمما ئۈندىـ
مىدى. ئايال ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن
خۇشال ئىدى. مانا ... ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنى
ئەتىگەندىن بېرى تەشۋىشلەندۈرۈپ، چاپىـ
نىدىن بۇقسىغان سىپسىق تەر بىلەن كۆڭلىنى
ئايىنىتىپ كەلگەن سەت، كۆرۈمسىز ئالۋاستى
چىراي ئادەم ئوغرى ئەمەس، ئۇنىڭ يېنىدا
ۋۇجۇدى جاپالىق ئەمگەكتىن قورۇچتەك تاۋـ
لىنىپ پىشقان، ھالال تەرىدىن بايلىق يارىـ
تىشنى بىلگەن بىر ھۆرمەت ئىگىسى ئولتۇرـ
ماقتا. ئۇ ئۆزۈندىن بۇيان مۇشۇنداق بىر ھەـ
قىقىي ئەرگە نەقەدەر تەشنا ئىدى - ھە؟
ئايالنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى قىز چاغلىرىدا ئېـ
رىنىڭ تۇنجى قېتىم قىزغىن قۇچاقلاشلىرىـ
دىن ئالغان چەكسىز لەززەتتەك شېرىن بىر
تۇيغۇ ئىچىدە جىمىرلاپ كەتتى. ياشلىق
چاغلىرىنى ئەسلەش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەم لەززەتـ
لىك، ھەم ئازاب... ھەر ئىككىسى ھېرىپ چارـ
چاشنى بىلمەيدىغان، تىنىمسىز ئىشلەشتىن
راھەت تاپىدىغان بىر جۈپ بەختلىك ئەر -
خوتۇنلار ئىدى... ئەمما بەخت ئۇنىڭغا ئۇـ
زۇن نېسىپ بولمىدى. ئۇ ئۆرۈمچىدىكى ھېـ
لىقى قىزىغا ھامىلدار بولغان يىلى ئېرىنى
شال تېرىش ماشىنىسى سۆرەپ كېتىپ، ئىش
ئورنىدا قازا تاپتى. ئۇ شۇندىن كېيىن يايىمـ
چىلار ئارىسىدا ئۇنى - بۇنى سېتىپ، كېيىنـ
چە باققاللىق قىلىپ ئىككى جاننىڭ تىرىكچىـ
لىكىنى قامداپ كەلدى. تاپاۋىتى ھەر ھالدا
ياخشى ئىدى. بويۇن قىسىپ بىر كىمنىڭ
ئالدىغىمۇ بېرىپ يۈرمەيتتى. ئۇ كېيىن ئۆـ
زىنى قۇرۇلۇش ئۇستىسى دەپ تونۇشتۇرغان
بىرسىگە ياتلىق بولدى. نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ
لاپلىرىغا، مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئېيتقان ۋەدىلىـ
رىگە ئىشىنىپ كەتكەن بولغىيدى؟ ئاز كۈن
ئۆتمەي ئۇ يېڭى ئېرىنىڭ ھۆرۈن، ئىزىلەڭـ
گۈ ھەم ھاراقكەش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.
ئۇ ئاخشىمى نەلەردىدۇر ئۆلگۈچە ھاراق
ئىچىپ ئۆمىلەپ - يىقىلىپ ئۆيگە كېلەتتى - دە،
تاۋدىم يوق دەپ نەچچە كۈن قوپماي ياتاتـ
تى. ئۇنىڭ بىر ئاي ئىچىدە ئىشقا بارىدىغان
كۈنلىرى ساناقلىقلا ئىدى. ئايال بەدىنىدە
ئەركەك تۈكى يوق مۇنداق ھۆرۈن، تەييارـ
تاپ ئادەملەرنى يامان كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئاخىـ
رى سەۋرى قاچىسى تېشىپ ئېرىنىڭ (ئۇنى
ئەلۋەتتە ئېرىم دېيىشكە تىلى بارمايتتى)
كۆزدە - كۆرپىسىنى غەزەب بىلەن تالاغا ئاتـ
قىلى تۇردى:
— ئۆيدىن يوقال، تۈگىمەس ئۇيقۇڭـ
نى ئەسكى گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ
ئۇخلا!...
ئۇ ئىككىنچى ئېرى بىلەن ئەنە شۇنـ
داق ئايرىلىشقان. مانا شۇنىڭدىنمۇ نەچچە
يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇل - پۇچەك،
خەج - خىراجەتتىنغۇ تەڭلىكى يوق، تۇللۇقـ
نىڭ يامان ئېتى، يالغۇز - يېگانىلىق ئۇنى ھەمـ
مىدىن بەك قىينايتتى. پاختا ئاتقۇچىنىڭ مۇشـ
تامىسىدەك قوپال، تاشتەك قاتتىق يات بەدەننىڭ
ئۇنىڭ تەلەپچانلىق بىلەن دىرىلدەپ تۇرغان
يۇمشاق بەدەنلىرىگە تەگمىگىنىگە قاي زاـ
مان؟ راستىنى ئېيتقاندا بادام دوپپىلىقنىڭ
ئۇنىڭغا تىنىمسىز سوركىلىپ كېلىۋاتقان ئەتـ
سىز، ئۇچىمە كۆتىكىدەك يىرىك گەۋدىسى
خۇددى قېچىشقان دۈمبىسىنى قاشلاپ ئارام
بەرمىگەندە قوناق مەدىكىنى سوركىگەندەك
ئېيتقۇسىز راھەتلىك...
— ئۇسساپ قالغانلا، چاي ئىچسىلە، —
دېدى ئايال بادام دوپپىلىققا يوغان باكلاشـ
كىسىنى ئۇزىتىپ.
— ئۇسسىغاندەك قىلمىدىم، رەھمەت.
ئايال يېنىغا ئېگىشىپ، پۇشۇلداپ، ئىنىـ

جىقلاپ يۈرۈپ بۇلۇڭدىن، ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ تولىلىقىدىن تومپىيىپ، سېرتمىسى ئېتىلمەي قالغان بېرزېنت سومكىسىدىن سارغىيىپ پىشقان ياغلىق توقاچتىن ئىككىنى ئېلىپ بىرسىنى بادام دوپپىلىققا سۇندى.

— ئەمىسە توقاچتىن تېتىپ باقسىلا.

— رەھمەت، مەن بايىلا...

— ئاھ، ئاتامەي... نېمانداق يامانلىغاق سىلە؟ — ئايال چاقچاق ئارىلاش كۇلۇمسىرىگەندە كۆزلىرى شوخلۇق بىلەن ئويناپ كەتتى، — سەپەر دېگەندە ئالسىلا، باقسىلا دەيدىغان ئادەمنىڭ بولغىنىمۇ ياخشى... قېنى ئالسىلا... ئاخشاملا ياققان...

نېمە دېگۈلۈك؟ خېلىدىن بېرى ئۇنىڭغا قېيىداپ، تەتۈر قاراپ ئولتۇرغان بادام دوپپىلىق ئوڭايسىزلىنىش ئىچىدە توقاچنى ئالدى-دە، بىر بۇردا ئۇشتۇپ ئاغزىغا سالدى. توقاچ يۇمشاق ھەم مەززىلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن سۈتنىڭ، قىچا يېغىنىڭ ئۆزگىچە ھۇزۇرلۇق تەمى كېلىپ تۇراتتى. توقاچ ئۇنىڭ ئاغزىدا قەنتتەك ئېرىپ كەتتى. ئۇ مۇنداق توقاچنى قاچانلاردا يېگەن بولغىيدى؟ ھە... ھە... شۇقەدىناس ئايالى ھايات ۋاقتىدا ئاھ، رەھمەتلىك... ئۆزى كۆرۈمسىز، ئاۋاق بولغىنى بىلەن ئاش-تاماققا ئۇستا ئىدى. ئېرىنى قانداق كۈتۈشنى، ئۇنىڭ نېمىگە ئامراقلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئىشنىڭ قاتىلاڭ، ئالدىراش چاغلىرىدا توقاچنى قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق قىزارتىپ پىشۇرۇپ داستىخانغا ئوراپ، بىر پىيالە پىششىق قايماق بىلەن ئېتىز بېشىغا ئاپىرىدىغان... ئۇ ئۇچۇق دالىدىكى يالغۇز جىگدە سايىسىغا بېرىپ، يېيىلىپ، كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى شۇنچىلىك ھۇزۇرلىنىپ يەيتتىكى...

مەززىلىك يۇمشاق توقاچ، ئايالنىڭ يەنىلا ھەر قېتىم تېگىپ كەتكەندە ئىپىتىقۇسىز ھۇزۇرلۇق تۇيۇلىدىغان مىق-مىق بەدىنى، ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ شوخلۇق بىلەن كۇلۇشلىرى ئۇنىڭ يولدىكى خاپىچىلىقلىرىنى تېزلا ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ يانچۇقىدىن قەلەمتىراچىنى ئېلىپ، ئۇنى بىر پۈۋلىۋېتىپ، ئورۇندۇق ئاستىدىكى قوغۇندىن بىرنى ئالدى-دە، ساپىقىنى كېسىپ قەلەمتىراچنىڭ بىسىنى سۈرتۈپ پاكىزلىدى. قوغۇندىن ۋارسىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ بىر تىلىم قوغۇننى ئايالغا سۇنۇۋېتىپ:

— قېنى يەپ باقسىلا... مۇشۇنداق قوغۇندىن مەنمۇ بىر مو يەرگە تېرىغان. مەن بارغىچە ئالدى چىقىدىغۇ دەيمەن، — دېدى.

— ئۇنىڭغىمۇ ئېغىز تېگىدىكەنمىز-دە ئەمىسە، — چېقىشتى ئايال.

— خۇدا بۇيرۇسا... — بادام دوپپىلىقنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

ئاپتوبۇس ئەمدى تاقىر، كۆرۈمسىز تاغلارنى، گىياھسىز دەشتنى ئارقىغا تاشلاپ، قويۇق دەرەخزارلىق ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى. كەچكى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتقان مەخمەلدەك يېشىل چەكسىز ۋادا، ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭدار ئېكىنزارلىق يولۇچىلارنىڭ ئالدىغا پايانداز بولۇپ يېيىلغان. شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەن مېۋىزار باغلار، خىلۋەت بۈك ئورمانلىقلار ئۇلارنى ئۆز قوينىغا چىللىماقتا. بادام دوپپىلىق بىلەن ئايال يانمۇيان ئولتۇرغاچ ئاشۇ مەنزىرىلەرگە بويۇنداپ قارىشىپ باغلار، ئېكىنزارلىقلار، ئورمانلىقلار، داللاردا ئوتلىشىۋاتقان ئۈيۈر-ئۈيۈر قوي پادىلىرى ۋە يەنە ئاللىنېمىلەر توغرىسىدا ھۇزۇرلىنىپ سۆزلەشمەكتە.

ئاپتوبۇس كەچكە يېقىن خۇددى ئاشۇنداق بۈك دەرەخزارلىق ئارىسىدىكى ئۆيلىرى ئاپئاق ۋە رەت-رەت ئۆتەڭگە كېلىپ توختىدى.

— يولداشلار، سەمىڭلەردە بولسۇن، ئەتە ئەتىگەن سائەت ئالتىدە يولغا چىق-

www.uyghurkitap.com

مىز، — دەپ ئۇقتۇردى شوپۇر.

بۇ يەرنىڭ ئارامبەخش مەنزىرىسى خۇددى تارىم ۋادىسىنىڭ خىلۋەت باغلىرىدەك ھاۋالىق. تاغ تېرەكلىرى ۋە مەجنۇنتاللار ئارىسىدا مەيىن ئۆسكەن سالقىن شامال، نازۇك، يۇمران نوتىلارنىڭ لەرزان تەۋرىنىشلىرى، نېپىز ياپراقلارنىڭ تىترەشلىرى باشقىچە...

ئىككى ھەمراھ — بادام دوپپىلىق بىلەن سېمىز ئايال ئاشۇ خىلۋەت جىمجىت ئورمانلىق چېتىدىكى ئېرىق بويىدا خۇددى ئاپتوبۇستا كېلىۋاتقان ۋاقتىدىكىدەك يانمۇيان يېقىن ئولتۇراتتى. تۇمانلىق كەچكى گۈگۈم، نوتىلار ۋە ياپراقلار ئۇلارنى ئۆز قوينىغا يوشۇرغان.

— شۇنداق بولدى... رەمەتلىكنى كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىر كۈنلىرىم باشلاندى... — بادام دوپپىلىق ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئايالغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى بوش ۋە ھەسرەتلىك ئىدى، — ئۆلىدىغان جانغا نېمىشقىمۇ ئۇنچىۋالا كۆپ نەرسىنى يىغقان بولغىيدىم، دەپ قاقشايمۇ كېتىمەن. 20 — 30 قوي، ئات، كالا، كۆتۈرىگە ئالغان 30 مو يەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە باغ - ۋاران ... بالىلارنىڭ چوڭلىرى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ چىقىپ كېتىشكەن. كىچىكلىرى مەكتەپتە. يالغۇز ئادەم شۇنچىۋالا كۆپ ئىشنىڭ قايسىبىرىگە يېتىشىپ كېتەلەيدۇ دەيلا. تاڭ سەھەردە قوپۇپ مىدىرلىغىلى تۇرسام كەچتە ئاران ئۆيگە كېلىمەن. ھەر يىلى شۇ يەرلەرنى تېرىپ، ھوسۇللىرىنى يىغىپ بولغىچە تايىنىمنىڭ نەچچە جىڭ گۆشى شۇ ئېتىزلىقتا قالىدۇ دەيمەن. مەن بۇ ئىشلارنى ئۆزۈمگە دەپئى دۇنيا يىغىش ياكى بالىلىرىم ئۈچۈن قىلمايمەن، كىچىكىمدىن شۇنداق ئىشلەپ ئۆگىنىپ قالغانمەن. ئۆتكەن يىلى كۆزدە يېزىلىق ھۆكۈمەت مېنى 100 مىڭ يۈەنلىك بايلار قاتارىغا كىرگۈزۈشۈپتۇ. شۇنداق دەپ كەلگەن شاڭجاڭنىڭ ئاغزىغا ئۇرغۇم كەلدى، بايمىشمەن. نېمىگە بايمەن؟ بانكىغا قويغان پۇلۇم بىلەن ئەسلى ۋەسلىمنى قوشقاندا 100 مىڭ يۈەندىنمۇ ئاشار. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مېنى باي دەپ ئاتىغىنى بولمىدى. باي دېسە قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك يېيەلىگەنلەرنى دېيىش كېرەك. مەنچۇ؟ قولدەك ئىشلەيمەن، تاپىمەن، يىغىمەن، ئەمما شۇنى جايىدا ئىشلىتىشنى، كىيىشنى، يەپ - ئىچىشنى بىلمىگەندىن كېيىن كىر چاپاننىڭ ئىچىدە سېسىيدىغان، دىۋاندەك قاتتىق ناننى شوممۇپ يۈرىدىغان گەپ. لايىقلارغۇ چىقتى... خېلى ئوبدان يەردىن... لېكىن كۆڭۈل توختىتالمىدىم. تىڭتىڭلاپ كۆرسەم، ئۇلارنىڭ ماڭا ئەمەس، بانكىدىكى پۇلۇم بىلەن ئېغىلدىكى قوي - كالامغا كۆزى چۈشكەنمىش. ئويلاپ باقتىم... ئۇنداق ئاياللاردىن ماڭا ۋاپا ئەمەس بالا كېلىدۇ. مانا، ئەتىگەنكى گەپلىرى ماڭا بەك ياراپ كەتتى. «مەن ناۋادا يېزىدا بولۇپ قالسام باغ قىلاتتىم، توخۇ فېرمىسى قۇراتتىم، قوي بورداتتىم» دېۋىدىلە، ئاغزىلىرىغا مۇشتۇمدەك ناۋات سالغۇم كەلدى. مانا بۇ ھەق گەپ. پۇل، مالنى ئويلىغان ئادەم باشقىلارنىڭكىگە كۆز قىزارتماي ئۆزى ئىشلەپ تېپىشى كېرەك. توغرا دېدىلە، يېزا دېگەندە نېمە كۆپ؟ يەر، سۇ، يەم - خەشەك، ئوت - بوغۇز... سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىپ، پۇت - قولنى يېنىك قىلسىلا، نى - نى ئىشلارنى قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. قانداق دېدىم...؟

ئايال خۇددى ئاراملىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈرۈپ بادام دوپپىلىققا يالت قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئاي شولىسى يورۇتۇپ تۇرغان قارام-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇل، تاتىراڭغۇ، ياداڭ چىرايى ئايالغا تولىمۇ يىللىق، يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

مۆھتىرەم كىتابخان! بىز ئەمدى ئۇلاردىن يىراق كېتەيلى. يازنىڭ ئارامبەخش غۇر-غۇر شامىلىمۇ، ئاي نۇرلىرىمۇ، يېنىدىكى ئېرىق سۈيىنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك يېقىملىق چۇرۇكلاشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ قەلب مۇڭلىرىغا ھالاقىت بەرمىسۇن. ئۇلارغا كېرىكى، ئۇيقۇغا چۆمگەن مۇشۇ خىلۋەت كېچە. تىمتاسلىق. ئۇلارنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش بىز ئۈچۈن ئارتۇقچە. چۈنكى يۈرەكنىڭ چوڭقۇر بېغىشىدىن تېترەپ چىققان ئۇ مېھىرلىك سۆزلەرنى مەن، سىز بۇرۇن قىلىشقان، ھازىرمۇ قىلىشىۋاتىمىز، كېيىنمۇ قىلىشىمىز ... گويا ئۇ زېمىن باغرىنى سۆيۈپ ئۆتىدىغان غۇر-غۇر شامالدەك مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ. بىراق سىز، ئۇلار كېيىن قانداق بولدى، ئەتىسچۇ؟ دەپ سورارسىز. ئۇلار شۇ مۇڭداشقانچە كېچىچە ئۇخلىمىدى. بېلەت ئېلىپ قويغان ياتاقلىرىغىمۇ قايتمىدى. تالاي كىشىلەرگە ھايات لەززىتى بەخش ئەتكەن غۇر-غۇر شامالىلىق شۇ كېچە ئۇلارغا ياشلىق چاغلىرىدىكىدەك شېرىن، ئەمما تولىمۇ قىسقا تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇلار ئەتىسى سەھەردە ھەممىدىن روھلۇق، ئىچى-ئىچىگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىقىنى تەستە باسقان ھالدا ئاپتوبۇسقا چىقىشتى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە بەخت تەبەسسۇمى، كۆزلىرىدە كۈلكە پارلىغان، ئەمما تاتلىق ئۇيقۇسىنى تەستە بۇزۇپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئەسنەپ كېرىلىپ ئاپتوبۇسقا چىققانلار بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

ئاپتوبۇس چۈش بىلەن تەڭ كۇچانىڭ ئىپاردەك شېرىن مېۋە پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان پايانسىز ياپيېشىل بوستانلىقى ئارىسىغا كىرىپ كەلدى. ئەنە، ياز قۇياشىنىڭ ئوچۇق ئاپتىپى ئاستىدا مەخمەلدەك تاۋلىنىپ يېيىلىپ ياتقان مۇنبەت تۇپراق، جەننەتتەك گۈزەل ماكان!

بادام دوپپىلىق بىر چاغدا سومكىسىنى قولتۇقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كەبىنىكىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئۇرۇپ:

— ئوكام، مەلەمگە كېلىپ قالدىم، مەشەدە چۈشۈۋالاي، — دېدى. شوپۇر ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ئۇنى يول چېتىگە تارتىپ توختاتتى.

— تۇغقانلار! — دېدى بادام دوپپىلىق ئاپتوبۇستىكىلەرگە تەكشى قاراپ، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال، ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى، — ئىككى كۈن بىللە ھەمراھ بولۇپ مېڭىپ خۇددى ئۇرۇق-تۇغقاندەك بولۇشۇپ كېتىپتىكەنمىز. ھەممىڭلارنى ئۆيۈمگە باشلاپ مېھمان قىلاي، دېھقان بولساممۇ ھەممە نەرسەم تەل، تۇينىتاي، كۈلدۈرەي...!

— رەھمەت، رەھمەت! — تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىراشتى ئولتۇرغانلار.

بادام دوپپىلىق ئاپتوبۇستىن چۈشتى. شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۈن-تىنسىز چۈشۈپ كېتىۋاتقان سېمىز ئايالنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ قاراشتى.

— ۋىيەي، ماۋۇ ئايال چۈشۈپ كېتىۋاتىدىغۇ، شەھەرلىكمەن دەۋاتاتتىغۇ ئۆزى؟ — باللىق چوكان تەئەججۈپلىنىپ ئېرىگە قارىدى.

— ئۇلارغا بەخت تىلەيلى... — قارىمۇتۇق يىگىت بىر خىل سۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن ئۇلارغا كۆز ئۈزمەي قاراۋېتىپ ھاياجان بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — ھايات شۇنداق...ئۇ خۇددى ئالتۇن تارلىق راۋابقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن قايغۇ-ئەلەمنىڭ ھەسرەتلىك مۇڭىمۇ، بەختنىڭ شادىيانە كۈلكىسىمۇ ياڭرايدۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

# جۈرئەت



ئارسلان

(ھېكايە)

پەرىدەنىڭ ئانىسى راھىلە تولىمۇ يۈزى تۆۋەن جۇۋان ئىدى، مەھەللىدە ئۇنىڭ توغرىسىدىكى «يۈزىگە ئەركەك چىۋىنىنىمۇ قوندۇرمايدۇ» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەركەك زاتىغا تىكىلىپ قارىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ-يېيىلىپ كۈلمەيتتى، قۇرامىغا يېتەي دەپ قالغان ئوغۇل باللار بىلەنمۇ ئىختىيارى سۆزلەشمەيتتى، ئۆزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، بىراق ئەدەبىي كىتابلارنى زادى ئوقۇمايتتى، مۇھەببەت كۆرۈنۈشلىرى بار تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى قەتئىي كۆرمەيتتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ پەرىدەنىڭ دادىسىنىڭ تەرىتىگە سۇ ئىسسىتاتتى، ئاندىن ئۇلاغلارغا يەم-خەشەك بېرىپ، ھويلا-ئارامنى سۈپۈرۈش، ناشتىلىققا چاي تەييارلاش...بىلەن ئالدىراش بولاتتى. ناشتىدىن كېيىن ئېتىزغا چىقاتتى، ئىشنى ئېرى بىلەن تەڭ تالىشىپ ئىشلەيتتى. بۇ ئائىلىدە ئۇ ھەقىقەتەنمۇ «يېرىم دۇنيا» ئىدى، تىرىكچىلىك يۈكىنىڭ تەڭ يېرىمىنى كۆتۈرەتتى. ئەزەلدىن ئارتۇق گېپى يوق ئىدى. ئۇ ئەركىلەش، ئەركىلىتىش دېگەنلەرنى بىلمىسە كېرەك. ھەتتا پەرىدەنىمۇ ئانچە سىيلاپ سىيپىلاپ كەتمەيتتى. بىراق ئېرىگە ئىنتائەتمەن ئىدى. ئېرىنىڭ ھەرقانداق گېپىنى يىرمايتتى. خاتا گەپ قىلىۋاتسىمۇ، بەزىدە چىشىغا تېگىپ ئۇۋال قىلسىمۇ، غەزەپلەنگەندە ھەددىدىن ئاشسىمۇ قارشىلىق قىلمايتتى. ھەتتا ئۇرسا تاياقتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمايتتى، ھومىيىپمۇ قارىمايتتى، سىيلىساڭ خوتۇنۇڭ، ئۆلتۈرسەڭ قولۇڭمەن، دېگەندەك تىرنىقىنى تاتىلاپ يەرگە قاراپ گۆشۈيۈپلا تۇراتتى، ئاغزىدىن بىر ئېغىز زۇۋان، كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقمايتتى. بۇنداق چاغلاردا پەرىدە قورققىنىدىن ئانىسىنىڭ پېشىگە چىڭ يېپىشىۋالاتتى. بىراق يىغلىمايتتى. ئانىسى ئۇنىڭ يىغلىشىغا يول قويمايتتى. يىغىنى بوشاڭلىقنىڭ ئالامىتى

دېسە كېرەك، ئومۇمەن يىغىغا ئۆچ ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا راھىلە ئۆز ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ تۈزۈككىنە يىغلىمىغانمىش، پەردە يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئانىسىنىڭ مېڭىش-تۇرۇشىدىن، يۈز-كۆزلىرىدىن، ئاۋاز-تەلەپپۇزلىرىدىن ئۇنىڭ خۇشال-خاپىلىقىنى، خاتىرجەم-پەرىشانلىقىنى بىلىۋالالايدىغان بولدى، بارا-بارا قانداق چاغدا ئەركىلىسە ئانىسى كۆتۈرىدىغانلىقىنى پەملىۋالدى.

ئۇ ئادەتتە كەچقۇرۇنلىرى ئانىسىنىڭ قولى بوشىغان چاغلاردا ئۇنىڭغا ئەركىلەيتتى. دادىسىدىن بولسا قورقاتتى. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن دادا يانپاشلايتتى. ئانا بولسا قاچا-قۇمۇچلارنى يىغىشتۇراتتى، ئۆي ئىچىنى بىرەر قۇر بېسىقتۇرۇپ، ئورۇن-كۆرپىلەرنى سېلىپ قويۇپ ئاندىن يىڭنە ئىشى قىلاتتى. يا بىرەر نەرسە توقۇيتتى. پەردە بۇنداق چاغدا ئاستاغىنە ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئەركىلەيتتى. لېكىن ئانا قىزنى سۆيۈپ قويۇش، «جېنىم بالام»، «جېنىم قوزام» دېگەندەك بىر، ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىش بىلەنلا چەكلىنەتتى.

راھىلەنىڭ ياۋاش-يۇمشاقلىقىدىنمۇ ياكى تۆشۈككە چىۋەرلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ يۇرتتىكى خوتۇن-قىزلار ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا ئۇنى چاقىرمايدىغىنى، ئىشقا سالمايدىغىنى يوق دېگۈدەك ئىدى. نان-توقاچ ياقىدىغان، داستىخان تۇتۇش، داستىخان تارتىشتەك يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە قوياتتى. ئۇمۇ بۇ ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ بېجىرىپ، ئۆي ئىگىسىنى رازى قىلاتتى. پەردە كۆپ چاغلاردا ئانىسىنىڭ قايتىشىنى كۈتۈپ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇراتتى. بەزىدە ئانىسى كېچىكىپ قالسا ياكى ئۆزى سەۋرى قىلالمىسا، ئانىسى بار ئۆيگە باراتتى-دە، ئۇنىڭ چىقماي ياندىشىپ، چامىسى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىشىپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ «سەنمۇ كەپسەندە» دەپ يىللىققىنا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا قاش-كۆزى جايىدا چىرايىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىۋېتەتتى. بۇ كۈلۈمسىرەشتىن پەردە ئۇ ئېيتمىغان ياكى ئېيتىشنى بىلمەيدىغان ناھايىتى نۇرغۇن مەنىنى — رازىمەنلىك، ئامراقلىق، كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق ھېسسىياتلىرىنى ھېس قىلاتتى.

راھىلە بەزىدە سودىلىق، بەزىدە ئادەمگەرچىلىك ئېھتىياجى بىلەن يىراق جايلارغا سەپەر قىلىپ قالاتتى. لېكىن پەردەنى بىرەر قېتىممۇ بىللە ئاپارغىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ سەھەردە قانداق چاغدا كەتكەنلىكىنى پەردە بىلمەيتتى، پەقەت قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلگەنلىكىنىلا كۆرەتتى، بۇ دۆرەم ئۇلارنىڭ تام قوشنىسى ئوغلىنى يىراق بىر يېزىدىن ئۆيلەيدىغان بولۇپ قالدى، تويىغا مەھەللىدىكى ئاياللار بىلەن بىللە راھىلەمۇ جابدۇندى. ئۇ يېزا بۇ يەردىن 40 كىلومېتىردەك كېلەتتى. ئۇ تەرەپلەرگە ماشىنا قاتنىمىغانلىقتىن، كىشىلەر ئادەتتە ھارۋا بىلەن باراتتى. ئۇ يېزىنىڭ ئېسىللىقلىرى ھەققىدە چوڭلار دائىم تامغاقلىرىنى چاكىلدىتىپ تۇرۇپ گەپ قىلىشاتتى. شۇڭا پەردەدە ئۇنى بىر كۆرۈش ئارزۇسى تۇغۇلغانىدى. كەچتە ئۇ ئارزۇسىنى ئانىسىغا ئېيتتى. ئانا ئۇ يېزىنىڭ ناھايىتى يىراقلىقىنى ئىزاھلىدى، بىراق پەردە يالۋۇرۇپ

تۇرۇۋالدى، ئانىسى قىزىنىڭ كۆزلىرىگە
لەپپىدە بىر قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قېلىپ،
ئاخىرى ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئەتىسى ئۇلار يولغا ئاتلانغىنىدا ئاسـ
مانغا شەبنەم تامچىسىدەك سۈزۈك پارقىـ
راپ چولپان چىققانىدى. ئەرلەر، ئايالـ
لار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىرنەچچە ئېشەك
ھارۋىسىغا جايلىشىۋېلىشقانىدى. كىملەردۇر
ئەسنىشەتتى. ئەتراپ تاڭ قاراڭغۇسىدىكى
تاتلىق ئۇيقۇنىڭ تىمتاسلىقىغا چۆككەن
ئىدى، ئاقىرىۋاتقان ئاسماندىكى شالاڭ يۇلـ
تۇزلار كۈمۈش كىرپىكلىرىنى لەپىلدىتىپ
قويۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن غايىب بولۇشاتتى.
تاڭ قىزى ئاستا ناز بىلەن ئورنىدىن تۇـ
رۇپ ئاپئاق روملىنى ئوينىتىپ شەرقىي
ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلدى.

ھارۋىلار كارۋىنى دەسلەپ قاراماي
ياتقۇزۇلغان يېڭى يولدىن باردى. كېيىن
شېغىل تاشلىق سايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ يەنە
كۆجۈم كەنتكە كىردى، ئاندىن تاغنىڭ يانـ
باغرىغا تۇتىشىپ كەتكەن شېغىللىق قاقاس
سايغا چىقتى. رېزىنكە چاقلار شېغىلدا
شىرىقلىغان ئاۋاز چىقىراتتى. ھارۋا تاشلارـ
غا، كاتاڭلارغا سوقۇلۇپ قاتتىق جالداقشىيتـ
تى. يول بارغانسېرى يۇقىرىغا ئۆرلىدى.
تومۇز قۇياشى نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپلا
كۆزلەرنى چېقىشقا، ئەتراپنى قىزدۇرۇشقا
باشلىدى. باشتا ھەر بىر نەرسە پەردىدەگە
بىر يېڭىلىق تۇيۇلدى، بارا ـ بارا كۆز يېـ
تىم جايلاردىكى مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى
رەڭ يوقىتىۋاتقاندەك سۇسلاشتى، سۆرۈنلەشـ
تى. بىر خىللا قۇرۇق، زېرىكىشلىك ساي
كۆرۈنۈشلىرى، ئاياللارنىڭ تۇگىمەس ۋىـ
چىرلاشلىرى، ئەرلەر ھارۋىسىدىكى كىمدۇر
بىرىنىڭ ئالىتاغىل ئاۋازدا سوزۇپ ئېيتـ
قان ناخشىسى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈردى،
ھارۋىنىڭ رىتىملىق چايقىلىشى بۆشۈكنىڭ تەۋـ
رىتىشىنى ئەسلىتەتتى. پەردە ئۆزىمۇ سەزـ
مىگەن ھالدا ئانىسىغا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالدى.
چۈشىدە ئۇ ئانىسى بىلەن بىللە كېۋەز تېـ
رىۋاتقانمىش، پايانسىز كېۋەزلىك ئىچىدىن
قاناتلىق، ئاي يۈزلۈك بىر ئادەم كۈلۈمسـ
رەپ چىقىپ كېلەرمىش. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن
نۇر چاقناپ تۇرارمىش، ئانىسى پەردىدەگە
تونۇشتۇرۇپ ئۇنى «بۇ خىزىر» دېدى. خىـ
زىر قاناتلىرىنى يەرگە بىر ئۇرۇۋېدى، چىـ
رايلىق باغچە پەيدا بولدى. باغچە باللار
ۋە باللار ئويۇنچۇقلىرى بىلەن تولغان
بولۇپ، ئۇلار پەردەنى قانغىچە ئويناتتى،
پويىز، ئايروپىلان، راكىتا، ئورۇندۇقلۇق
چاقپەلەككە ئولتۇرغۇزدى. ياغاچ ئاتتا پەرـ
ۋاز قىلدۇردى، كۆلگە ئاپىرىپ قېيىققا چۈـ
شۈردى، تاغقا ئېلىپ چىقىپ بۇلۇتقا مىنـ
گۈزدى. ئۇلار ئۇچەيلەن بىر پارچە ئاق
بۇلۇت ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ ئايغا قاراپ
ئۇچتى. ئانىسى ئۇنى قولتۇقلىۋالغانىدى.
ئۇنىڭ بويى بىردىنلا ئۆسۈپ ئانىسىنىڭكى
بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. ئانىسى
تۇختىماي كۈلەتتى، سۆزلەيتتى،
پەردەنى ئەركىلىتەتتى. پەردە ئانىسىنىڭ
مىجەزىدىكى بۇ مىسلىسىز ئۆزگىرىشتىن،
خۇش خۇيلۇقتىن چەكسىز سۆيۈندى. ئانـ
لىق مېھرىنىڭ تەپتىدە ئۇنىڭ يۈرىكى
شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك، ۋۇجۇدى كۆيـ
گەندەك بولدى. ئۇشتۇمتۇت يەردىن مۇنارـ
غا ئوخشايدىغان بىر قۇيۇن پىرقىراپ كۆتۈـ
رۈلۈپ، ئۇلار چۈشكەن ئاق بۇلۇتنىڭ ئاسـ
تىغا كېلىپ كۈچ بىلەن ئۇرۇلدى. بۇلۇت
قاتتىق چايقىلىپ، خىزىر پەسكە غۇلاپ، كۆزـ
دىن غايىب بولدى. قورقۇپ كەتكەن پەرـ

www.uyghurkitap.com

ده ۋارقىراپ ئانىسىنى قۇچاقلىۋالدى، بىراق
ئاۋازى چىقمىدى... پەردە ئويغىنىپ كەتـ-
تى، ئويغىنىپلا ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىگە كۈلۈمـ-
سىرەپ قاراپ ئولتۇرغان ئانىسىغا چۈشتى.
ئۇنىڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى پارقىـ-
رايتتى. كۈن قوزا چۈش ۋاقتى بولغان،
كۆيۈك ئاپتاپ تونۇر قىزدۇرۇشنى باشلىغا-
نىدى. كارۋان قاپتالنى بېسىپ ئۆتۈپ،
سوزۇلۇپ يېتىشقان شىر تۇپىلىرىغا ئوخشاي-
دىغان پارچە تاغلار قاتارىغا يېقىنلىشىۋىدى،
گويا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىككى ياققا تارتىپ
ئارىدىن يول چىقىرىپ بەردى، كارۋان تاغـ-
نى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۇچەي يول ئېغىزىغا
كىردى.

ئۇچەي يول بىر هارۋا ئاران پاتقۇ-
دەكلا تار ئىدى. ئىككى قاسناقتىكى ئالىبۇ-
لىماچ، ئوڭغۇل-دوڭغۇل قىيا تاشلار بىر-
بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ غەلىتە شەكىلـ-
لەرنى هاسىل قىلغانىدى. ئېگىز-پەس چوقـ-
قىلار ئاسمانغا بوي سوزغانىدى. بەزى تاشـ-
لار غۇلاپ چۈشىدىغاندەك بۆرتۈپ چىققان،
پەسكە ساڭگىلىغان، بەزىلىرى ئويۇلۇپ
ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. تاغنىڭ ئۈستى
تاقىر ئىدى. قىرلىق خادا تاشلار، مۇئەل-
لەقتە ئېسىلىپ تۇرغان ئۆڭكۈرلەر، چوق-
چايغان تاش دۆۋىلىرى بىر-بىرلىرىنىڭ
ئۈستىگە شولا ۋە كۆلەڭگە تاشلاپ قورقۇنچـ-
لۇق كۆرۈنۈش ياسايتتى. ئۇلار قارا،
كۆك، قىزىل، ئاق، سېرىق رەڭلەرنىڭ كۆپ
خىل بىرىكمە تۈرلىرىدە تاۋلىناتتى ياكى
قاراڭغۇلىشاتتى، روشەنلىك هەم خىرەلىكنىڭ
مۆكۈمۈ-كۆلەڭ ئويۇننى ئويىنايتتى. پەردە
مۇئەللەقتىكى ئۆيدەك يوغان بىر قورام
تاشقا كۆزىنى تىكتى. بۇ تاش ئېگىزدىن
پەسكە هەيۋە بىلەن ئېڭىشىپ قاراپ تۇراتـ-
تى، خۇددى كارۋان ئۇدۇلىغا كەلسىلا ئاسـ-
مانىدىن بىراقلا غۇلاپ چۈشۈپ ئۇلارنىڭ
مېجىقىنى چىقارماقچىدەك ئىدى. ئۇنىڭدىنـ-
مۇ ئېگىزدە بولسا چوققىلار ئاسمان قەرىدە
باش قوشۇشۇپ، نېمىنىدۇر پىچىرلىشىپ
مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. ئۇلار نېمىلەرنى دېيىـ-
شىۋاتىدىكىن؟ پەردەنىڭ ئېسىگە مومىسى-
دىن ئاڭلىغان جىن-ئالۋاستىلار توغرىسى-
دىكى ساماۋىي چۆچەكلەر كەلدى. مومىسى-
نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئوردا-ساراي-
لىرى مانا شۇنداق قورقۇنچلۇق تاغلار
ئىچىدە بولارمىش. ئاۋۇ چوقچىيىپ، دوم-
چىيىپ، تەلەتلىرىنى هەر قىسما سەتلەش-
تۈرۈپ تۇرغان تاشلار يالىڭاچ دېۋىلەر
ئەمەسمىكىن؟ يول ئۈزلۈكسىز ئوڭغا، سولغا
بۇرۇلاتتى. ئەگمىلەردىن هارۋا ئاران بۇرۇ-
لالايتتى. پەردەنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك
بولدى. هارۋىدىكى خوتۇن-قىزلار قىيا-
چىيا كۆتۈرۈشتى. پەردە ئۇلار ۋەھىمە
بىلەن تىكىلىشكەن ئوڭ تەرەپكە قاراپ قور-
قۇپ كەتتى. ئۇياقتا ئاستىغا كۆز يەتمەي-
دىغان چوڭقۇر هاڭ بار ئىدى. هاڭنىڭ
نېرىقى قىرغىقى سالاپەت بىلەن ئۆرە تۇر-
غان تىك ئېگىز تاغ ئىدى. هاڭ يۈزىدە
يېنىك تۇمان تارقىلىۋاتقان سۇس تۇتۇندەك
لەيلەيتتى. يولنىڭ هاڭ تەرەپتىكى گىرۋە-
كىنى يامغۇر سۈيى بۇزۇپ كەتكەنلىكتىن،
كىمدۇر بىرى ئۇ يەرگە ياغاچ ياتقۇزۇپ
تۈزەپ قويغانىدى. قارا ئېشەك تىرەجەپ
پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەيدى. تاش، شېغىللار
شاراقلاپ، گۇلدۇرلەپ پەسكە دومىلاپ
كەتتى. پەردەنىڭ يۈرىكى بوغۇزىغا قاپ-
لاشتى. «ۋاي ئانام!» دېگەن سۆز تىلىنىڭ
ئۇچىغا كېلىشىگە يۇمشاق، ئىسسىق بىر قول
بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاپ قالدى.

ئۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ قاراپ ئانىسىنىڭ قولى
ئىكەنلىكىنى كۆردى. پەرىدە بۇ قولدىن
ئانىسىنىڭ يۈرىكىدىكى ئانىلىق ئوتىنىڭ تەپ-
تىنى سەزدى. بۇ قول چەكسىز خاتىرجەم-
لىك بېغىشلىغانىدەك، ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىن-
لا توم بولدى. ئانىسى ھېچنېمە دېمىسىمۇ
ئۇ ھەممىنى سۆزسىزلا چۈشەندى. ئۇنىڭ
يېنىدا ئانىسى بار، سۆيۈندىغان تېغى بار،
ئۇ شۇنى ئۇنتۇمىسىلا ھېچنەرسىدىن غەم
يېمىسىمۇ بولىدۇ، ھېچنېمىدىن — جىن، شەي-
تان، ئالۋاستى، دىۋىلەردىن، جىن، دىۋىلەر
سىياقىدىكى خادا تاشلاردىن، دوزاختەك قوي-
نى بار ھاڭلاردىنمۇ قورقمىسا بولىۋېرىدۇ...
ھارۋا چاقلىرى ھاڭ لېۋىگە ياتقۇزۇلغان
ياغاچنىڭ چېتىنى ئاران چىشلەپ، غىچىر-
لىغان ئاۋاز چىقىرىپ خەتەر گىرۋىكىدىن
دومىلاپ ئۆتتى، يولۇچىلار بىر-بىرلىرىگە
چىڭ ئېسىلغىنىچە ھاڭ تەرەپكە قاتتىق بىر
چايقىلىپ يەنە جايلىرىغا قايتىشقاندىن كېيىن،
ئۇھ تارتىشىپ ئاللاغا شۈكرى-سانا
ئوقۇشتى.

ئۈچەي يول چېتىلما تاغلار ئارىسى-
دىن بىرەر مۆجىزە بىلەن پەيدا بولغان
ئەگرى-بۈگرى يېرىق بويىچە ئىلگىرىلەپ
ئۇلارنى نەق ئىككى سائەت ئاۋارە قىلدى.
كۆيۈك ئاپتاپ تاشلارنى كاۋاپچىنىڭ كۆمۈ-
رىدەك قىزدۇرىۋەتتى. يول بەزىدە جىلغىغا
يانتىشىدۇ، بەزىدە ھاڭ تاشلار ئاستىدىن،
قولتۇقىدىن دېڭىزدەك پەيدا بولىدىغان
جىرالارنى كېسىپ ئۆتىدۇ. نەچچە يەردە
چوڭ-كىچىك داۋانلاردىن ھالقىشقا توغرا
كەلدى. پەرىدە تاغلارنىڭ بەھەيۋەت قىيا-
پەتلىرى، سۈرلۈك مەنزىرىلىرىدىن تەبىئەت-
نىڭ ئاللىقانداق سېھىرلىرىنى، سىرلىرىنى
بايقىغاندەك بولدى.

ئۇلار يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان-
دىن كېيىن، تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى
يانباغىرغا چىقتى. ئېقىن ئىزىنى بويلاپ
بىرنەچچە بۇرۇلۇپ يار بېشىغا كۆتۈرۈلدى.
ئەمدى ئۇلارنى ئېدىرلار دولقۇن ياساپ كۈتۈ-
ۋالدى. جىمجىت دۆڭلۈكلەردىن ئەگىپ ياكى
ھالقىپ ئۆتۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇلار قۇچىقى
زۇمرەتتەك ياپيېشىل تاۋلىنىپ تۇرغان
بوستانلىققا كىردى. بۇ مېۋىلىرى يېقىن
ئەتراپقا داڭلىق كەنت ئىدى. پەرىدە تام-
لىرى يوق باغلارغا، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئانار،
ئامۇت، بادام دەرەخلىرىگە، ئۈزۈم باراڭ-
لىرىغا ئەجەبلىنىپ قارايتتى. ھاۋادىن ھەر-
خىل مېۋىلەرنىڭ ئارىلاشما خۇش پۇرىقى
كېلەتتى.

ئۇلار يېگىتنىڭ شۇ مەھەللىدە ئولتۇ-
رۇشلۇق ھامىسىنىڭكىگە چۈشتى. توي ئەتى-
سى ئۆتكۈزۈلدى. ئەتىگەندە بىرنەچچە قوي-
نىڭ كاللىسى كېسىلدى، كىچىك قازاندا
گۆش قايىندى، چوڭ قازاندا پولۇ دۈملەن-
دى. سۇپىلار ئۈستىدىكى، باراڭلار ئاس-
تىدىكى كىگىز، گىلەملەرگە سېلىنغان
داستىخانلاردا نازۇ نېمەت، مېۋە-چېۋە
تۆكمە قىلىۋېتىلدى. قىيام ۋاقتىدىن كېيىن
ياشلار سورۇنلىرى قىزىدى. قورۇملار پۇر-
قىراپ، رومكىلار پىرقىراپ، يىگىتلەر قىزىپ
قالدى، قىز-چوكانلار گۈلدەك ئېچىلدى،
يۇرت ئەلنەغمىچىلىرى ساز ۋە ئۇنئالغۇنى
گىردەلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، مۇقاملاردا، كونا-
يېڭى پەدىلەردە سورۇنلارنى چاڭ كەلتۈرۈ-
ۋەتتى. ئۇسسۇلچىلار پەرۋانىدەك ئايلىنىپ،
كېپىنەكتەك لەپىلدەپ، كېيىكتەك سەكرەپ،
تورلاردەك مەيدىلىرىنى، ئاھۇلاردەك كۆز-
لىرىنى ئويناتتىشتى، تەپكىلەپ يەر چىڭداش-
تى، كەپتەردەك موللاق ئاتقانلىرىمۇ، ئاق-

www.uyghurkitap.com

قۇدەك بويۇن سوزغانلىرىمۇ بولدى. خۇددى يېزا تۇرمۇشىنىڭ بارلىق قىزىقى، قاينام-تاشقىنلىقى مەشەگە مۇجەسسەملەنگەندەك ئىدى. راھىلە تېخى ئەمدىلا 34 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، تومۇرلىرىدىكى قېنى سوۋۇمىغان، كېلىشكەن جۇۋان بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا ئويۇنغا قاتناشمىدى. مېھمان ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئادىتى بويىچە تۆشۈك ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. قىز تەرەپمۇ ئۇنىڭغا ئازراق تۇغقان كېلەتتى. پەردە بىر ھازا ئويۇن كۆردى، ئاندىن ئاپىسىنى ئىزدەپ ئوچاق بېشىغا چىقتى. تاپالمىدى، ئاپىسى قازناق ئۆيدە نان، زەللە باشقۇرۇشقا ياردەملىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ شۇ تەرەپكە ماڭدى. ئاپىسىنىڭ قازناق دېرىزىسى تۈۋىدە بىر ئايال بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى.

— تېنى بېجىرىم ساق ئىدىغۇ، قانداقسىگە...؟ — دېدى ئانىسى ھەرە چاققاندەك تولغىنىشىپ.

— رۇستەم دائىم باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەم ئىدى، باشقىلار ئۈچۈن جېنىدىن جۇدا بولدى.

جاۋاب بېرىۋاتقىنى مۇشۇ يېزىلىق ئايال بولسا كېرەك، پەردە تونۇمىدى، ئۇ ئايال ئېسەدەپ كۆز يېشى قىلدى، باش ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى قايرىپ يېشىنى سۈرتتى.

— قانداقسىگە، قاچان، قانداقسىگە...؟ — راھىلە ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك شۇ بىر سۆزنىلا تەكرارلاپ پىچىرلايتتى.

— ئىككى ئايدىن ئاشتى، — دېدى ناتونۇش ئايال يۇم-يۇم يىغلاپ، — بىر كۈنى نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ئۇ ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتقانىكەن، مەھەللە يېنىغا كەلگەندە بىر قۇرۇق ھارۋىنى سۆرىگەن ئۈچ ئاتنىڭ بولۇشىغا چېپىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. ئاتلار ئۈركۈپ ھارۋىنى ئېلىپ قاچقانىكەن. كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تۆت بالا يول چېتىدىكى قۇم دۆۋىسىدە ئويناپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۈركىگەن ئاتلار ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئويناۋاتقان ئاشۇ بالىلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپتۇ. قازا قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قاپتۇ. رۇستەم «قېچىڭلار بالىلار!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاتلارغا ئېتىلىپتۇ. ئۇنداق چاغدا ئاتلارنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە بىر نەرسە كۆرۈنىدۇ، دەمسىز، كەلگەن پېتى رۇستەمنى تەرگە چۆمگەن قۇۋۋەتلىك كۆكرەكلىرى بىلەن ئۇرۇپتۇ. رۇستەم چەبدەس نەرسە ئەمەسمىدى، ياندىق ئاتلارغا تەگمەي، بىر سەكرەپلا ئىچ ئاتنىڭ بويىنىغا مىنىۋاپتۇ-دە، بېشىنى قۇچاقلاپلا يان تەرەپكە بۇراپتۇ. ئاتلار زور مۇزور ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ھارۋىنىڭ بالىلار تەرەپتىكى چاقى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بالىلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن دېگۇدەك قىڭغىيىپ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يا پەرۋەدىگارا، نارەسىدىلەرنى ئۆز قانىتىڭ ئاستىدا ساقلىغايسەن. مانا شۇ چاغدا ئىچ ئات بېشىنى پەسكە قاتتىق سىلكىپ رۇستەمنى دومىلىتىۋېتىپتۇ. رۇستەم يۇگەنگە چىڭ ئېسىلىقلىق ئىكەن، پۇتلىرى يەرگە تېگىش بىلەنلا تىرەجەپ ئۈچ مېتىردەك يەرگىچە سۆرۈلۈپ بېرىپتۇ، بىراق بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلىپتۇ. قۇترىغان ئاتلار توختايدۇ دەمسىز، ھارۋا چاقى رەھمەتلىكنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم! — راھىلەنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، قوللىرى ئىختىيارسىز پەردەنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇۋالدى.

— ئالتۇندەك ئادەم ئىدى، يار بېشى-
دىكى مازارلىقتا كۆمۈپ قويدۇق. ئۇنىڭدىن
نىشان بولۇپ قالغىنى قەبرىسى ئۈستىدىكى
بىر دۆۋە توپا بولدى.

پەردىگە ئانىسى شۈركىنىپ كەتكەن-
دەك بىلىندى. ھېلىقى ئايالمۇ، راھىلەمۇ
جىمىپ قالدى. پەردىگە گويا شۇئان پۈ-
تۈن ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆككەندەك،
توي چۇقانلىرىمۇ بىردىنلا توختاپ قالغاندەك
تۇيۇلدى. قازاننىڭ گىژىلدىشى، قورۇمىلار-
نىڭ گاژ-گۇژى يىغا ئاۋازىدەك ئاڭلاندى.
نېرىدىكى باراڭ ئاستىدىن كېلىۋاتقان مۇقام
گويا تەمبۇر، دۇتار، قالۇننىڭ ئۆكسۈشىدەك
بىلىندى. پەردىگە ھەممە نەرسە غەلىتە،
گىچىماچ، تېپىشماقتەك مۇرەككەپ، سىرلىق
سېزىلدى. ئۇ يەردە ئادەم ئۆلگەن، بۇ
يەردە توي بولماقتا، تويدا ناتونۇش ئايال
مۇسىبەت يىغىسى يىغلىماقتا. پەردە ئىچىنى
تىڭشاپ ھېلىقى رۇستەم دېگەن ئادەمنىڭ
ئۆلگەنلىكىگە ئۆز يۈرىكىنىڭمۇ ئېچىشىۋات-
قانلىقىنى بىردىنلا سەزدى، سەۋەبىنى دەمال-
لىقتا ئاڭقىرالمىدى. ئۇ ناتونۇش كىشىغۇ،
ئانىسىنىڭ تونۇشى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟
ياخشى ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈندۇر بەلكى،
ئۇ پەردىدەك بالىلارنى ئۆلۈم خەۋپىدىن
قوتقۇزغان تۇرسا...

راھىلە پەردەنىڭ مۇرىسىدىن قولىنى
ئالماي قازناق ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ چىرا-
يى ئىسپادىسىز ئىدى. ئۇ قازناقتا بىردەم
قاققان قوزۇقتەك ھەرىكەتسىز قېتىپ تۇردى،
كېيىن قولىدىكى ئىشلارنى ۋە پەردەنى
باياتىن پاراڭلاشقان ئايالغا تاپشۇرۇپ قويۇپ
ئۆزى سىرتقا چىقىپ كەتتى، مېھمانلارنىڭ
يېنىغا چىقىپ كېلەي، بىردەمدىلا قايتىمەن،
دېدى.

سەل ۋاقىت ئۆتۈپلا پەردە ھېلىقى
ئايالنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ غىپپىدە
تالاغا چىقتى. ئانىسىنىڭ مېھمانخانىغا ئە-
مەس، دەرۋازا تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ،
كەينىدىن سايىدەك ئەگەشتى، راھىلە دەرۋا-
زىدىن چىقىپ كوچا بويلاپ بىرسى قوغلا-
ۋاتقاندەك يورغا قەدەمدە مېڭىپ كەتتى.
ئەمدى پەردىگە سوكۇلداشقا توغرا كەلدى.
ئۇلار ئىككى دوقمۇشتىن ئۆتۈپ كەنت
چېتىگە چىقىشتى. قىرلار، ئېتىزلىقلارنى ئارى-
لاپ مېڭىشتى. قارىغاندا راھىلە بۇ يەرلەر-
گە ئۇبدانلا تونۇش بولسا كېرەك، پەردە-
نى خېلىلا كەينىدە قالدۇردى. پەردە چىشى-
نى چىشلەپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىپ
باراتتى. تاشلاندۇق بوز يەرگە چىققاندا
تۆپىلىكتىكى كىچىككىنە توغراقلىق، ئۇنىڭ
نېرىسىدىكى كونا گۈمبەز، قەبرىلەر، ئۇ يەر
بۇ يەرگە سانجىلغان تۇغ-شەددىلەر كۆزگە
چېلىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئانىسى زومچەك-
زومچەك قەبرىلەرگە تولغان مازارلىققا
كىرىپ كېتىپ باراتتى. پەردە مازارلىقنىڭ
ئۆرۈلگەن كونا تېمىنىڭ يېنىغا كەلگەندە
راھىلە چەتتىرەك تۇرغان يېڭى قوپۇرۇلغان
بىر قەبرە تۆۋىگە بېرىپ يۈكۈندى، ئۆلگۈ-
چىنىڭ روھىناتىغا قول كۆتۈرۈپ ئىخلاس
بىلەن دۇئا قىلدى. پەردە پۈتىنىڭ ئۇچىدا
مېڭىپ يېقىنلاپ بېرىپ ياندىكى بىر قەب-
رىنىڭ دالدىسىغا تىزلاندى، بۇ يەردىن ئانى-
نىڭ يۈزى قىيپاش ئۇدۇل كۆرۈنەتتى.
ئانىسى ئۇگدەۋاتقاندەك، قىمىر قىلماي ئول-
تۇراتتى. پەردە ئۇنىڭ ھەسرەتتە پىلدىر-
لاپ قالغان كۆزلىرىنى كۆردى. كۆن پاتقى-
لى خېلى بولغان، قاش تېخى قارايمىغان
ئىدى. شەپەقنىڭ ئوت دېڭىزى ئۆچۈپ، يەر-
كۆك ئارىسى كۈمۈش رەڭگە تولغانىدى،

www.uyghurkitap.com

نېرىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەر ئۈستىدە ئاقۇش ئىسلار تولغىناتتى، بۇ تۆپىلىكتە بولسا مەيىن شامال يۈزلەرگە بىلىنەر-بىلىنمەس ئېسەتتى. ئەتراپ گۇگۇم تىمتاسلىقىنىڭ يىللىق قۇچىقىدا بىر كۈنلۈك ھاردۇقنى چىقىرىشنى باشلىۋەتكەنىدى. تاغلارنىڭ كۆلەڭگىسى بېسىپ كەلدى، ھەممە نەرسە ئالدىرىماستىن كۈل رەڭ دۇنيادىن قارا رەڭ دۇنياسىنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. پەرىدە ئانىسىنىڭ ئالدىدىكى قەبرە بېشىغا ئويۇلغان «رۇستەم... 1951 — 1987-يىللار ...» دېگەن خەتلەرنى ئىلغا قىلدى. شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ يېنىك ئاھ ئۇرۇشى ئاڭلانغاندەك بولدى. پەرىدە ئەندىكىپ ئانىسىغا قارىدى. راھىلە ئۈھسىندى، ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى، تۆۋەن ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دېدى. پەرىدە قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ «رۇستەم، ۋاي رۇستەم، مەن كەلگىچە جىمجىتلا كېتىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ مەن سېنى چۈشەپلا يۈرۈپتىمەن، سەن بولساڭ مېنى تاشلاپ كېتىۋېرىپسەن...» دېگەن نادامەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىدى. راھىلە يەنە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ جىمىدى. پەرىدە ھاڭ-تاڭ قالدى، ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. بالىلارنى ئۆلۈم ئاغزىدىن تارتىپ چىقىرىمەن دەپ جان تالىشىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئانىسىنى ئويلاپ تۇرغۇدەك ۋاقتى نېمە قىلسۇن؟ بولغان ھالەتتىمۇ نېمىشقا ئويلىشى كېرەككەن؟ «تاشلاپ كەتتىڭ» دېگىنى نېمىسى؟ ئەزەلدىن پەرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە نەگە ئېلىپ كېتەتتى؟ بىردىنلا پەرىدە بەزىبىر نەرسىلەرنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئانىسى بۇ ئادەمگە ئامراق، بۇ ئادەم بىلەن بىللە گۆرگە كىرىشتىن... پەرىدەنىڭ بىر يېرىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى، ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. نېمىشقا؟ مەكتەپ بالىلىرىنى قوغداپ قالغان ئادەم بولغاچقا ئانىسى شۇنچە... ئۇنىڭ پىكىرلىرى چىگىشلىشىپ توختاپ قالدى. مازارنى قاراڭغۇلۇق قۇچاقلىماقتا ئىدى. پەرىدەنى قورقۇنچ باستى، ئۇ ئانىسىغا قارىدى. ئانىسى بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيغىنى ھالدا بارماقلىرىنى چىشلەۋاتاتتى. پەرىدە ئانىسىنىڭ يىغلىغانلىقىنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان. يىغلاشنى بىلىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. مانا كۈتۈلمىگەندە ئادەمسىز جىمجىت مازاردا، قورقۇنچلۇق گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا ئۇ ئىچئىچىدىن تۆكۈلۈپ قار-يامغۇر يىغلاۋاتاتتى. مۇنچىلا كۆز يېشىنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى، نېمىشقا شۇنچە بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ قايناپ چىقىۋاتقانلىقىغا پەرىدەنىڭ ئەقلى يەتمىدى، ئولتۇرغان ئورنىدا بۇتتەك ھەرىكەتسىز قېتىپ قالدى. ھەيرانلىق ئۇنىڭ مېڭىسىنى تورمۇزلىۋالغانىدى، ئانىسى يىغا ئارىلاش يەنە بىر نەرسىلەرنى دېدى، پەرىدە دېمىنىمۇ چىقارماستىن قۇلاق سالدى: «ئىككى دۇنيالىقىم ئىدىڭ، ئۆزۈمنىڭ جۈرئەتسىزلىكىدىن بىز قوشۇلۇپ ياشىيالمىدۇق. ۋاي قۇدرەتلىك خۇدا، نېمىشقا ئۇنى مەن توي قىلىشتىن بۇرۇنراق ماڭا ئۇچراشتۇرمىغان بولغىيدىڭ، نېمىشقا ماڭا مۇھەببەتنى بېرىپ، جۈرئەتنى بەرمىگەن بولغىيدىڭ، مېنىڭ بۇ ھاياتىم ئۇنىڭ ئېلىپ تاشلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ ئەرزىمەيتتىغۇ، شۇ كۈنى قېشىدا بولغان بولساممۇ كاشكى...» دېگەن نالىلەرنى ئاڭلىدى. پەرىدەنىڭ يۈرىكى پۇچۇلاندى، ئېزىلىپ ئېرىپ

ئاقتى، ئۇ ئەمدى خېلى نەرسىلەرنى چۈ-
شىنىپ قالغانىدى.

راھىلە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ئۇزاق يىغلى-
دى، بەلكى ئۇ رۇستەم بىلەن بىللە بولغان
چاغلارنى ئەسلىگەندۇ، ئۆز - ئۆزىدىن نارازى
بولۇشنىڭ يالقۇنىدا ئۆرتەنگەندۇ. مازار-
لىقنى، پۈتۈن ئەتراپىنى كېچە دېڭىزى
سەزدۇرمەي دەم تارتىۋالدى. ئاسمانغا را-
ھىلەنىڭ كۆز ياشلىرىدەك سۈزۈك يۇلتۇز
چىقتى، دەسلەپ بىر، ئىككىسى، كېيىن
ئۈچىنچى، تۆتىنچىسى... بارا - بارا مۆلدۈر-
لەپ تۆكۈلگەن ياشلاردەك بىراقلا كۆپىيىپ
سان - ساناقسىز بولۇپ كەتتى، كېيىن
بىر يۇلتۇز ئاسماندا ئىنچىكە، ئۇزۇن ئال-
ماس شەمشەردەك يالتىراق ئىز قالدۇرۇپ
كۆچتى، ئۇپۇقنىڭ، مازارلىقنىڭ چېتىگە
يېقىن بىر يېرىگە چۈشكەندەك بولۇپ
غايىب بولدى.

پەرىدە ئىچىگە تىنىپ خېلى بىر ھا-
زا ئولتۇردى، ھاۋا سالقىن بولۇپ قالدى،
پەرىدەگە يۇلتۇز تولغان ئاسمان كۈمۈش
نەقىش ئويۇلغان قارا گۈمبىزنى پەسلىتى-
ۋاتقاندەك، بېسىپ چۈشۈرۈۋاتقاندەك
تۇيۇلدى، پارچە تاملار، گۈمۈرۈلگەن گۈم-
بەزلەر، قۇببىلار، قاقشال تېرەك، توغراق-
لار تەلەتى سەت مەخلۇقلاردەك، دىۋە، ئىب-
لىسلاردەك يىرگىنچلىك قىياپەت، سۈرلۈك
كۆرۈنۈشلەرنى شەكىللەندۈردى، تۇغ - شەد-
دىلەر گويا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، مۈڭگۈزلىرى
ئىدى، نېرىدىراقتىكى توغراقلىق قارا قەلئەدەك
كۆرۈنەتتى، يوپۇرماقلار ئاللىقانداق شىل-
دىرلاپ ئەنسىز ھېس قوزغىتاتتى، يېقىنىلا
يەردە شۇم ئاۋازدا ھوقۇش سايرىدى، پەرى-
دەنى سۈر باستى، سەبىي يۈرىكى يۇمران
ياپراقتەك تىترىدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئانىسى
تەرەپكە يۆتكىدى، ئانىسى جانسىز ھەيكەل-
گە ئوخشاپلا قالغانىدى، قاراڭغۇ كېچىدە
قورقۇنچلۇق مازاردا ھازىدارلىق، مىسكىن-
لىك قىياپىتىدە يالغۇز يىغلاپ ئولتۇر-
غان ئانىسىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلدى.
ئۇ ئاستا - ئاستا سۈرۈلۈپ ئانىسىنىڭ قېشى-
غا باردى، شەپىدىن سەگەكلەشكەن ئانىسى
بۇرۇلۇپ ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى،
پەرىدە قوزىدەك يۇمشاق ھەرىكەتتە ئانىسى-
نىڭ بېقىنىغا كىرىپ بېشىنى ئۇنىڭ مۈرى-
سىگە قويدى.

— يىغلىمىساڭچۇ، ئانا!

پەرىدە ئاران شۇ بىر ئېغىز سۆزنى-
لا قىلالىدى، بىراق شۇمۇ ئانىغا يېتەرلىك
بولغان بولسا كېرەك، قولىنى سوزۇپ پە-
رىدەنىڭ بېشىنى سىيلىدى، ئۇنىڭ ئاڭلىق
ياكى ئاڭسىز ھالەتتە، نېمە مەقسەتتە شۇن-
داق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

شۈكۈر يالقىن

# شېئىرلار

## قىرىماس مۇھەببەت

يادىڭدىمۇ يامغۇرلۇق بىر كەچ
ئۈزۈن ـ ئۈزۈن سۆزلەشكىنىمىز.
يامغۇر بولغاچ، ئۆي ئىچى بەك تىنچ،
سىر ئېيتىشىپ ئۆزلەشكىنىمىز.

دېرىزىگە يامغۇر ئۇراتتى،
چاكىلدىشى يۈرەككە تەگكەش،
چىراغ غۇۋا يېنىپ تۇراتتى،
ئەمما كۆڭۈل ئىدى نۇر — ئاتەش.

ياغسا يامغۇر ئۆزگىلەر غەمكىن،
بىراق بىزلەر ئىدۇق شادىمان.
بىز غەملەردىن يېگانە، چۈنكى
سەن بىر شوخ قىز، مەن بىر نەۋقىران.

يىللار ئۆتتى، دەۋرلەر ئۆتتى،
مەن بىر بوۋاي، سەن بولدۇڭ موماي.
ياش مۇھەببەت قىرىپمۇ كەتتى،
قېنى ئەمدى ئاشۇ خۇش چىراي!

ئاقتى سۇلار، سوقتى شامالار،
ھەر بىرىدىن قالدى تىردىن ئىز.
ئۆپچۆرىدە ئۆزگەردى ھاللار:
كېزىپ يۈرەر قانچە ئوغۇل ـ قىز...

لېكىن ئاڭلا، موماي دىلبىرىم
ھەر باھاردا كۆلسە تەبىئەت.
ياغسا يامغۇر يايرايدۇ باغرىم،
ياشىرىدۇ ئاشۇ مۇھەببەت!

## ھەۋەس

مەن ھەۋەس يۈرتىدىن كەلگەنمۇ نېمە،
ھەۋەستە ئۆتىدۇ ئۆمرۈم بىر پۈتۈن.
ھەۋەس چوڭ ئوكيان، مەن ئۇچقۇر كېمە،
ئۈزىمەن، ھەۋەسكە يۈرەكتىن مەپتۇن.

تۇغۇلۇپ دۇنياغا نەزەر تاشلىدىم،
چۇلغاپتۇ مۇھىتنى دەرد ـ ئەلەم، جاپا.
ھەسرەتلەر ئىلكىدە ھايات باشلىدىم،
لېكىن ھەۋەس بىلەن كۈتكىنىم ۋاپا.

ۋاپانى ئاز كۆردۈم، جاپانى تولا،
ئوقۇبەت جۈپ كەلدى، ھالاۋىتىم تاق؛
پىتنە ـ پاسات، ئىغۋا، شۇملۇق غۇلغۇلا
ھايات بويلاپ ماڭا بولۇشتى ئامراق.

قاخشىدىم، قايتمىدىم، ماڭدىم ئالدىمغا،
ھەۋەس ۋە غايە نۇر چاچقاچقا گويا.
خىيالىمدا يالتىرار ئازغىنا زىيان،
ھەۋەسىمدە پارقىرار بەك گۈزەل دۇنيا.

ئويلايمەن: سەكرات ئاخىرلاشقاندا،
ھەۋەسلەر ئىلكىدە يۈتكىلەر روھىم.
قەبرە تېشىمغا سۆز ئويۇشقاندا،
يېزىشقاي: ھەۋەستە كەتتى، دەپ، مەرھۇم.

### «ھەزرىتى ئىنسان» دىن پارچىلەر

زېمىنغا ھۆكۈمران بولغىنى يەتمەي
كائىناتقا بۈگۈن چاڭ سالدى ئىنسان.
شۇنداق كېتىۋەرسە زادى چېكىنمەي
سامان يولىغىمۇ سالغۇسى ئايۋان.

مەيلى ئۇ مايمۇندىن ئۆزگەرگەن بولسۇن،
مەيلى ئادەم ئاتانىڭ پەرزەنتى ئىنسان.
مەيلى ئىپتىدائىي ئورماندىن كەلسۇن،
يا جەننەتتىن چىقسۇن ھەزرەتى ئىنسان.

مەيلى تەڭرى ياراتسۇن، مەيلى تەبىئەت،
ھەر ھالدا ئۇ ئىنسان — ئۇلۇغۋار مەخلۇق.
ئىرق، مىللەت، قەبىلە، دىن، ئۆرپ - ئادەت
خىلمۇ خىل بولسىمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇق.

ئاق - سېرىق، قاراچىنىس دەپ ئالا كۆرۈش،
چوڭ - كىچىك، ئالىي- پەس دېگەن پەلسەپە.
رەزىللەر توقۇغان يالغان بىر يۈرۈش،
ئىنسانغا ياراشماس قۇرۇق سەپسەتە!

دۇنياغا كەلگەن ئۇ قۇرۇق قول بىلەن،
قۇرۇق قول بىلەنلا قايتار ئۇ يەنە؛
(ھېچنەرسە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلمىگەن،
ئېلىپمۇ كەتمەيدۇ يەنە ھېچنېمە.)

لېكىن ئۇ تۆھپىدىن يارىتىپ ئۈلۈش،
شۇ ئەزىم دۇنياغا ھەسسە قاتىدۇ.
قانۇنىيەت ئاندىن ئىنسانغا ئۆلۈش،
تۇپراقتا مەھشەرنى كۈتۈپ ياتىدۇ.

بەش كۈنلۈك دۇنيادا شۇ ئەزىز مېھمان
قالدۇرۇپ كەتسىكەن مۇنەۋۋەر مىراس؛
تىنچقىنا نۇر تۆكسە قۇياش، ئاي، چولپان
كىيسىكەن كەڭ ئالەم ئارامبەخش لىباس.

بارسا كەلمەسكە سۈرگۈن قىلىنسا،
ئىنسانلار ئارا ئۆچلۈك - ئاداۋەت.
ئىنسان قەدرى ئىنسانغا ئۆزدەك بىلىنسە،
ئادەمزات ياشىسا ئىناق - تائەبەت.

كۈن ئالسا ئادەمزات ئارامى خۇدا،
بولمىسا جەڭ - جېدەل ئەلگە ھۆكۈمران.
بولمىسا ئاشىقلار مەشۇقتىن جۇدا،
شۇنداق مىراس قالدۇرسا ھەزرەتى ئىنسان!

### بايرامدا ياشلارغا بىر سۆز

(بىر نورۇز بايرىمى ئولتۇرۇشىدا ئوقۇلغان)

مەرھابا، ئەي كاتتا بايرام، مەرھابا،
گۈلشەنۇ، رەنا يۇ لالەم مەرھابا!
بەختۇ ئىقبالدىن دېرەك بەرگىل مۇدام،
مەرھابا، نورۇزى ئالەم، مەرھابا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتتى يەتمىش نەچچە نورۇز مەن تۇغۇلغاندىن بۇيان،
بەخىت ئېلىپ كەلمەس ئىكەن نورۇز كىشىگە ھېچقاچان.
ھەر باھار، ھەربىر نورۇزدا بەخىت تىلەپ ئۆتسەممۇ مەن،
بولمىدى ھەل ئارزۇ ـ ئارمان تەلمۈرۈپ كۈتسەممۇ مەن.
گەر تىلەر بولساڭ سائادەت، سەن ھايات بويلاپ ئېلىش،
بارچە ئىقبال، بارچە ئىستىقبالغا ئاچقۇچتۇر چېلىش.
ئۆتسە ياشلىق ئۆجمە پىش ـ ئاغزىمغا چۈش دەپ ھەرۋاقىت،
قانچە نورۇز، قانچە ياز ـ قىش ئۆتسىمۇ كەلمەس بەخت.
نەۋ باھاردا كەلدى نورۇز ئۆرغۇسۇن ياشلىق قېنى،
ياشلىرىم، ياشنات جاھاننى، دورىما ھەرگىز مېنى!

## پارچە ـ پۇراتلار

ئەگەر شۆھرەتتە كۆز يەتمەس ئېگىز ئاسماندا ئاي بولغىن،
ۋەيا قەدرىڭ كېتىپ بەكمۇ، تۆۋەن ئازگالدا لاي بولغىن.
ئۇنۇتما بىر ھەقىقەتنى: ھامان سەن بىر ئادەم ـ ئىنسان،
كى مەيلى بەك گاداي يا جاھاندا بىرلا باي بولغىن.

*　　　*

چىمەندە سايرىسا گۈللەر ئارا تەنھا بولۇپ بۇلبۇل،
قىلىپ پەرۋاز پەلەكتە كەڭ قانات يايساڭ بولۇپ دۇلدۇل.
چىقارما خاتىرەڭدىن سەن شۇنى، بىر كۈن يىقىلساڭ گەر،
ئېتىپ موللاق، چۈشۈپ داق يەرگە بولغايسەن چوقۇم چۈل ـ چۈل.

*　　　*

ھەي ئادەملەر، ئادەملەرگە گۇناھ ئارتساڭمۇ ئارتقىن،
لېكىن ئاۋۋال شۇ گۇناھنى تارازاڭدا بىر تارتقىن.

*　　　*

قىلىۋالدىم، دېمە ئەلگە، يانار پاتلا ساڭا، دەپتۇ،
بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە، بۈگۈن باغ ئايلىنىپ كەپتۇ.

1968 ـ 1970 ـ يىللار.

**ھامۇت زايىت**

## ئىككى شېئىر

### تەبىئەت ــ پەرىشتە، پەيغەمبەر، ئانا

1

ئۈستۈمدە كەڭ ئاسمان، ئاستىدا زېمىن،
دىلىمدا يېلىنجار ئارمان، ئەقىدە.
ياڭرىتار ئىلھامىم بىر ناخشا ـ گېمىن،
مۇقەددەس تەبىئەت، ھايات ھەققىدە.

ئويلايمەن: تەپەككۇر ئىنسانغا پەرۋاز،
چىنلىق ۋە غايىدە گۆزەل بۇ دۇنيا.
تەسەۋۋۇر قولىدا يارالغان ئوبراز
پەرىشتە ئۇلۇغلۇق، پاكلىقتا سىيما.

قىلىدۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا تەققاس
سېبستىرا دوختۇرنى، يارنى، ئۇستازنى.
ھەر شائىر، ھەر رەسسام، غەزەلخان، رەققاس
ئالىدۇ رومانتىك نۇسخا ــ ئەندازنى.

باشلانسا خىسلەتكە مەدھىيە ئىشـى،
شۇ يەردە پەرىشتە بولىدۇ پەيدا.
كۆرمىگەن بولسىمۇ ئۇنى ھېچكىشى.
گۆزەللىك ئالىمى ئۇنىڭغا شەيدا.

پەرىشتە تەسەۋۋۇر ھەم خىيال تامام،
ۋە لېكىن بىر كۆچ بار پەرىشتە سۈپەت
بەرگۈچى ئىنسانغا نۇر، نېمەت، ئىلھام،
پەرىشتە تەمەسىز، سېخىي تەبىئەت.

2

ئۈستۈمدە تىلسىملىق چەكسىز كائىنات،
قارايدۇ تەلمۈرۈپ ماڭا ئاي، چولپان.
ئويلايمەن ئالدىمدا ھايات ۋە مامات
پىكىردە، ھەرىكەتتە، پەرۋازدا جاھان.

ئادەمنىڭ قىسمىتى مەۋجۇتلۇق، يوقلۇق،
زىددىيەت، تىنچلىقتا يۈكسىلەر دۇنيا.
تەسەۋۋۇر قولىدا يارالغان مەخلۇق
ئەزرائىل ـ ماماتقا مۇئەككەل سىيما.

قىلىدۇ كىشلەر ئۇنىڭغا قىياس
جەڭ ـ قىرغىن، زالىم شاھ، ۋابا، جاللاتنى.
ئۇ كىيىپ يۈرەرمىش قاپقارا لىباس
دەپ «يەردىن يوقاتسام پۈتكۈل ھاياتنى.»

ۋە لېكىن بىر كۈچ بار ھاياتقا كېپىل،
ئۇ مەۋجۇت، سۈكۈنات باسـماس جاھاننى.
ئۇ مەۋجۇت، قۇرۇماس تەپەككۇر، ئەقىل،
ئالدىغا سىلجىتىپ تارىخ، دەۋراننى.

ئۇ ــ ئانا، قۇدرەتلىك، غالىب ۋە دانا،
ئۇ مەۋجۇت، ئەزرائىل يەتمەس مەقسەتكە.
تەبىئەت جىمىكى ئانىغا ئانا،
مۇناسىپ ئۇلۇغلۇق، سۆيگۈ، ھۆرمەتكە...

### توڭلاتقۇ

1

تارتىنچاق قىز ئىدىڭ چىرايلىق، ئوماق،
چىھرىڭ گۈل، قامىتىڭ ياش كۆچەتكەبى،
ئوينايتتۇق، ئوقۇيتتۇق زەپ ئىجىل-ئىناق،
قىلىقىڭ، سۆزلىرىڭ سەممىي، سەبىي.

ماڭىمۇ يوشۇرۇن ئىدى نىگاھىڭ،
كۆزۈڭدە ھايادىن چاقنايدۇ قۇياش.
ئاق دىللىق ھەم پاكلىق ئىدى ئىلاھىڭ،
يوق ئىدى مەندىمۇ ئەسلا يېتىرقاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆيەتتىم مەن سېنى مەخپىي - يوشۇرۇن،
بىر باقساڭ بەرگەندەك بولۇپ دۇنيانى.
ئالدۇردۇم يۈرىكىم تۆرىدىن ئورۇن،
سەندىكى پاكلىقنى، شەرمى ھايانى.

شۇ چاغدا بولسامۇ يېلىك، ئاچ قورساق،
سەن سۆيدۈڭ، يايرىدى قەلبىم راھەتتە.
بولمىدى نامراتلىق سۆيگۈگە توساق،
كىيگۈزدۈڭ بېشىمغا تاج ساداقەتتە.

سەن كەتتىڭ شەھەرگە، مەن قالدىم يۇرتتا،
بەك ئېغىر كەلدى بۇ ۋاقىتلىق ھىجران.
تولغاندىم قىل كەبى جۇدالىق ئوتتا،
چىدىدىم بولمىغاچ قەلبىمدە گۇمان...

2

كۆپ قېتىم چىقتى ۋە پاتتى قۇياش، ئاي،
بەرمىدىڭ شۇنچە جىق خېتىمگە جاۋاب.
تىرىشتىم، تىرماشتىم بولۇپ قالدىم باي،
قىسمەتكە ھامىلدار ئىكەن بۇ ھايات.

ئاھ، بۈگۈن كېلىپسەن قېشىمغا... ھەيھات،
كۆرسەتتىڭ خىلـمـۇخىل ناز ۋە قىلىقنى.
بۇرۇنقى گۈزەل قىز بىلىنمىدىغۇ يات،
دەريادا بەك ئۇسسۇز كۆردۈم بېلىقـنى.

نەگىمۇ كەتكەندۇ سەندىكى ھايا،
تەبىئىي گۈزەللىك، پاكلىق، ئەقىدە.
بىلىندى كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك دۇنيا،
سۆزلىگەن چېغىڭدا پۇل - مال ھەقـقىدە.

كۆرمىسەم بوپتىكەن سېنى بۇ ھالدا،
نەپرىتىم سۆيگۈدىن كەلمەكتە غالىب.
ئۆلچەنسە قىممىتى پەقەت پۇل - مالدا،
بولمامدۇ مۇھەببەت ئالەمدىن غايىب؟

بولدى بەس، كۆرسەتمە گەپتە ماھارەت،
قىلىقىڭ، ھەۋىسىڭ ھايادىن ياتقۇ؟
مۇزلىدىم، يۈرەكتىن ئۆچتى ھارارەت،
قىز ئەمەس، بولۇپسەن ئەمدى توڭلاتقۇ...

**ئىلھامجان ئابلىز**

## كۆڭۈل كۆلەڭگىلىرى

### تامچە تەردە چەكسىز بىر پارلاش

ئىجاد ئىشقى سىلىپ شەيدالىق،
غۇبار سەزگەن چېغىم روھىمدىن،
سەدىقىغە بېرىمەن جاننى
يۇلتۇزلارغا ئايرىپ تېنىمدىن

پېشانەمدە تەپچىرەيدۇ تەر
ماڭلىيىمدا كۆلدۈرۈپ ئەختەر.
بىر مۇساپە پۈتسە ئۈنگىدىن،
ئۆتەڭلەردە ھالسىرايدۇ يەر.

چوققىلاردا يۈرسەم خىيالەن
ساددىلىققا قىستايدۇ تايىن.
ئاچچىق تەرلەر ئاچچىق شۇدىرلاپ،
زوق بېغىشلاپ پەيلەر مەيىن.

سەبىيلىككە قايتىمەن شۇندا،
تەر سەتھىدە چايقىلىپ ھايات.
مەنزىل سورار ئىزدىققان يوللار
ئىلاھ ئوخشاش پەر قاقسام گىگانت.

تېۋىندۇرار تەرلەر روھىمنى
تېۋىندۇرغان يەر - ئانام ئوخشاش.

ھېسلىرىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتەر،
تامچە تەردە چەكسىز بىر پارلاش.

### تارىخنىڭ مونولوگى

ئادەملەرگە تېۋىنىدىم پەقەت،
ئىلاھ ئوخشاش كۈتتۈم شاپائەت،
ئەگەشتۈردۈم لېكىن ئۇلارنى،
بەلكىم شۇنداق پۈتۈلگەن قىسمەت.

ئادەم مېنى تۇغدى ئېھتىمال،
لېكىن نەپەس بەردىم ئۇلارغا.
تالاي ئادەم كۆز يۇمدى ئەمما
قارىچۇقۇمدا يېزىقسىز قۇرلار،
يەنە ھايات بەردىم ئۇلارغا.
تۇۋا...
تۇۋا...

### ئارمان

ساھىلىڭنى كېزىپ تالاي رەت،
سوزۇۋالدىم مارجانلىرىڭنى.
ئاشىق كارۋان ئۆتكۈنچى پەقەت،
بەرمە ئاڭا ئارمانلىرىڭنى.

خادا تاشتىن تارىغان شاۋقۇن
چۈشلىرىمدە كۈيلىنەر پەقەت.
مەنزىلسىزلا كۆلىدۇ دولقۇن
ئىزلىرىغا بېرىپ تاتلىق دەرت.

گۈگۈمىڭنى سۈرۈپ بارىمەن،
ئارمىنىمدىن تىكلەپ ئاڭا قەت.
سۈكۈتۈڭنىڭ غەزەلخانىمەن،
قىسمەتلىرىم ئۆتتى شۇ سۈپەت.

زەڭگەر دولقۇن يۇلقۇنار كۆككە،
ئېتەمدىكىن يۇلتۇزنى باغاش.
ئىشەنمەمسەن رىۋايال چۆچەككە؟
پەرۋازلاردىن تۇغۇلار قۇياش!

قارىچۇقۇمدا مۈگدىسە سۈبھى،
جىلۋىسىنى كىرپىك ئەت شۇدەم.
ئارمىنىڭنى بەر ماڭا مەڭگۈ
كارۋىنىمغا بولسۇن ئۇ ھەمدەم.

بىز تەلمۈرگەن سۈبھى قوينىغا
سىڭىپ كەتسە ئاداققى مېھرىڭ.
گىرە سېلىپ قۇياش بوينىغا
شادلىناتتى شۇندا شائىرىڭ.

**ئابلىمجان ھېيت**

## گۈزەللىككە ئاشىق مەن ئەبەد

### بولسا يەنە سۆيۈش ھوقۇقۇم

ھاياتتا ئەركىلەپ باققان چاغلىرىم
چېچەكلەر ئاچماستىن ياشلىق كەڭلىكى،
ئارمانلار قېپقالدى لېۋىم نەمدەلمەي،
جار سېلىپ قەلبىمدە ھەسرەت تەڭلىكى.

يارالغان بولماستىن بۇندىلا ئۇچۇن
چېھرى ئۇز، پۈرسىتى كەگرى دۇنياغا.
نە ئۇچۇن بولدى تار ئۇنىڭ كەڭلىكى،
يا تەلەي تەتۈرلا بولغانمۇ ماڭا؟
بىر ئۆمۈر تاپقىنىم بولدى غەم، ئەندىش،
كۆزلىرىم ماڭا يات كۆزلەرگە ئۇلجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈزۈمنىڭ كۆكلىگە سىغماي بىر قېتىم،
باش قويغان ئۈزگە بىر ئاھۇ قويىنغا.
قاچانمۇ ئاجرار، دەپ ئۇنىڭ لەۋلىرى،
ھە، ئەمدى كۆيىدۇ تىنىقلىرىم نار.
ئۆتەرمۇ ھاياتىم خار بولغان پېتى،
ئالدانغان تەقدىرىم تاپماي ئىختىيار.
دۇنياغا بىر كەلدىم ھەققە بويسۇنۇپ،
يوق ماڭا يەنە بىر تۇغۇلۇش بەلكى.
ۋە لېكىن ئىنساننىڭ ئىككىنچى قېتىم
بارمۇ ـ يوق سۆيگۈنى تاشلاشقا ئەركى؟
تېنىمنى چاقىدۇ قۇرغاق قۇچاقلار،
پۇشايمان ئۆرتەيدۇ يۈرەك ـ باغرىمنى.
بولسا گەر يەنە بىر سۆيۈش ھوقۇقۇم،
سۆيەي مەن چىن دىلدىن سۆيگەن يارىمنى.

## دىلبەر كېچە

جىمجىت كېچە، سۆيۈملۈك دىلبەر،
پەردىزاتنىڭ مۇڭلۇق كۆزىدەك.
تىنار يۇمشاق دىمىدە دۇنيا
ئاشىق ئۆلۈپ ئارام تاپقاندەك.
يېچىرلايدۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلار
كۆلكىسىنى كۆلۈپ ئىچىدە.
ھەربىر يۈرەك تاپار ئەركىنلىك
ئەجەب تىنىق، لىرىك كېچىدە.
ناۋا بەرسە ئويناق دەريالار
سۇمبۇل سۆيگەن سالقىن شامالغا،
نازلىق تىنىپ ئۇخلار لېۋەنلەر،
خۇش بۇي چېچىپ مەسخۇش ھاۋاغا.
تۈن ئەللىيى بېرەر ئاراملىق
ئازابلاردىن تاپقۇزۇپ تەمكىن.
مېنى خۇش ۋاق ئېتەلمىسىمۇ،
تەنھالىقتىن ئازاد ۋە ئەركىن...

جىمجىت كېچە، سېھىرلىك دىلبەر،
رەڭدار سىردا سىرلانغان ئالەم.
تۇمان باسقان ھاياتنى قېقىپ،
تۈيغۇلىرىم تىنىم تاپماس ھەم.
تەنھالىقتا تۇتۇنغان كۆڭلۈم
كۈيگە قاتار ھىجران زارىنى.
تۈن ئارامى لەززەت سۇرسىمۇ،
ئارمان بىلەن ئىزدەر يارىنى.
ئاي قۇچاقلار تىنماي تېنىمنى،
كۆزلىرىمدىن ئاختۇرۇپ ۋىسال.
ئۇنىدىن ئىزدەر قۇياش لېۋىنى،
كۈندەشلىكتىن تارتىپ كۆپ ئۇۋال.
تەلمۈرمىسەم ئايغا، قۇياشقا،
يا قىلماسمۇ قەددىنى ئازاب.
ئۇنىڭ قەدرى مېنىڭ ئىشقىمدا،
مەن سۆيمىسەم ئۇ قەبرە خاراب.
ئايمۇ كەتتى قۇياش ھەم رەنجىپ،
غېرىبسىنىپ قالغاچ نىگاھى،
قاچقۇن دەپمۇ قالمىغىن، بۇ دەم
كۆڭلۈم ئىزدەر باشقا نىگارنى.
مۇڭدىشالماي يۈرسەكمۇ تەشنا،
يۈرەكلەردە سۆيگۈ ناۋاسى.
ياش ئاقسىمۇ نۇرلارنى يۇيۇپ،
قارىچۇقلاردا ۋىسال دەۋاسى...

## گۈزەللەر بار، گۈزەللەر

كۆزلىرىمدە گۈزەللەر بار، گۈزەللەر،
ئۇنىڭ زوقى مېنى ئەيلەر بەختىيار.
گۈزەللەر بار، ھەر تىنىقتا مەنە بار،
ئۇنىڭ ئىشقى قىلسىمۇ خار بىقارار.
ھايات ماڭا شۇنچە گۈزەل تۇيۇلار،
ئۇنىڭ زوقى مېنى ئەيلەر بەختىيار.

كۆزلىرىمدە گۈزەللەر بار، نۇرلار بار،
يوللىرىمنى ئارمانلىرىم يورۇتار.
مۇز ئىچىدە دوزاخ قېتىپ قالسىمۇ،

يۈرىكىمگە كۆمۈپ قويغان چوغى بار.
ئارىمىزدا تۇرسىمۇ تاغ ـ داۋانلار،
يوللىرىمنى ئارمانلىرىم يورۇتار.

كۆزلىرىمدە گۈزەللەر بار، گۈللەر بار،
مەندىمۇ بار شۇنداق يۈرەك گۈلخۇمار.

يا ئۇ بەردى ماڭا ئۆچمەس ئوت يۈرەك،
ياكى قەلبىم قىلدى ئۇنى كۆز تۇمار.
گۈزەللەر بار، دۇنيا گۈزەل لالىزار،
مەندىمۇ ھەم ئۇنى سۆيەر يۈرەك بار.

**غەنى رەشىد**

## قىلدىمەن قەلبىمنى ئوپئوچۇق ئىزھار

### بىر قارىشىڭ تارىتامدۇ بىر يۈرەكچە ئوت

ئاددىيلا بىر قاراش، ئاددىي تەبەسسۇم،
بىلمىدىم بار ئۇندا قانچىلىك سىھىر.
نېمىشقا تۇيۇقسىز داۋالغۇپ كۆڭلۈم،
ئاقىدۇ سەن ئۈچۈن بىر ئالەم مېھىر.

بولغانمۇ مەقسەتلىك، ياكى مۇنداقلا،
بىلمىدىم، شۇ ئاددىي قارىشىڭ ئۇماق،
ئۈينىشىپ تاشلىدىڭ بىر مەررە قارماق؟!
بىراق مەن ئىلىندىم، ئىلىندىم شۇنداق.

ئىلىندىم قارماققا، تاشلىدىڭ ئوتقا،
سەن مېنى دېدىڭمۇ ياكى سەمەندەر.
شۇ ئاددىي بىر قاراش، بىرلا تەبەسسۇم،
ئۆرتەيدۇ جىسمىمنى ھازىرغا قەدەر.

### يىراقتا بىر چىراغ بار پىل ـ پىل يانغان

يىراقتا بىر چىراغ بار پىل ـ پىل يانغان،
ئېزىقماي شۇنى مەن كۆزلەپ بارىمەن.
دېمەڭلار مۈدۈرسەم، يولىدىن تايغان،
قەلبىمنى گۈگۈمغا سۆزلەپ بارىمەن،

قەلبىمنى گۈگۈمغا سۆزلەپ بارىمەن،
گۈگۈم ئۇ، سىردىڭنى ساقلايدۇ تولۇق.
تەھقىقكى، چىراغنى قولغا ئالىمەن
ھەم ئۇنىڭ نۇرىنى قىلىمەن ئۇلۇق.

مەن ئۇنىڭ نۇرىنى قىلىمەن ئۇلۇق
قەلبىمنى شۇ نۇرغا قىلىمەن ئىزھار.
چىراغ بەك يىراقتا، يانىدۇ پارلاق،
ئېيخ مەنمۇ يولۇمدىن قالمايمەن زىنھار.

**ئەركىن روزى**

## ئىككى شېئىر

### ئۆتەي ئەمدى تاغلاردىن ھالقىپ

ئامراق ئىدىم تاغلارغا ئۆزۈم،
تەلپۈنەتتىم يىراقتا تۇرۇپ.
تاغ ھەققىدە قىسسىلەر ئاڭلاپ،
روھلىناتتىم كۆزلىرىم يورۇپ.

تاغ باغرىغا يەتتى قەدىمىم،
ئارمانلارغا كۆمۈلۈپ قالدىم.

ناخشا ئېيتتىم تاغنى قۇچاقلاپ،
تاغ سۆيگە چۆمۈلۈپ قالدىم.

ئۆتەي ئەمدى تاغلاردىن ھالقىپ،
ياش تۆكمىگىن، ئاق يول تىلىگىن.
جېنىم ئانا، تاغلار ئېگىزكەن،
كۆرەلمەيمەن، قوزام، دېمىگىن.

www.uyghurkitap.com

ئۆتەي ئەمدى تاغلاردىن ھالقىپ،
قانداق دۇنيا باركىن بىر كۆرەي.
ھاياتلىقنىڭ كارامىتىنى
ساڭا چوقۇم يەتكۈزۈپ بېرەي.
**تۇپراقنى كولىدىم، تىرناقلىرىم قان**

ئۇسسۇزلۇق دەردىدە قىينالدىم ئۇزاق
سېنى دەپ بۇ چۆلدە ئىزدىدىم بۇلاق.

تاماشا قىلماسمەن ھالاكىتىڭنى،
ئادەممەن، ھاياتنى سۆيىمەن شۇنداق.

سېنى دەپ بۇ چۆلدە ئىزدىدىم بۇلاق.
تۇپراقنى كولىدىم، تىرناقلىرىم قان.
ئىڭرىما، چىدىغىن، قۇتۇلمىقىڭ راست،
دىلىمدا مۇھەببەت، ئۈمىد ھۆكۈمران.

**ئابدۇرېشىت بارات**

## مۇڭلۇق خىياللار

### بوغۇزۇمدا بوغۇق بىر نىدا

ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئاۋازىڭنى مەن
بېزەك قىلدىم سۆزۈك مىسراغا،
ئېلىپ قېچىپ تەشۋىشلىرىڭنى
كۆمۈۋەتتىم خىلۋەت جىراغا.

تەشۋىشىڭدىن ئايرىلىپ بۇدەم
كۈلكىلەرگە كۆمدۈم جاھاننى.
بىراق ئۇنتۇپ مىنى خىلۋەتتە،
ئاتا قىلدىڭ تەشۋىش ـ پىغاننى.

بوغۇزۇمدىن بوغۇق بىر نىدا
بولۇپ چىقتى ئاشۇ تەشۋىشلەر.
يۈرىكىمنى ئېزەر ھەر دەقىق
شۇ مۇقەددەس ئۇزاق ئۆتمۈشلەر.

### يوقالغان روھ

قەدىمىي قەبرىدەك تۇرىدۇ جىمجىت
بىر قەبرە ئالدىدا بىچارە بوۋاي.
كۆز يېشى ئەگمىدۇ مەڭزىدە بۇدەم،
ئەسلىمە ئىلكىدە كۆيلىنىپ موماي.

قەبرىگە كۆمۈلگەچ ئۇنىڭ شادلىقى،
قەبرىدەك مۇڭلىنىپ قالدى يۈرىكى.
مەڭگۈگە مۆكۈنگەن ھايات شادلىقى،
پەر قاقماس بوپ قالدى شۇندا تىلىكى.

گاھىدا تۇنەيدۇ بۇ يەردە تەنھا،
شۇ بوۋاي مۇڭلىنىپ قەبرە بېشىدا،
بىر بۈيۈك سۆيگۈنى ئەسلىتەر ساڭا
بوۋاينىڭ يېشىدىن تۆكۈلگەن نىدا.

**ئېلى سىدىق**

## تەمبۇر

زامانە شادلىقى بىرلە جاراڭلاپ سايرىسا تەمبۇر،
يۈرەكتە بالقىغاي ئالقىش ئۈنۈڭنى ئاڭلىسا، تەمبۇر.

مۇقام توۋلاپ ئەجەم چالسا سىگاھ ھەم پەنجىگاھ، ئۆزھال،
كۆڭۈلنىڭ تارىسىن چەككەي ئۇشاققا ياڭرىسا، تەمبۇر.

چېلىنسا چارىگاھ، ئىراق سەھەرنىڭ بۇلبۇلى دەيمەن،
ھەمىشە ياڭرىساڭ راكقا كۆڭۈللەر مەھلىيا تەمبۇر.
چېلىپ باياتى، چەببيات، مۇشاۋرەكتە ياش تۆكسەم،
ناۋا بىرلەن ھۆسن قۇشتۇڭ مۇقام دەرگاھىغا تەمبۇر.

قەدەھنى سۇندى سەۋدائى، ئۈنى سەن توشقۇزۇپ بەرگىن،
تۇتاي خەلقىمگە شاد كۈيلەر چېلىنسۇن دىلرابا، تەمبۇر.

ئەخەت تۇردى

# ھايات شۇنداق

(رومانىدىن پارچە)

تەھرىردىن: يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۇرۇلگەن «ھايات شۇنداق» ناملىق يېڭى رومانى يېقىندا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىرگە بېرىلدى. روماندا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنىدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئۇرۇمچىنىڭ 1987 - يىلى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، خىلمۇ خىل، جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ھايات ھەقىقىتى ئېچىپ بېرىلگەن. تۆۋەندە رومانىنىڭ 3 - بابىنى ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا سۇنىدۇق.

## ئۈچىنچى باب

## لالىرەڭ شاراب

### 1

توۋا، ئادەم دېگەن ئاجايىپ نەرسە! بەزىلەر باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە، غۇرۇرىغا توقماق ئۇرۇپ، دەپسەندە قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ - يۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە، غۇرۇرىغا چىۋىق چاغلىق نەرسە يېگىپ كەتسە، ئالەمنى مالەم قىلىدۇ!

ئەدھەم مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە نەشرىياتقا بىر نەچچە قېتىم باردى. مۆمىن قاسىم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى رەت قىلدى، ئەسىرىڭىزنى رەھبەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بەردىم، دەپلا قۇتۇلدى. ئاق چاچلىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئۆزىنىڭ تەبىئىي سىيلىق - سىپايىلىقى بىلەن ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، يەنە بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى. شۇ چاغدىلا ئەدھەمنىڭ سەۋرى قاچىسى تولدى:

— نېمىدېگەن چەكسىز كۈتۈش بۇ؟! — دېدى ئۇ سەل - پەل ئۆڭگەن ھالدا، — سىلەر ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمىغان بىلەن مەن ئۈچۈن ۋاقىت — ھايات، ھايات — ۋاقىت! سىز «ئىككى يېرىم مىنۇت ئۆمۈر كۆرەر ئىنسان: بىر مىنۇت كېلكە

www.uyghurkitap.com

بىلەن، بىر مىنۇت ھەسرەت بىلەن، يېرىم مىنۇت كېتەر سۆيگۈ بىلەن!» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟!

— ئاڭلىغان، ئاڭلىغان، — دېدى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — مەن يەنە مۇنداق گەپنىمۇ ئاڭلىغان: «ئاللا ئىرادىلىك ئادەمنىڭ مۇرادىنى يەردە قويمايدۇ!» ئەگەر ئاللا بار دېيىلسە، بىز بۇ ئاللانى ۋاقىت دەپ چۈشىنىمىز. ۋاقىت ئۆزىنى سەمىمىي، قىزغىن سۆيگەن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. دەل شۇ ۋاقىت ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شاگىرتلىق، ئىمكارلىق، ھامماللىق، قاراۋۇللۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن گوركىينى ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى قىلىپ يېتىشتۈرگەن... — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالدى، چىرايىدىكى تەبەسسۇممۇ ئاستا-ئاستا ئۆچتى، قولىدىكى رۇچكىنى قەلەمدانغا سېلىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — يولداش ئەدھەم، بىزنىڭ بۇ نەشرىياتىمۇ ئەنە شۇ ۋاقىت بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. سىزگە ئوخشاشلا، بىزگىمۇ ۋاقىت بەك قىممەتلىك! لېكىن ئەسىرىڭىزگە كەلسەك، ئوخشىمىغان پىكىرلەر بار. بىزنىڭ يەنە بىر ئاز ئويلىشىۋېلىشىمىز، مۇھاكىمە قىلىشىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، ئازراق ۋاقىت بەرمەمسىز؟ سىزمۇ بىر تەھرىر، بۇ ھەرقانداق يىرىكرەك ئەسەرلەر ئۈستىدە بولىدىغان ئەقەللىي تەلەپقۇ؟!

ئەدھەم ئەمدى باشقا گەپ تاپالماي، توقامنى قارىنىغا ئالغاندەكلا سورىدى:

— ئەسىرىمنى زادى چىقىرامسىلەر-چىقارمامسىلەر!؟

— مەن بۇنىڭغا ئالدىن ۋەدە بېرەلمەيمەن!

— نېمىشقا؟! سىز بىر باش مۇھەررىرغۇ؟

— شۇنداق، مەن باش مۇھەررىر. لېكىن ئەسىرىڭىزنىڭ چىقىش-چىقماسلىقىغا مېنىڭ باش مۇھەررىرلىكىم ئەمەس، ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ ئۆزى بىر نەرسە دەيدۇ!

— ئۇنداق بولسا، يولداش باش مۇھەررىر، پىكىرنىڭ پوسكاللىسى زادى نېمە؟ مەن ئەسەرنى ئاشكارا يازغان، سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنىڭمۇ ئاشكارا بولۇشىنى تەلەپ قىلىمەن!

بۇ گەپ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئاپتور تەلەپ قىلغان ئىكەن، ئەلۋەتتە پىكىرنى ئوچۇق ئېيتىش كېرەك. بۇنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە زىيىنى يوق. نەشرىياتنىڭ ئەسەرلەر ئۈستىدىكى پىكرى ئەزەلدىن مەخپىي بولغان ئەمەس. ئۇ تارتمىنى ئېچىپ، مۆمىن قاسىم تەييارلىغان ھېلىقى ئۈچ بەتلىك پىكىرنى ئالدى. بىرىنچى بەتنىڭ ئۈستىگە بۆلۈم مۇدىرىمۇ تۈنۈگۈن ئەسەرنى كۆرۈپ بولۇپ، «مۆمىن قاسىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن» دېگەن قىسقىلا تەستىقنى يېزىپ قويغانىدى.

— مانا، ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر قولىدىكى قەغەزنى ئۇزىتىپ، — پىكىرلەر خېلى تەپسىلىي يېزىلغان!

ئەدھەم پىكىرلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى. بىرىنچى بەتنىڭ يېرىمىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگەردى. دەسلەپ تاتاردى، كېيىن بىردىنلا قارىداپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى يالتىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تازا بۇرغۇسى تۇتتى. ئەلپازىنى بۇزۇپ، بۇ پىكىر ئەمەس، بوھتان، ھەممىڭلار ساۋاتسىز، ھەسەتخور... دەپ زۇكۇنلاشماقچىمۇ بولدى. لېكىن يەنە ئۆزىنى باستى، باش مۇھەررىر بىلەن يىرىكلـ

شىپ پايدا ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، نەشرىياتتىكى تامغىنىڭ تۇتقىسى بىلەن قىزىل قەلەمنىڭ سېپى ئۇنىڭ قولىدا، ئۇنىڭ بىلەن بىراقلا ئادا - جۇدا بولغىلى بولمايدۇ! قارا، ئۇنىڭ ھۆل ئوتۇندەك شىرشىملىقىنى! سەن قاتتىقراق بىر نەرسە دېسەڭمۇ، ئۇنىڭ ھىجىيىپ تۇرغىنى تۇرغان! بۇنداق ئادەملەر ھەممىنى كۆڭلىگە سالىدۇ، پەيت كۈتىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە تۇيدۇرماي ئەپلەۋېرىدۇ!...

شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئەدھەم يەنە بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ھەممىنى قىلغىنى ھېلىقى مۆمىن قاسىم دېگەن «ئىت قونىقى» پەتەك ئىدى. ئەگەر ئۇ بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئوبدان يازغان بولسا، باشقىلارمۇ جەزمەن شۇنىڭ ئىزىدىن ماڭاتتى. چۈنكى، ئەسەر دېگەن شۇنداق بولىدۇ، ھېچكىمنىڭ قولىدا ئۇنى سىلىپ ئۆلچەيدىغان تەييار قېلىپ يوق! بىرىنچى پىكىرنى كىم ئەپلەپ قويالىسا، شۇنىڭ ھېساب! لېكىن ئۇ بەچچىغەر قۇسۇر ئىزدەپتۇ، ھەسەت قىپتۇ. ئىسسىت، ئۇنى ماختاپ يازغان ماقالەم! ئىپسىت، ئۇنىڭغا كەتكەن ئەجرىم! شۇنچە كارامەتلەرمۇ كىچىككىنە تەسىر قىلمىسا - ھە؟! بىلمەيتىمەن، ئىتنى تۆرگە ئېلىپ چىقساڭ غىڭشىپ پەگاغا چۈشەر، دېگىنى شۇ ئىكەن - دە!

ئەمدى ئۇ دەردىنى، ئاچچىقىنى، ئەلىمىنى مۆمىن قاسىمدىن ئېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنچىلىك تەھرىر بىلەن ئېيتىشىش خەتەرلىك ئەمەس. ئۇنداق پىستە كۈچۈكلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ، دەيدىغاننى دەۋالمىسا، قانداق پوخادىن چىقىدۇ؟! ئۇ ئەدھەمنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قويسۇن. ئەدھەم دېگەن قانداق چەيلىسە، شۇنداق چەيلىنىدىغان خېمىر ئەمەس، بەلكى ئۇ تەگكەن يەردىن قان چىقىرىدىغان قىرلىق تاش!

ئەدھەم لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بىلەن سوغۇققىنا خوشلىشىپ ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشكىچە، مۆمىن قاسىمغا دەيدىغان گەپلىرىنى ئويلاپ، كۆڭلىدە پىششىلدۇردى. دەيدىغىنى ناھايىتى جىق ھەم سېسىق ئىدى. لېكىن ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا «مەدەنىيەتسىز» دېگەن نامغا قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

مۆمىن قاسىم ئۈچ خىزمەتدىشى بىلەن بىر ئىشخانىدا ئولتۇراتتى. ئەدھەم مۆرىسى بىلەن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىشخانىغا كىرگەندە، ئۇ يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى تاقاپ ماقالە كۆرۈپ ئولتۇراتتى. شىرەسىنىڭ ئىككى تەرىپى دەستە - دەستە ماتېرىياللار بىلەن قىرلانغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا بېشى پاتقۇدەكلا بوشلۇق بار ئىدى. ئۇ ئون بەش يىلدىن بېرى ئەنە شۇ 40 سانتىمېتىر كەلگۈدەك كىچىككىنە بوشلۇقتا ھەر كۈنى 8 — 10 سائەتلەپ پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ روشەن كۆزلىرى ئەنە شۇ يەردە خىرەلەشتى، قاپقارا چاچلىرى ئەنە شۇ يەردە ئاقاردى، 157 سانتىمېتىر كېلىدىغان غۇنچە بويى ئەنە شۇ يەردە مۈكچىيىپ، تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتتى. لېكىن بۇنىڭ ھېسابىغا ئۇنىڭ ئەقلى چوڭايدى، كاللىسى ئۆتكۈرلەشتى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. ئۇ ھالال ئىشلەيتتى، كەم سۆز ۋە تىرىشچان ئىدى...

— ھەي، مۆمىن تەھرىر! سىزچۇ، خۇددى ئەۋرەزدىن چىققان چاياندەك زەھەرلىك ئادەم ئىكەنسىز!

www.uyghurkitap.com

بۇ گەپ خېلى زەردە بىلەن كۆرەك ئاۋازدا ئېيتىلدى. مۆمىن قاسىم لىككىدە بېشىنى كۆتۈردى. كۆزەيىنىكىنى ئۆرىدەپ، ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە قارىدى، ئەدھەم ئۇنىڭ بېشىدا غادىيىپ، دېۋەيلەپ تۇراتتى.

چىدىماسلىق، نائەھلىلىك بىلەن ئېيتىلغان بۇ گەپ مۆمىن قاسىمغا قاتتىق تەگدى. ئۇ بىردىنلا غەزەپلەندى، تومۇرلىرىدىكى قان شۇ ھامان ھۆپپىدە يۈزىگە تەپتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئەدھەم ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى: ئەجەبمۇ جايىدا ئېيتتىم، بۇ گەپ ئۇنىڭ تازا جېنىغا تەگدى، زەھەر بولسىمۇ بۇنچە بولماس! ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا!

لېكىن مۆمىن قاسىم ئۇنداق بولمىدى. دەرھال ئۆزىنى تۇتۇپ ئەسلى ھالىتىگە كەلدى. ئۇنىڭدا ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان ئاشۇنداق بىر مەنىۋى قۇدرەت بار ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ، يولداش ئەدھەم! — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاستا سۈرۈپ، — ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

— ماڭا سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىز كېرەك ئەمەس! — ئەدھەمنىڭ ئاۋازى ئوخشاشلا زەردىلىك ئىدى.

— مەيلى، ئىختىيارىڭىز، — دېدى مۆمىن قاسىم ۋە ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ داۋام قىلدى، — چايان ئادەم چاقىدۇ، لېكىن مەن ھېچكىمنى چاقمىدىمغۇ؟

— سىز!...سىز چاقمىدىڭىز؟! — ئەدھەم ئەزۋەيلەپ كەتتى.

— شۇنداق، مەن چاقمىدىم، — مۆمىن قاسىم يەنىلا تەمكىن ئىدى، — لېكىن، سىز مېنى چاقتىڭىز ئەدھەم، يوشۇرۇن چاقتىڭىز. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

ئەدھەم تېخىمۇ جىلى بولۇپ كەتتى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، جاغ سۆڭەكلىرى مەڭزىدىن تومپىيىپ چىقتى. ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشتىن توختىغانىدى. بىرسى ئېڭىكىنى يۆلەپ، بىرسى ئورۇندۇقىغا قاڭتىيىپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ بازلىشىغا، خىرىس قىلىشىغا قىزىقىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىدە ھېساب بار ئىدى: ئاۋۋال بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىماقچى، ئاندىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ «سىياسەت» قوللانماقچى ئىدى.

— ھە ...بىلدىم! — دېدى ئەدھەم گەپلەرنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، — سىز مەندىن ئۆچ ئالماقچى بوپسىز ـ دە!؟ بىلدىم، بىلدىم. سىز بەئەينى ئارىيانلارنىڭ نەسلىدەك ئۆچمەنچى ئىكەنسىز! لېكىن، مەن سىزگە نېمە قىلدىم؟! مەن سىزدەك بىر چالا ساۋات قوشاقچىنى «شائىر» دەپ كۆككە كۆتۈردۈم. ھېلىقى ئاقماس قوشاقلىرىڭىزنى «ياخشى شېئىر» دەپ ماختاپ ئوبزور يازدىم! مەن شېئىر دېگەننى بىلمەمدىمەن؟! شېئىر دېگەن نېمە ئۇ؟ توكۇرسەم خەپرۇكىمدىنمۇ بەش ـ ئون قاپىيە چۈشىدۇ!

— شۇنداق، سىز ھەممىنى بىلىسىز، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى مۆمىن قاسىم، — بىلىپ تۇرۇپ قىلدىڭىز. بىر دانىشمەن ھىندى مۇنداق دېگەنىكەن: «دۇنيادا ئالتە نەرسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ: بۆلۈتنىڭ سايىسى، ئەخمەقنىڭ دوستلۇقى، ۋاپاسىز-

نىڭ مۇھەببىتى، ئۆتۈپ كەتكەن بايلىق، مۇستەبىت ھاكىم، ساختا شان - شۆھرەت! سىز شۇنى بىلىپ قېلىڭ ئەدھەم، ماڭا سىزنىڭ دوستلۇقىڭىزنىڭ، سىز ئەجرى قىلىپ كەلتۈرمەكچى بولغان ساختا شان - شۆھرەتنىڭ قىلچە كېرىكى يوق! مەن سىزدىن ئۆچ ئالمىدىم، ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىمۇ بولمىدىم، ئەسىرىڭىز توغرىسىدا ھەق گەپنى قىلدىم، مۇنازىرىلەشمەن، دېسىڭىز مەن تەييار، لېكىن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىڭىز سەممىيلىك بىلەن كاللىڭىزنى ئوبدانراق ئىشلىتىپ ئويلاپ بېقىڭ!

— كاللام خېلى ئىشلەيدۇ! — دېدى ئەدھەم كىنايە ۋە تەمەننا بىلەن، — مېڭەمنىڭ ئېغىرلىقى ئېھتىمال 2000 گىرام كەلسە كېرەك. ئاڭلىشىمچە، ئاتاغلىق يازغۇچى تۇرگېنىۋنىڭ كاللىسىمۇ ئاران 2100 گىرام كەلگەنىكەن!

ئەدھەم دەرھال ئېسىگە كەلگەن بۇ گەپتىن خۇشاللىنىپ، ئىچىدە ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ مۆمىن قاسىمنىڭ يېرىمى ئاقىرىپ كەتكەن، چاچلىرى شالاڭ، كىچىككىنە سوقچاق بېشىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قارىشىدىن، قانىداق، تازا باپلىدىممۇ دېگەن مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، كۈتۈلمىگەن يەردىن مۆمىن قاسىم ئۇنى ئوڭدا قويدى:

— مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ئۆلچىگىلى بولمىسا كېرەك، يولداش ئەدھەم! — دېدى ئۇ كۆزەينىكىنى تەمكىنلىك بىلەن ئۆردەپ قويۇپ، — ئاڭلىشىمچە، فرانسىيىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى فارانسىسنىڭ مېڭىسى ئاران 1017 گىرام كەپتىكەن، ۋەھالەنكى، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر مېڭە 2850 گىرام بولۇپ، بۇنىداق چوڭ ۋە ئېغىر مېڭىنىڭ ئىگىسى بىر دەلدۈش بوپتىكەن!

ئىشخانىدا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ كۈلكە خۇددى بوكسيۇر مەيدانىدىكى غالىبنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ياڭرىغان تەنتەنە كۈلكىسىدەك ياڭراق ئىدى.

ئەدھەم ئوجۇقۇپ كەتتى. ئۇ بايا خىيالىغا شۇنداق تېز ۋە جايىدا كەلگەن سۆزىدىن پەخىرلىنىپ كېرىلگەنىدى، ۋەھالەنكى، مۆمىن قاسىمنىڭ كۈتمىگەن زەربىسى خۇددى تۇيۇقسىز تۇرغاندا كومشاغا تەگكەن رەھىمسىز كالتەكتەك، ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. تۇۋا، ماۋۇ «ئىت قونىقى» كۈكۈنىڭ يامانلىقىنى! «جىنغۇرنىڭ چىشى قولتۇقىدا» دېگەن شۇ ئىكەن - دە!

ئەدھەمنىڭ چىرايى پۈرۈشتى، كۆزلىرى ئەلەم بىلەن قىسىلدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئارقىغا ياندى. بۇ ھالدا ئىشخانىدا تۇرۇۋېرىشىنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. ھېلىغىچە ئەكس سادا بولۇۋاتقان ئاشۇ كۈلكە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قورساق سوقۇشىغا خۇلاسە بولغانىدى. ئەدھەم ئىشىكنىڭ تۇۋىگە بېرىپ ئارقىغا بۇرالدى، مۆمىن قاسىمغا تازا بىر ئالىيىپ «تېخى كۆرىمىز!» دېدى - دە، ئىشىكنى چالىۋاقاپ يېپىپ چىقىپ كەتتى.

2

كەچتە ئائىلە ھۇزۇرىنى سۈرۈش كىشىگە دىل ئاراملىق بېغىشلايدۇ. ھىدايەت بۇنداق ھۇزۇرلىنىشقا بەك كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ 52 كىۋادرات

www.uyghurkitap.com

مېتىر كېلىدىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى ئاددىيلا سەرەمجانلانغان. ئۆي بېزەش مودىغا رىقابەتكە ئايلانغان شۇ دەۋردە ئۇنىڭ بىر جۈپ قوپال دىۋان، ئىككى كىتاب ئىشكابى، قوش كىشىلىك بىر ياغاچ كارىۋات بىلەن بېزەلگەن ھەشەم ـ دەرەمسىز بۇ ئۆيى زاماندىن خېلى ئارقىدا قالغانىدى. لېكىن ھىدايەت بىلەن تۇخان ئۈچۈن بۇ ئاددىي ـ ساددا ئۆي جەننەت ھۇزۇرىنى بېرەلەيدىغان ئىسسىق، خىلۋەت ماكان ئىدى. بەزىلەر ھىدايەتكە: «تاپقان پۇلۇڭنى قورساقىڭلا ئۇرماي، ئۆيگىمۇ خەجلەپ قوي، ئۆي ـ ماكانمۇ زامانغا، نامىڭغا لايىق بولغىنى ياخشى» دېگەندە، ئۇ: «ھەرقانداق نەرسە ئۆزۈڭگە يېتەرلىك بولسىلا بولدى» دەپ، ئاخىرىدا گېنىرىخ گېينىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مۇنۇ سۆزىنى قوشۇپ قوياتتى: «مەن ئازغىنا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنى خالايمەنكى، بىر پاتمان ئۆي ـ جاھازلىرى بىلەن مەززىسىز ئائىلە قۇرۇشنى خالىمايمەن!»

دېگەندەك، بەختلىك ياشاش ئۈچۈن ئادەمدە ئالدى بىلەن ياشاش جاسارىتى بولۇش كېرەك. بۇنداق جاسارەت بولماي تۇرۇپ بەختلىك ياشايمەن، دېيىش قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدۇ. ھىدايەت بىلەن تۇخان ياشاشقا بولغان قىزغىنلىقى ۋە جاسارىتى بىلەن ئەنە شۇنداق بەختلىك، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

دەرۋەقە، ئۇلار ئالدىن مۇھەببەت باغلاپ، بىر نەچچە يىل سىنىشىپ، ئاندىن تۇرمۇش قۇرغان ئاشىق ـ مەشۇقلار ئەمەس. يەنە كېلىپ، تۇخان ساۋاتسىز بىر سەھرا قىزى! ئەجەبا، بىر ـ بىرىگە زادىلا خىل كەلمىگەن بۇ ئىككى ياش قانداق قىلىپ ئۆمۈرلۈك جۈپلەرگە ئايلىنىپ قالدى؟ تەقدىر دېگەن مانا شۇ! تەقدىرنىڭ قىسمىتى دېگەن مانا شۇ! تەقدىرنىڭ بۇنداق غەلىتى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران! لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن رازى، ھاياتنىڭ شۇنچىلىك نېسىۋىسىدىن، ئۆزلىرىنى بەھرىمەن قىلغان تەقدىرنىڭ ئامىتىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى!

ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن، غۇنچە بويلۇق، پومىساق لەۋلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، ھېلىغىچە ئۇزۇن يەڭ، كەڭ ئېتەكلىك چىت كۆڭلەك كىيىپ، ئىككى ئۆرۈم چېچىنى يېلىم بىلەن پاتلايدىغان بۇ چوكاننىڭ ۋاي دېگۈدەك چىراي ـ شەكلى بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىنى مەھلىيا قىلغۇدەك تاتلىق قىلىقلىرى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتىمۇ ئىپپەتلىك ھەم شەپقەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەم يىغلاتقان، ھەم كۈلدۈرگەن بۇ پايانسىز ئالەمدە بىر كۈن بولسىمۇ ۋىجدان بىلەن پاك ياشاشنى، كۆزىدىن ھايات نۇرى ئۆچكىچە جۈپتىگە سادىق بولۇپ، جاھاندىن خۇش خۇي ئۆتۈشنى ئويلايتتى.

ئۇ كىچىك، تەجرىبىسىز بولۇشىغا قارىماي، تۇرمۇشتا ئىدىتلىق، بار دەپ تۆكمەيدىغان، يوق دەپ كۆپمەيدىغان، ھەممىنى چىنەپ ـ چىمچەپ ئىشلىتىدىغان ھېسابلىق، سەۋرلىك چوكانىدى.

ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئالىيجانابلىق بۇ كىچىككىنە ئاددىي ئائىلىنى يىللىتىپ، جانلاندۇرۇپ ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتىگە زوق بېغىشلىسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى پۇختىلىقى بىر كىشى مائاش ئېلىپ ئۈچ جاننى باقىدىغان بۇ نامرات ئائىلىگە بەرىكەت بېغىشلايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەمىشە باياشات، ھەم خىرامانلىق ئىچىدە ئۆتەتتى.

ئۇلارنىڭ ئەمدىلا بىر ياشقا كىرىپ، تەمتىم ماڭىدىغان جۇرئەت ئىسىملىك ئوغلى

بار ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە ھىدايەتنىڭ تۇنجى بالىسى ئەمەس. ئۇنىڭ تۇنجى بالىسى 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يورۇق دۇنياغا غىل - پاللا كۆزىنى ئېچىپ، بار - يوقى بەش سائەتلا ياشاپ، يەنە ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ دۇنياغا كەتكەنىدى. بالىنىڭمۇ، ئانىسىنىڭمۇ ئۆمرى قىسقا، تەقدىرى كاج كېلىپ قالدى. ھىدايەت ياپىياش ئىككى جاننى جىمىدە ئېلىپ كېتىپ، ئۆزىنى بۇ دۇنيانىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىگە پاتۇرۇپ قويغان ھاياتتىن، ئۇنىڭ شەپقەتسىز قىسمەتلىرىدىن قاتتىق ئاغرىنىدى، بىرنەچچە ئايغىچە ئۇنىسىز ئازاب چەكتى. ئۇ ئاشۇ ئىچ ئاغرىقى بىلەن بىرنەچچە يىلنى تەنھالىق، ھازىدارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. لېكىن ھايات يەنە ئۇنى رايىغا قويمىدى، 1985 - يىلىنىڭ ياز كۈنلىرىدە، ئۇ يەنە شۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقى بىلەن تۇخانغا يولۇقۇپ قالدى.

بۈگۈن شەنبە بولۇشىغا قارىماي، ھىدايەت ئۆيىگە خېلى كەچ كەلدى. تۇخان كەچلىك تاماقنى ئاللىقاچان تەييارلاپ قويۇپ، جۇرئەت بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇراتتى. ھىدايەت ئىشىكتىن كىرىپلا ئوغلىنى قولىغا ئالدى. مۇشۇ ۋاقىت بالىنىڭ تازا پاقلان بولۇپ، كۆندە بىر قىلىق چىقىرىدىغان، ئاتا - ئانا تۇگۇل، باشقىلارمۇ سۆيۈپ تويمايدىغان بۇدرۇق ۋاقتى ئىدى. ھىدايەت بىردەم ئۇنى قىتىقلاپ سۆيەتتى، بىردەم بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەركىلىتەتتى.

— ئەمدى تاماقلىرىنى يەۋاسىلا، سوۋۇپ قالىدى، — دېدى تۇخان بالىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ.

ھىدايەت كاستيۇمىنى سالدى. قولىنى يۇيۇپ، يۇمىلاق تاماق جوزىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۈگۈن تۇخان ئۇنىڭغا تۇخۇم بىلەن پالەك ئارىلاشتۇرۇلغان پۆرە ئېتىپ قويغانىدى. ھىدايەت مايدا پىشۇرۇلىدىغان يۇمشاق ۋە مەززىلىك بۇ تاماقنا ئامراق ئىدى. شۇڭا ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

تۇخان ئۇنىڭغا چاي قۇيۇۋېتىپ:

— بايا ئەدھەم كەپتىكەن، سىلىنى بىر ئاز ساقلاپ بېقىپ كەتتى، — دېدى.

—سورىمىدىڭمۇ، نېمە ئىشى بار ئىكەن؟— ھىدايەت ئىككى قوۋزىغا لىق توشقۇزۇلغان پۆرىنى چايناۋېتىپ سورىدى.

— ئۇنىۋان دەمدۇ ... ئىشقىلىپ، شۇنداقراق بىر گەپلەرنى قىلدى.

— بۈگۈنكى يىغىنمۇ شۇنىڭ ئىشى بىلەن سوزۇلۇپ كەتتى، — دېدى ھىدايەت بىردىنلا كەيپىياتى بۇزۇلۇپ، — ئۇنىۋان دېگەن ئۇيەر - بۇيەرگە دوقۇرۇپ يۈرۈپ ئالىدىغان نەرسە بولمىسا... بۇ ئاداشمۇ تازا بولۇۋالدى!

بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئىدارىدە ئەدھەم ئۈستىدە گەپ كۆپىيىپ قالغانىدى. نەشرىياتتىكى ئىشلىرى بىلەن ئۇنىۋان توغرىسىدىكى ھەرىكەتلىرى بىرمۇنچە چۆرىسىمە - چۆچەك گەپلەرگە سەۋەب بولدى. بۇ ئىشلارنى بىرنەچچەيلەن ھىدايەتكە ئىنكاس قىلىپمۇ كىردى. ئەلۋەتتە، ئىنكاسنىڭ ھەممىسىنى توغرا دېگىلى بولمايدۇ، ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتسە، يىڭنىمۇ تۆۋرۈككە ئايلىنىدۇ، دېگەن گەپ بار. بەزى نەرسىلەرنىڭ كۆپىتۈرۈلۈپ، مۇبالىغە بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى ئاساسسىز دېگىلى

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. ئەدھەمنىڭ نەشرىياتقا بېرىپ، غەۋغا كۆتۈرگەنلىكى راست! ئۇنى ئاز دېگەندەك، كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن جەمئىيەتكە بىرمۇنچە پىتنە-پاساتلارنى تېرىۋەتكەنلىكىمۇ راست! ھېلىقى ئاق چاچلىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنى تەپ تارتماي، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بوت قەلەندىرى، دېگەنلىكىنى؛ ھېلىقى پاكار بويلۇق تەھرىر مۆمىن قاسىمنى ئىت قونىقى كۆكۈ دېگەندىن باشقا، خوتۇنىنى چىشلەپ تارتىپ، شەخسىي ئىززەت-نەپسىگە تېگىدىغان بىرمۇنچە نائەھلى گەپلەرنى قىلغانلىقىنى؛ ئۇنۋان توغرىسىدا بولسا، شەخسىيەتچىلىكتە، مەنمەنلىكتە ۋە كىبىرگە تولغان بىرمۇنچە پەلەمما گەپلەرنى قىلىپ، ئاخىرىدا ھازىر ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدۇ، مەنمۇ ئۇنۋان ئۈچۈن مىڭ يۈەن تىكىپ قويدۇم، دېگەندەك قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدىكى گەپلەرنى دېگەنلىكىنى بىرمۇنچە كىشىلەر ئىسپاتلاشتى.

بۇ گەپلەر قارىماققا، بىرەر سىياسىي تۈس ئالغان جىددىي گەپلەر بولمىسىمۇ، لېكىن تەربىيە كۆرگەن بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىگە، نىيەت-ئىقبالىغا بېرىپ تاقىشىدىغان بىمەنە، بولمىغۇر گەپلەر ئىدى. بۇنىڭ تەسىرىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. شۇڭا، شۆھرەت دەرھال مۇنداق بىر لەتىپە توقۇپ تارقىتىۋەتتى: بىر ئادەم ئۈستەڭ ياقىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر شەيتاننىڭ پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرغانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم كۆرۈپتۇ ۋە ئاخىر بىر كۈنى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي مەلئۇن، سەن تىنىم تاپماي پىتنە-پاسات تېرىپ، كىشىلەرنى يولدىن ئازدۇرۇپ، پاراكەندىچىلىك سالاتتىڭ، لېكىن يېقىندىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئۆز كەسپىڭنى قىلمايدىغان بولۇپ قالدىڭ؟

شەيتان ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— يېقىندىن بېرى ئادەمزات ئىچىدىن مېنىڭ كەسپىمنى قىلىدىغانلار چىقىپ قالدى، شۇڭا مەن خاتىرجەم ئويناپ دەم ئېلىۋاتىمەن!

شۆھرەتنىڭ بۇ لەتىپىسى خۇددى ئاسمانغا ئېتىلغان ئوقتەك، نىشانسىز كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئېيتقۇچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ نىشانى ئېنىق ئىدى. بۇنى ھىدايەتمۇ بىلەتتى. ئۇ ئەدھەمنىڭ يېقىندىن بېرى بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ، يۈگەنسىز بولۇپ كېتىشىدە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ دوستىنى راستىنلا رايىغا قويۇۋەتتى، يۈز-خاتىرە قىلدى. مانا بۈگۈنكى يىغىندىمۇ ئۇ دوستى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، گۇپپاڭچىلىق قىلمىدىمۇ؟!

ئەدھەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالىمەن، دېگىنى ئەلۋەتتە ئۆزىنى سورىمىغانلىقى. ھىدايەتنىڭمۇ ئۇنىڭغا يۇقىرى ئۇنۋان ئېلىپ بېرىش نىيىتى يوق. ھازىرقى گەپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاننى ئېلىپ بېرىشتىمۇ گۇپپاڭچىلىق قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكىدە! شەرتتە شەرمى يوق، دېگەن گەپ بار. بىر-بىرلەپ شەرتكە سالغاندا، كەمتۈك يەرلىرى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتسا، ئۇنىڭغا چاپان ياپماي بولامدۇ؟! نېمىلا دېگەنبىلەن بەش يىل بىر قازاننىڭ ئېشىنى يەپ، بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداش-دە!

ھىدايەت تاماقنىمۇ چالا - بۇلا يەپ، خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۇخانمۇ ئېرىنىڭ خىيالىغا ھالاقىت بەرمەي، ئىچىگە تىنىپ جىم ئولتۇراتتى. جۈرئەت ئۇنىڭ باغرىغا يېپىشىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. بىر ھازادىن كېيىن تۇخان ئاستا سورىدى:

— ئەدھەمگە ھېلىقى دېگەن نەرسىنى بەردىڭلارمۇ؟

— كىم نېمىنى دېسە، شۇنى بەرگىلى بولمايدۇ! — دېدى ھىدايەت بىر ئاز خورسىنىپ، — جاپا - مۇشەققەتسىز قولغا كەلگەن ھەرقانداق شان - شەرەپ يالغان، قەدىرسىز بولىدۇ! ئۇنىۋانىمۇ ھەركىم باسقان يولغا، قىلغان ئىشىغا، سىڭدۈرگەن ئەجرىگە قاراپ ئالىدىغان نەرسە! بولمىسا، بۇنداق شان - شەرەپنىڭ قاپاقتا كىيدۈرگەن تاجدەك قىلچە ئېتىبارى بولمايدۇ!

تۇخان ئېرىنىڭ ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشىدىن بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك لېۋىنى يىمىرىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ھىدايەت بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، يەنە خىيالغا پاتتى.

3

ئەدھەمنىڭ تۇرمۇش ئەقىدىسى مۇنداق ئىدى:

ئادەم بۇ دۇنياغا يارالغانىكەن، جەزمەن ئۆمرىدە قالتىس بىر ئىش قىلىشى كېرەك. مەيلى ئۇ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان يامان ئىش بولسىمۇ ھېساب! 19 - ئەسىردە ناپالېئون مەيدانغا چىقىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئىش قىلدى. 20 - ئەسىردە گىتلېر پۈتۈن ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ نامى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ تىلىدا ياد ئېتىلىۋاتامدۇ؟!

ئەدھەمنىڭ نەشرىياتتىكى «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» ناملىق ئەسىرى ئوقۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ روھى چۈشمىدى. بۇنى ئۇ ئۆتكۈنچى ئىشلار قاتارىغا چىقىرىپ، ھېسابىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئۇ ھەرقانداق ھېسابنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدىغانلىقىنى، بۇ ئۇزۇن جاھاندا ئالدىرىماي ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ ھارۋا بىلەن توشقان ئالالايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئەدھەم ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا، رېئاللىققا ئۇدۇل قاراشنى، رېئاللىققا ماسلىشىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا سەۋەب بولغان يەنە بىر نەرسە بار ئىدى: يۇقىرى ئۇنىۋانىدىن تېخى ئۈمىد بار، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆزى تەييارلىغان جامائەت پىكرىنىڭ تەسىرىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا قوشۇپلا ئاغىنىسى ھىدايەت بىر كۈچىسە، بۇ سەلتەنەتلىك تاجنىڭمۇ كىيىلىشى تەس ئەمەس!

مانا شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى، تەسەللىنىڭ كۈچى بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشنى خۇش خۇي، خاتىرجەم ئۆتكۈزەتتى.

بۈگۈن ئەر - خوتۇن ئىككىسى قانغۇچە ئۇخلىدى. يەكشەنبىدە ئۇزۇنراق يېتىۋېلىش خانقىزنىڭمۇ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار يۇيۇنۇپ، چېچىنى ئىچىپ، ئۆيىنى يىغىشتۇرغىچە چۈشلۈك تېلېۋىزور باشلاندى. ئىككىسى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى يېقىندىن بېرى ئۇنچىلىك ئازادە ئولتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

پاراكلىشىپ باقمىغانىدى. ئەدھەم ھەمىشە ئالدىراش ئىدى، ھامان بىرەر ئىش ئۈستىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە، پىلان تۈزۈشكە ئامراق ئىدى. شۇڭا خانقىزنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن چاتىقى بولمايتتى، بېشىنى چۆكۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. بۈگۈن ھەر ھالدا ئۇلار ئوك يېنىنى بېسىپ قوپقاندەك، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ قېلىشقانىدى.

— ئاخشامقى گېپىڭىچە، ئائىلىمىزگە يېڭى مېھمان كېلىدىغان ئوخشايدۇ ـ دە! — ئەدھەم ھەقىقەتەن خۇشال ھەم مەغرۇر ئىدى، — ئاھ، خۇدا! تەلپىمىزنى ئاخىر ئىجاۋەت قىپسەن! بىزمۇ پەرزەنتلىك بولىدىغان بولدۇق، نەسلىمىز قۇرۇمايدىغان بولدى!

ئۇلار توي قىلغان يەتتە يىلدىن بېرى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىدى. دەسلەپكى يىللاردا ھەر ئىككىسى ئالدىرىمىدى، خىزمەت، ئۆگىنىش بىلەن بولۇپ كەتتى. لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردە، ئەتراپىدىكى بالىلىق ئائىلىلەرنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغىمۇ بالا ئىشتىياقى چۈشتى. بۇ چاغدا ھەرقانچە ئارزۇ قىلىپمۇ خانقىز قورساق كۆتۈرمىدى، سەۋەبىنى بىر ـ بىرىگە دۆڭگەپ ئۆتتۈۋەردى. پەقەت ئۇلار ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنلا دوختۇرغا كۆرۈندى، مەسىلە خانقىزدىن چىقتى، بىراق داۋالانسا ھامىلە بولىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر مەزگىل ئىزچىل داۋالانغانىدى.

— بىرەر ئىسىم ئويلاپ قويۇڭ، — دېدى خانقىز مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، — قىز بولسىمۇ، ئوغۇل بولسىمۇ، چىرايلىق، يارىشىملىق ئەدەبىي ئىسىم قويايلى.

— بۇنى ئويلىمىدى دەمسەن! — دېدى ئەدھەم ئالمان ـ تالمان، — كېچىچە شۇنى ئويلاپ چىقتىم. مېنىڭچە، تەستە تۇغۇلغان بالىغا تەسىرلىك ئىسىم قويغان ياخشى. ئاڭلاپ باق، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق بىر خەلقئارالىق ئىسىم تەييارلىدىم: ئەبۇ ئىبنى ئالىكساندىر ۋاڭجىڭشى مۇستاپا ھاجى ساھىپ ئابدۇمەجىت ئەدھەم ئوغلى.

— ۋاي ـ ۋۇي... — دېدى خانقىز پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، — بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىمۇ ياكى بىر پارچە ئەبجەش ماقالىمۇ؟ سىزگە قويۇپ بەرسە، بالىمىزغا ئىسىم ئەمەس، تىزىم قويىدىكەنسىز ـ دە!

ئەدھەم چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— سەن بىلمەيسەن خوتۇن، ھەرقانداق نەرسىدە بىر ئالاھىدىلىك بولغاندا، كىشىنى قىزىقتۇرالايدۇ. مەسىلەن: سەن مۇشۇ پېتى كوچىغا چىقىپ باققىنا، ساڭا ھېچكىم قاراپ قويمايدۇ، چۈنكى، سەندەك ئاياللار كۆپ مىڭ، ھەممىڭ ئوخشاش. ئەگەر سەن ئۈستىباشلىرىڭنى ئۆزگەرتمەي، لېكىن ئىنچىكە بۇرۇت بىلەن چىرايلىق ساقال قويۇپ چىقساڭچۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممىسى ساڭا قارايدۇ. بالىمىزنىڭ ئىسمىمۇ ئادەتتىكى ئەنئەنىۋى ئىسىملاردەك مەمەت، سەمەت...ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ئەنە شۇنداق زامانىۋى ئىسىم بولۇشى كېرەك. بىز ھازىر ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، خوتۇن، ھەرقانداق نەرسىگە ئىسلاھات يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ.

— مېنىڭچە، بۇ ئىسلاھات ئەمەس، ئەدھەم، بەلكى چاكىنىلىق! — دېدى خانقىز ئەستايىدىللىق بىلەن، — كىشىلەر بالىمىزنىڭ ئىسمىغا ئەمەس، ئۆزىگە قىزىققىنى ياخشى!

— ھە شۇنداقمۇ، ئەقىللىق خوتۇنۇم! — دېدى ئەدھەم كىنايە ئارىلاش ئەركىلىتىش

بىلەن، ـــ مەن تاپقان ئىسىم ساڭا يارىمىدى، بوپتۇ، ئەمدى ئۆزۈڭ تاپ، مەن ئەسلى كەسپىم بويىچە تەھرىرلىك قىلىپ بېرەي.

ئۇلار بىر پەس جىم بولدى، ھەر ئىككىسىنىڭ دىققىتى تېلېۋىزورغا مەركەزلەشتى. شۇ تاپتا، 14 دىيۇملۇق رەڭلىك ئېكراندا چەت ئەلنىڭ قايسىبىر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلۇۋاتاتتى. ئەدھەمنىڭ خىيالى بىردىنلا شۇ تەرەپكە بۇرالدى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى، بىرەر تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېزىپ، تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق نام چىقىرىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. بۇ نىيىتىنى ئايالىغا يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى:

ـــ مەنمۇ بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازاي دەۋاتىمەن، قانداق دەيسەن؟ ئۆتكەندە مېكسىكىنىڭ «تۆھمەت»، «ئوكۇشسىزلىق» دېگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرۈپ، بىزدىمۇ شۇنداق ئوبراز، شۇنداق خاراكتېر، شۇنداق ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى ئويلاپ قالدىم.

ـــ يازالىغاندىن كېيىن يازسىڭىز بولىدۇ، ـــ دېدى خانقىز تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئۈزمەي، ـــ ئويلىغانلىرىڭىز قانچە قىسىم بولار؟

ـــ ئاز بولسا ئۈچ قىسىم، كۆپ بولسا ئوتتۇز قىسىم بولار، ـــ دېدى ئەدھەم ھېچ-قانداق ئاساسسىزلا.

بۇ خىيالىنىڭ تېخى ئىنتايىن خام ۋە ھەۋەس باسقۇچىدا ئىكەنلىكىنى سەزگەن خانقىزمۇ گەپنى ئايلاندۇردى:

ـــ بولمىسا، سىزمۇ ئەنگلىيىدىكىدەك دەرىجىدىن تاشقىرى ئۇزۇن بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېزىڭ.

ـــ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى قانچە بولىدىكەن؟ ـــ ئەدھەم ئايالىنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالدى.

ـــ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى شۇنداقكى، 1952 - يىلى 25 - دېكابىر رەسمىي قويۇلۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە 10 مىڭ 500 قىسىم قويۇلۇپتۇ.

ئەدھەم ھولۇقۇپ سورىدى:

ـــ نېمە، نېمە! نېرۋاڭ جايىدىمۇ - قانداق؟

ـــ ناھايىتى جايىدا، ـــ دېدى خانقىز بويىنىنى ئېتىپ، ـــ مەن سىزگە ئېيتسام، بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئىسمى «چاشقان تۇتۇش». لوندۇندا قويۇلۇۋاتقىنىغا ھازىر توپ-توغرا 30 يىل بولدى. ئۇنىڭ ئاپتورى ھېلىقى «نىل دەرياسىدىكى پاجىئە» دېگەن كىنونى يازغان ئايال يازغۇچى ئاگاسا كىرىستى. ئۇ بۇ تىياتىرنى ئەنگلىيە ئايال پادىشا-ھى ئېلىزابېت II نىڭ مومىسىنىڭ 80 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان. بەلكىم ئۇ 80 يىل قويۇلۇشى مۇمكىن.

ـــ سەن بۇ گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ ـــ دېدى ئەدھەم يەنىلا ئىشەنمەي، ـــ بۇ شۆھرەتكە ئوخشاش زۇۋانلارنىڭ توقۇپ چىققان بىر نېمىسى بولمىسۇن يەنە!

ـــ ئىشىنىۋېرىڭ، بۇ يالغان ئەمەس، راست. مەن بۇنى ماتېرىيالدىن ئوقۇغان، ئۇ ماتېرىيال ھازىرمۇ بىزنىڭ ئۆيدە بار.

ئەدھەم ئېڭىكىنى سىيلاپ شۈك بولدى. خوتۇنى بىلگەن نەرسىنى ئۆزىنىڭ بىلمەي

قالغانلىقىدىن سەل - پەل ئېچىشىپ ھارسىندى.

— يېزىلىك ئەدھەم، — دېدى خانقىز ئېرىسگە نىسبەتەن بىر خىل تەلەپكارلىق بىلەن، — ئەسەر يازىمەن، يازىمەن دېگىنىڭىزگە نەۋاخ، كۆڭلىڭىزگە پۈككەن پىلانلىرىڭىزنى بۇنداق چەكسىز كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەك! مەن يېقىندا بىر خەنزۇچە ژۇرنالدىن مۇنداق بىر نەرسىنى كۆرۈپ خاتىرىلەپ قويدۇم. غەرب مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، 60 ياشلىق ئادەمنىڭ ئۆمرى بار - يوق 21900 كۈن بولىدىكەن. ئادەم ئەنە شۇ 60 يىللىق ئۆمرىدە بۇ ۋاقىتنى مۇنداق ئىشلارغا سەرپ قىلىدىكەن: ئۇخلاش ئۈچۈن 20 يىل (7300 كۈن)؛ تاماق يېيىش ئۈچۈن 6 يىل (2190 كۈن)؛ كىيىم كىيىش ۋە يۇيۇنۇش ئۈچۈن 5 يىل (1825 كۈن)؛ ئىشقا بېرىش - ئىشتىن چۈشۈش ۋە سەپەر ئۈچۈن 5 يىل (1825 كۈن)؛ ئويۇن - تاماشا ئۈچۈن 8 يىل (2920 كۈن)؛ كېسەل ئۈچۈن 3 يىل (1095 كۈن)؛ كۈتۈش - ساقلاش ئۈچۈن 3 يىل (1095 كۈن)؛ تېلېفون بېرىش ئۈچۈن 1 يىل (365 كۈن)؛ ئەينەككە قاراش ئۈچۈن 70 كۈن؛ بۇرۇن تازىلاش ئۈچۈن 10 كۈن؛ ئەڭ ئاخىرىدا ئېشىپ قالغىنى 3205 كۈن، يەنى 8 يىل 285 كۈن. دېمەك ئاخىرىدا قالغان ئەنە شۇ 3205 كۈن سىزنىڭ بايىقىدەك كۆڭۈلگە پۈككەن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ئىشلەيدىغان ۋاقتىڭىز ئىكەن.

— بۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەستۇ!؟ — ئەدھەم بايىقى ھەسەتكە ئوخشاش ئاچچىق خىياللاردىن دەرھال ئۆزىنى تارتىپ، ۋاقىت توغرىسىدىكى بۇ غەلىتە ھېسابقا قىزىقىپ قالدى، — مېنىڭچە، بۇنداق ئۆلۈك رامكىغا چۈشۈرۈپ ھېسابلاش كىشىلەردە ئورۇنسىز ئەندىشە پەيدا قىلىدۇ. نەدىمۇ ئۇنداق ئۆلۈك ۋاقىت ھېسابى بولىدۇ؟! مەسىلەن، مانا مەن ئۆمرۈمدە 20 يىل ئۇخلىشىم، 3 يىل تېلېفون بېرىشىم ناتايىن، 8 يىل ئويۇن - تاماشا قىلىشىممۇ ناتايىن. 3 يىل كېسەل بولۇشۇم تېخىمۇ ناتايىن!

— ۋاقىتنى سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنداق ئۆلۈك رامكىڭىزغا سالماڭ! — دېدى خانقىزمۇ مۇنازىرىلەشمەكچى بولۇپ، — بۇ خىل ھېسابلاشنىڭ، مېنىڭچە، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك. سىز ۋاقىتنىڭ خۇددى دەريا ئېقىنىدەك ھەممە نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېقىتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟! لۇشۈن ئەپەندى مۇشۇ سۆزى ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ ئەنە شۇ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن: «ئىشلەيمەن دېگەندىكىن ئىشلەش كېرەك. كېلەر يىلى ھاراق ئىچىمەن، دەپ يۈرگەندىن كۆرە، ھازىرلا سۇ ئىچكەن ياخشى. 21 - ئەسىرگە بارغاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىمەن، دەپ كۈتۈپ يۈرگەندىن كۆرە، ھازىرلا بىر كاچات سالغان ياخشى!»

ئەدھەم خوتۇنىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ خانقىزنىڭ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، بىلىدىغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزىدىن خېلى كۆپ ۋە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن بۇنىڭغا تەن بېرىشنى خالىمىدى. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن ھېچكىمنىڭ ئۆزىدىن ئېگىز تۇرۇشىنى ياقتۇرمايتتى. گويا باشقىلارنىڭ ئېگىزلىكى ئۆزىگە سايە تاشلاپ، يېگىلىتىپ قويىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىدىن بىر سويام ئېگىز تۇرغانلارنىمۇ، بىر غېرىچ ئىلگىرى كەتكەنلەرنىمۇ كۆرەلمەيتتى،

قارغايتتى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىن تېزرەك يوقىلىشىنى تىلەيتتى.

— بولدى قوي! — دېدى ئۇ ئىچى تارلىق بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — قايسى بىر دانىشمەن: كىمكى خوتۇنى بىلەن گەپ تالاشسا، شۇ ئۆز ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ، دەپتىكەن. مەن ئۆمرۈمنى قىسقارتىشنى خالىمايمەن!

— مەن ھەم شۇ! — دېدى خانقىزمۇ يالغاندىن قاپىقىنى سۈزۈپ.

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. ئۆينى تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى غوڭۇلدىتىۋەتتى. ئەدھەم ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چېكىپ، خۇددى جۇۋازدا ھارغان كالىدەك پۇشۇلداپ ئولتۇردى.

تېلېۋىزورنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە، ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالدى.

ئورۇق، مولۇنكۆز، دەلتە چىراي بۇ ئادەم ئەدھەمنىڭ ئىدارىسىدىكى ئەڭ يېقىن سىردىشى ئابىدخان ئىدى. ئۇ 1983 - يىلى بېيجىڭ داشۆنى پۈتتۈرگەن، خەنزۇچىغا ئۇستا، مۇناسىۋەتتە كەڭ دىپلومات ئىدى. لېكىن ئۇ. تۇرمۇشتا بېدەك ئىدى، 30 ياشقىچە ئۈچ قېتىم ئۆيلىنىپ بولدى، ھازىر يەنە ئىككى بالىنى يېتىم قىلىپ بويتاق يۈرەتتى. ئۇنىڭ بوينى ئۇزۇن بولغاچقا، كىشىلەر ئارقىدىن «ھاڭغىت بويۇن» دەپ ئاتىشاتتى.

خانقىز بۇ ئادەمنى ياقتۇرمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇششاق سۆزلۈكى، ئاياللاردەك غەيۋەتخورلۇقى ئۇنى بىزار قىلىۋەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، تېلېۋىزورنى كۆرۈۋەردى. ئەدھەم مېھماننى ئىچكىرى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. خانقىز يەنە ئۇزاق ئولتۇرالمىدى، ئېرىنىڭ يۈزى ئۈچۈن مېھماننى كۈتمەكچى بولدى، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، ئاشخانىغا كىردى. بىر دەمدە چاي داستىخىنى تەييارلىنىپ، سەي قورۇلدى.

ئىككى دوست كۈلكە - چاقچاق ئىچىدە بىرنەچچە رومكا قاقتى. ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈۋەتكەن 60 گرادۇسلۇق ئاق ھاراق دەرھال ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھارارەت دولقۇنى پەيدا قىلدى. «ھاڭغىت بويۇن» نىڭ ئورۇق، قارامتۇل يۈزى بارا - بارا يۇلغۇن چېچەكىدەك قىزاردى، ئەدھەمنىڭ دۈگىلەك سۇرلۇك كۆزلىرى بارغانسېرى قىسىلىپ، ئاياللارنىڭكىدەك خۇمارلىشىپ كەتتى.

— ئاغىنەم... جېنىم ئاغىنەم... — دېدى ئابىدخان مەسلىكتە كۆڭلى ئېرىپ، — ھەرەمنىڭ مەرۋايىتى ئاغىنەم... ئۆزۈمنىڭ ئاغىنىسى... — ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇزۇن مۇقەددىمىدىن كېيىن كېلىشتىكى مەقسىتىگە كۆچتى، — بىر گەپنى ئېيتسام كۆڭلۈڭ بۇزۇلمىسۇن ئاغىنەم. سېنىڭ ئۇنۋان ئىشىڭ توگەپتۇ، ئاغىنەم... ئاران دېگەندە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشەلىشىڭدىن ئۇخشايسەن. جېنىم ئاغىنە، ساڭا ئۇۋال قىلدى... بۇنىڭ ھەممىسى ھىدايەتنىڭ ئىشى ئىكەن... مەن باھالاش ھەيئىتىدىكى جاڭ تەھرىر بىلەن سۆزلەشتىم...

ئەدھەمنىڭ ئىچى غەلىتە بولۇپ كەتتى. بايا كېكىردىكىنى كۆيدۈرۈپ كىرگەن ھاراق ئەمدى گويا كۆكسىدە بىر يەرلەرنى تاتىلاپ، قىيمىلاۋاتقاندەك بىئارام قىلىۋەتتى.

— ئاداش... جېنىم ئاداش... ئۆزۈمنىڭ ئادىشى... ھىدايەت ئۆزى ئالسا بولىدىكەنۇ، سەن ئالساڭ نېمىشقا بولمايدىكەن؟! — «ھاڭغىت بويۇن» تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ئەدھەمنى بولۇشىغا قېقىۋەتتى، — سەن دېگەن نامى بار دراماتۇرگ، كۈچلۈك تەھرىر... جېنىم

www.uyghurkitap.com



ئاداش، بىلىم دېسە بار، يۈز دېسە بار، ھەرقانداق شەرت ـ پەرت دېگەنلەرگە تولۇق چۈشىسەن. ئۇنىڭ مەقسىتى ئېنىق: ھەممىدە سېنىڭ ئۈستۈڭدە تۇرۇش، سېنى چەتكە قېقىش! مەن ئاڭلىدىم، جاڭ تەھرىردىن ھەممىنى ئاڭلىدىم...

راستمىدۇ؟ جاڭ تەھرىر راستىنلا ئابىخانغا شۇنداق دېگەنمىدۇ؟!

ئەدھەم بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان ئىلغاپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئاغىنىسىگە ئىشىنەتتى، ئاغىنىسىنىڭ ئۆزىگە سەممىي ـ سادىقلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئاغىنىسىنىڭ ھىدايەت بىلەن ھېچقانداق غوم ـ ئاداۋىتى يوقلۇقىنىمۇ بىلەتتى. شۇنداق ئىكەن، ھىدايەت توغرىسىدا ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنىڭ بولۇش ئېھتىمالى يوق ئىدى.

دەرۋەقە، ئابىخان بىلەن ھىدايەت بىر ئىدارىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، نورمال خىزمەتداشلىق مۇناسىۋەتتە ئۆتەتتى. ئۇچرىشىپ قالسا سالاملىشاتتى، ئەھۋاللىشاتتى، ھېچقانداق يوشۇرۇن قورساق كۆپۈكلىرى يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ، بۇگۈن نېمە ئۈچۈن ھىدايەتنىڭ سۆرىتىنى ساتتى؟!

بۇنى چۈشىنىشمۇ تەس ئەمەس ئىدى. تۇرمۇشتا ھامان ئاشۇنداق ئىت خۇيلۇق ئادەملەر بولىدۇ. ئۇلار خۇددى سېسىق قىغ ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققان كۆك ئوتقا ئوخشاش، ئەتراپىقا ئۆزىنىڭ بەدبۇي گازلىرىنى چېچىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاقتۇرۇشقا ئامراق، ھۆل كېسەكتىن ئوت چىقىرىشقا ئۇستا. ئۇلار مانا شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپىدۇ، قىتىغىر كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇتىدۇ! بۇ خۇددى يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى كۆرمەي، تۆگىنىڭ بويىنىنى ئەگرى، دەپتۇ دېگەندەكلا بىر ئىش!

— مۇنداق دېگىن! — دېدى ئەدھەم ناھايىتى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ئۆتكەندە شۇنچە يېلىنىپ گەپ قىلساممۇ، ئۇنىڭ پەسەنتىگە ئالمىغانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە! بوپتۇ، قىلىقىنى قىلىپ تۇرسۇن، لېكىن يۈز خاتىرە، سەۋرى ـ تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە، بىزمۇ كۆچۈكۈم ـ كۆچۈكۈم، دەپ قوچاققا چىقىرىۋەرمەيمىز.

ئۇلار يەنە ھاراق ئىچىشتى. قىزىغانسېرى نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىشتى. بۇ گەپلەرنىڭ دائىرىسى، چەك ـ چېگرىسى يوق ئىدى. بەزىلىرى ھەتتا ئىنتايىن مەنىسىز، تېتىقسىز گەپلەر ئىدى. «ھاڭغىت بويۇن» ئاياللار توغرىسىدا بىرمۇنچە ھاماقەتلەرچە گەپنى قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆز گېپىگە ئۆزى مەست بولۇپ ئاغزىنى كالچايتىپ شۇنداق كۈلۈۋېدى، ئەسلىدىكى دەلدۈش چىرايى تېخىمۇ ئۆزگىرىپ، بەدرەڭلىشىپ كەتتى. ئانچە ـ مۇنچە كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان خانقىز ئەمدى ئۇلارنىڭ بەكمۇ تېتىقسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككىنچى بوتۇلكىدىكى ھاراقنى بىر چەتكە ئېلىۋەتتى.

— خوتۇن... ئالدىرىما خوتۇن...—دېدى ئەدھەم قولىنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ سوزۇپ،— ئەكە ھاراقنى... ئىچىمىز... بىز تېخى ئۇيغۇرچە گەپ قىلساق ئىنگلىزچە ئاڭلىنىدىغان يەرگە يەتمىدۇق... ئەكە... ھاراقنى ئەكەل!

خانقىز تاماق ئەكىرىش ئۈچۈن شىرەنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ دېدى:

— ئەمدى بولدى قىلىڭ، ئەدھەم! ئۇيغۇرچە گەپلىرىڭىز ئىنگلىزچە ئەمەس، نېجاسەتچە ئاڭلىنىدىغان ھالغا يېتىپ قاپتۇ!

ــ نېمه؟! نېمه دېدىڭ؟! ــ ئەدھەم ئايالىغا يېپىشماقچى بولۇۋىدى، خانىقىز ئۇنى يەلكىسىدىن ئاستا بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ:

ــ بولدى ئەمدى، جىم ئولتۇرۇڭ، هازىر تاماق ئەكىرىمەن! ــ دەپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

تاماق چالا ـ بۇلا يېيىلدى. «هاڭغىت بويۇن» غالدا ـ غۇلداڭ دەسىسگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. چالا مەست بولۇپ قالغان ئەدھەم ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، تېخىمۇ ئۆكتەملىشىپ كەتتى. ئۇ ئاغزى بېسىلماي ھىدايەتنى سۆكەتتى:

ــ بىلىپ قويدۇق!... دوستلىرىمىزنىمۇ بىلىپ قويدۇق... بىز نەچچە يىلدىن بېرى... تۇۋۆى يوق تاغارغا ياڭاق تېرىپ يۈرۈپتىكەنمىز... ھىدايەت!... ھەي، ھىدايەت!

ئۇ ئۇزاق سۆزلىدى، ھەتتا ھىدايەت بىلەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە بولغان بەزى ئىشلارنىمۇ تەگەپ ئۆتتى. خانقىز دەسلەپ تەسەللى بەردى، ھىدايەت بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ بېقىشنى ئېيتتى، ئاخىرى چىدىيالماي:

ــ ئابىخاننىڭ ھەممە گېپىگە ئىشىنىۋەرمەڭ، ئۇنىڭ كاززاپلىقىنى كىم بىلمەيدۇ!؟ ئۇنىڭ پوقىنى يېگەن ئىتمۇ ھەپتە يالغان قاۋايدۇ! ــ دەۋەتتى.

بۇ گەپ ئەدھەمنىڭ نېرۋىسىغا تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن خانقىزنىڭ دەككىسىنى بەرگۈدەك لايىقىدا بىرەر سۆز تاپالماي، جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، هاراقنىڭ كەيپى بارغانسېرى تۇتۇپ، ئۆزىمۇ لايىدەك بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ دىۋاندا ئولتۇرغىنىچە ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى...

4

بۇنداق شاهانە ئولتۇرۇشقا ئەدھەم بىرىنچى قېتىم قاتنىشىۋاتاتتى. پوزۇر كىيىنگەن، سالاپەتلىك ئون نەچچە مېھمان ئىچىدە ياشتىمۇ، ئورۇندىمۇ ئەڭ كىچىكى ئەدھەم ئىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، تارتىنغان، قورۇنغان هالدا ئەتراپىغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە تۆردە ئولتۇرغان ياشتا چوڭراق مېھمان ھەممىدىن سالاپەتلىك ھەم سۈرلۈك كۆرۈندى. ھەممەيلەن شۇنىڭغا خوش ـ خوش ئېيتىپ، ئىختىدا قىلىۋاتاتتى.

مەرۇپ ئاقساقال دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. ئۇ ئۆلۈشكۈن ساھىبخان ئۇنىڭغا باغاقىنى بىرىۋېتىپ مۇنداق دېگەنىدى: مەرۇپ ئاقساقالمۇ كېلىدۇ، مۇشۇ باھانىدە تونۇشۇپ قېلىڭ. سىلىنىڭ ساھەگىمۇ چىشى پاتىدىغان باشلىق ئۇ...

ئۆي ئىگىسى مەرۇپ ئاقساقالنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئىدارىدە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ ئەدھەمنىڭ بىر يۇرتلۇقى ئىدى، ئەدھەم ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان ۋە هازىرغىچە ئىزدىشىپ تۇراتتى.

ئەدھەم ھېلىقى سالاپەتلىك كىشىگە يەنە قارىدى. ئۇ ئۇستىخانلىق، قورساق سالغان، ماڭلاي چاچلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ، هال رەڭ تېرىسى پارقىراپ تۇرىدىغان، قاتاڭغۇر ئادەم ئىدى. ئۇ بۇرۇت ـ ساقاللىرىنى پاكىزە قىرىدۇرغاچقا، گۆشلۈك، سەپكۈنلۈك يۈزىدىكى پۈرۈم ـ پۈرۈم قورۇقلىرى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەدھەمگە ئۇنىڭ قىرى بۇزۇلمىغان

www.uyghurkitap.com



كاستيۇم ـ بۇرۇلكىسى بىلەن ئۇششاق ئاق چېكىتلىك قىزىل گالستۇكى بەكمۇ ياردى. گالستۇكىغا قاداپ قويغان يېشىل كۆزلۈك چازىسىمۇ چىراغ نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ نۇر چاچاتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئىككى كىشلىك دىۋاندا كېرىلىپ يالغۇز ئولتۇرۇشىدىن، ئۆپچۆرىسىدىكى ئادەملەرگە بولغان ئاتىدارلىق مۇناسىۋىتىدىن ئۇنىڭ خېلى چوڭ باشلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق سورۇنلارنى تولا كۆرۈپ قىتماللىشىپ قالغانلىقىنى ئوڭايلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

داستىخاننىڭ يۈزى ئېچىلىپ، سىنچاي تارتىلدى. تام ياقىلىتىپ تىزىلغان يېڭى پاسوندىكى يۇمشاق دىۋانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاكار پۇتلۇق بىر جۈپ شىرە نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ماي يېگۈزۈپ پىشۇرۇلغان كاكچا نانلارنى چاينىسا غۇز ـ غۇز قىلاتتى، پەرمۇدىلەرنىڭ يۈزى پارقىرايتتى، قەنىدەللەردىكى مۇرابباللارنىڭ بەزىسى تاتلىق، بەزىسى چۈچۈمەل ئىدى، قەغەز بادام، يېشىل ئۈزۈم، سۆزۈك خورما، ياڭاق مېغىزى دېگەنلەر كىچىك ـ كىچىك تەخسىلەردە ھەركىمنىڭ ئالدىغا توغرىلاپ ـ جۈپ ـ جۈپى بىلەن قويۇلغانىدى. ئۆتكەن يىلقى ئالما، ئاپلېسىن، كورلا نەشپۈتى ۋە ئانار دېگەنلەرمۇ ئۆز پېتى سۇلۇق ھەم رەڭدار ئىدى...

ئەدەھەم بۇنداق مول ۋە ئەلۋەك داستىخانغا قاراپ، نېمىنى يېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. سىنچايدىن كېيىن يېڭى گۆشنىڭ شورپىسى قويۇلدى. ئۇنىدىن كېيىن توخۇ گۆشى، بېلىق گۆشىدە قورۇلغان ھەرخىل قورۇمىلار بىلەن ئۈزۈن ـ ئۈزۈن زىخلاردا كاۋاب تارتىلدى. شۇ چاغدا ساھىبخان ئاپئاق چاقچۇق بوتۇلكىلىق «ئىلى ئالىي ھارىقى» بىلەن «جۇڭگو قىزىل ئۈزۈم ھارىقى» نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بەزىلەرگە ئاقتىن، بەزىلەرگە قىزىلدىن قۇيدى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىگە بىر رۇمكا ئاق ھاراق تولدۇرۇپ قويۇپ، رومكىنى ئېگىز كۆتۈردى. مېھمانلار ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ جىمجىت ئولتۇردى. ئۇ دەسلەپ گېلىنى قىردى، كېيىن مەرۇپ ئاقساقالغا قاراپ قويۇپ، قەدەھ سۆزى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، بۈگۈن بىز ئاقساقلىمىز مەرۇپ ئىلياسنى چۆرىدەپ بۇ يەرگە جەم بولدۇق. بۈگۈنكى كۈن ھەممىمىز ئۈچۈن بەكمۇ خاسىيەتلىك! چۈنكى، بۈگۈن بىز مېنىڭ ئاددىي ھۇجرامدا ھەممىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيمىز!

ھەممەيلەن ساھىبخانغا قارىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەرۇپ ئاقساقالنىڭ قارىشى بىر ئاز غەلىتە ۋە تەئەججۈپلۈك ئىدى. چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ قايسى ئاينىڭ قايسى كۈنىدە تۇغۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى. شۇ يېشىغىچە «تۇغۇلغان كۈنۈم» دېگەن بىرەر مەرىكىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى. سەزگۈر ساھىبخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال تۇيدى بولغاي، سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

— دۇرۇس، ئاقساقال ئۆزىنىڭ تەبىئىي كەمتەرلىكى بىلەن بىزگە ھېچقاچان تۇغۇلغان كۈنىنى ئېيتىپ بەرگەن ئەمەس. لېكىن يېقىندا مەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئانكىتىدىن تۇغۇلغان كۈنىنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالغان. بۈگۈن يەنە دۇنيا بويىچە تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قۇرغان پارىژ كوممۇنىسى قوزغىلىڭىنىڭمۇ خاتىرە كۈنى. بۇندىن

116 يىل بۇرۇنقى دەل بۈگۈنكى كۈندە، پارىژ خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تىيېر بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىنى مەغلۇپ قىلغان! شۇڭا بىز بۈگۈن بۇ ئىككى خاسىيەتلىك كۈننى تەنتەنە ۋە خۇشال - خۇراملىق بىلەن خاتىرىلەيلى! قېنى خوشە!

رومكىلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جىرىڭشىدى، سۈپسۈزۈك ھاراق گاللارنى كۆيدۈرۈپ، ئوتلۇق بىر ھارارەت بىلەن ئاشقازاننى قىزىتتى...

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بايىقى تەئەججۇپلۈكى بىردىنلا يوقالدى، چىرايى ئېچىلىپ، خۇش خۇيلىشىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۇغۇلغانلىقىنى، بۇ كۈننىڭ پارىژ كوممۇنىسى بىلەن باغلانغان دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە خاسىيەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە پارىژ كوممۇنىسىنى خاتىرىلىسە، ئۆزىنىڭمۇ تەڭ خاتىرىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى ئىپتىخار ۋە شان - شەرەپكە تولغانىدى. لېكىن، ئۇ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، پارىژ كوممۇنىسىنىڭ قايسى يىلى قۇرۇلغانلىقىنى بىلەلمەي ئىچى پۇشتى. بايا ساھىبخانىنىڭ «بۇندىن 116 يىل بۇرۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى - يۇ، ئەمما كۆڭلىدە بۈگۈنكى يىلنى ئېلىۋېتىپ، پارىژ كوممۇنىسى قۇرۇلغان ئاشۇ يىلنى چىقىرىشنى بىلمىدى. ئۇ ئاشۇ تىت - تىتلىقى بىلەن بىرنەچچە رومكىنى ئارتۇق ئىچىۋەتتى...

ئەدھەم ئۈچ رومكا ئىچكەندىن كېيىن سەل توختىۋالدى. ھەر ھالدا كۆپ ئىچىۋېتىپ، سورۇننىڭ كەيپىنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلدى. ئۇ ساھىبخانىنىڭ بۈگۈنكى ئەقلىگە، سۆزىگە، مېھمان كۈتۈش ماھارىتىگە قايىل قالدى، بايىقى سۆزلەردىن بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ساھىبخان ئۆتكەنكى بىر ئۇچرىشىشتا ئۇنىڭغا مەنىلىك قىلىپ: «مەن سىزگە ئېيتسام ئەدھەم، ئەمەل دېگەن تالانت ئەمەس، بىر ئامەت! ئەگەر سۆزمەنلەر ئەمەلدار بولۇشقا توغرا كەلسە، مەدداھلار بولسا بولاتتى؛ ئەگەر چاققانلار ئەمەلدار بولىدىغان بولسا، دارۋازلار بولسا بولاتتى! مانا مەنمۇ ‹مۇئاۋىن› دېگەن ئەمەلگە يېقىندا ئېرىشتىم، ئەمدى يەنە بىر كۆچسەم ‹جىڭ› غا چىقىپ قېلىشىم ئانچە تەس ئەمەس!...» دېگەنىدى. دېمەك، بۈگۈنكى بۇ «تۇغۇلغان كۈن» نى خاتىرىلەش، ئەمەلىيەتتە، «مۇئاۋىن» لىقتىن «جىڭ» لىققا كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئەپچىل شوتىسى ئىكەن - دە!

تۇيۇقسىزلا ئەدھەمدە بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشقا نىسبەتەن كۈچلۈك بىر قىزىقىش پەيدا بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ، ئۇ مەرۇپ ئاقساقالغا بەكرەك قىزىقتى. ئۇنىڭ سالاپىتى، ھەيۋىتى، قۇدرىتى ئەدھەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇنداق بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىنى، ئاشۇنداق ئەمەل، ئاشۇنداق ئابروي بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئويلىدى... ئەگەر ئۇنىڭغا مۇنداق «ئامەت» نېسىپ بولۇپ قالسا، بۇ دۇنياغا تۇغۇلغىنىدىن، ئادەم بولۇپ ياشىغىنىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى... ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغانىدى، بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇش ئۇنىڭ شۇ ئويلىرىغا تېخىمۇ كۆپ مەنە قوشتى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان بەزىبىر ئىقتىدارى يوق، يارامسىز ئادەملەرنىڭ ھەرخىل يول بىلەن پەللىمۇ - پەللە كۆتۈرۈلۈپ، ئالدىنىڭ ئىدارە باشلىقى، كەيىننىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىدىيوم شەكلىنى

www.uyghurkitap.com

ئالغان مۇنداق بىر گەپنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولغانىدى: «توقمىقىڭ كۆچلۈك بولسا، كىگىز قوزۇقمۇ يەرگە ئولتۇرىدۇ!»

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار! — ساھىبخانىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئەدھەمنىڭ شېرىن خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، — بۈگۈنكى بىزنىڭ بۇ ئولتۇرۇشىمىزدا ھەممىمىزدىن كىچىك بىر مېھمان بار. ئەمما ئۇنىڭ كاللىسى كىچىك ئەمەس. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ سورۇنغا ئاتاپ بىرەر شېئىر ئوقۇپ بېرىشىنى سورايمەن، قارشى ئالامسىلەر؟

ئۇيەر - بۇيەردىن «مەرھەمەت» دېگەن ئاۋاز بىلەن بىللە ئانچە-مۇنچە چاۋاك ئاڭلاندى. ئەدھەم دەسلەپ سەل ھودۇقتى، كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ دىدىللاشتى. ئۇ ئۆزىنى كۆرستىشنىڭ ياخشى پۇرستى كەلگەنلىكىنى سەزگەنىدى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنلا تەييارلىقى بار ئىدى. ئۇ ساھىبخان باغاق بەرگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، مۇشۇنداق تەكلىپنىڭ بولۇشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ۋە شۇنىڭغا يارىشا ئاز - تولا تەييارلىقمۇ قىلىپ قويغانىدى. ئۇ بۇنىڭغا قوشۇپ، بايىدىن بېرى كۆڭلىدە پەيدا بولغان مەرۇپ ئاقساقال توغرىسىدىكى ھاياجان ۋە ئىلھاملىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، شۇنداق بىر تەسىرلىك قەسىدە يېزىپ چىققانىدى. شۇڭا ئۇ تارتىنماي، نېزىقىماي دەرھال ئورنىدىن تۇردى، ئوڭ قولىغا قىپقىزىل ھاراق توشقۇزۇۋالغان رومكىنى ئېلىپ، دولقۇنلۇق ئىنتۇناتسىيە بىلەن تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

قولۇمدا قەدەھ بار،
قەلبىمدە ئىلھام.
ھەييامنىڭ ئارمىنى بولغان
بۇ شاراب.

تەۋەررۈك سورۇن بۇ،
تەۋەررۈك ئەييام،
ئىچىشكە يول سوراپ،
تۇرىمەن قاراپ.

ئۇ چاقنىغان، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئەمدى مەرۇپ ئاقساقال تەرەپكە بۇراپ، تەنتەنە بىلەن داۋام قىلدى:

سىز بىلەن ئۇلپەتمەن، پەلەكتىدۇر باش،
تۇگىمەس شان - شەرەپ سىيرىلدى ماڭا.
بىز يۇلتۇز، سىز ئەگەر بولسىڭىز قۇياش،
ھاياجان ئىلكىدە ئۆرتەندۇق شۇڭا.

تارىخنىڭ كەيندىن چارلىغان مەن ئىز،
قەسىرلەر تويىمۇ بولمىغان بۇنداق.
تىللانىڭ ئالدىدا مىس تەڭگىلەر بىز،
ساماۋى ئامەت بۇ كەلگەن بىر شۇنداق!

بەختنى شەرھىلەپ ئۆتتى شائىرلار،
مۇھەببەت ۋىسالى بەخت بولارمىش.
مەن شۇ تاپ بەختلىك ئادەممەن، دوستلار،
شادلىقتا يۈرەككە بەخت تولارمىش.

ياقۇت رەڭ قەدەھ بۇ، لالىرەڭ شاراب.
شاراپەت - شەۋكەتتىن سۆزلەيدۇ قىسسە.
ئىچىشكە يول سوراپ تۇرىمەن قاراپ،
خۇش، دېگەن بىر سۆزدىن بىر جەننەت پۈتسە!

قەدەھ شېئىرىنى ئوقۇش بىلەن تەڭ ئەدھەمگە ئامەت ياغدى. بايا ھېچكىمنىڭ نەزىرىگە چۈشمەي، خۇددى نەسلىلىك قويلار ئارىسىدىكى قوتۇر ئۆچكىدەك ياتسىراپ يېگانە بولۇپ ئولتۇرغان بۇ ئەدىب ئەمدى بىرلا شېئىرى بىلەن گويا تۇيۇقسىز ئاسمان-

دىن چۈشۈپ، ئاللىكىملەرنىڭ ئالقىنىدا پارقىراپ تۇرغان گۆھەردەك ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋەتتى. بىرمۇنچە ھاياجانلىق كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلدى، قۇلىقى ئەتراپىدا ئىسسىق نەپەسلىك شېرىن سۆزلەر پەيدا بولدى. بولۇپمۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ھاياجىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، گەپ ـ سۆز، ئىما ـ ئىشارىلەر بىلەن قىلىنغان ماختاشلارنى يەتكۈدەك ئاڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق شېئىرىي ماختاشنى، پەقەت ئۆزىگىلا ئاتالغان يۈكسەك قەسىدىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، شېئىر ئۇنىڭغا يېڭى تۇيۇلدى، شېرىن تۇيۇلدى، يۈرەكتىن چىقىپ، يۈرەككە تەگكەن بىر پارچە ئوت بولدى. ئۇنىڭ ھاراقتىن قىسىلغان كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ كۆلۈپ تۇراتتى. پاكىزە قىرىلغان گۆشلۈك، سەپكۈنلۈك يۈزىدىكى تىلىم ـ تىلىم قورۇقلار نازۇك تەبەسسۇم بىلەن يۇمشاپ، بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ، پۈتۈن چىرايىدا ئىپتىخارغا تولغان بىر خىل سېھرىي زوقلىنىش پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئاشۇ ھاياجانلىق كەيپىياتىنى بۇزماي، ئۆزىگە ياراشمىغان بىرخىل چاققانلىق بىلەن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:

— پاھ!... پاھ... ئېقىپ تۇرغان تالانتقۇ بۇ!— دېدى تاڭلىيىنى چېكىپ،— ساقىي، دېمەككىم، ماڭا بىر قەدەھ قۇيۇڭا، شائىر ئىنىم بىلەن بىر سوقۇشتۇراي!...

ئەدھەم ئايلىنىپ ئۆتۈپ، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا باردى، ئىپتىخار ۋە ھېرىسمەنلىك بىلەن چاقناپ كەتكەن كۆزلەر ئۇچراشتى. بۇ كۆزلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز سىر ۋە مەنىلەر بار ئىدى. ئۇلار رومكىلىرىنى سوقۇشتۇردى. جىرىڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى خوشە، خوش! دېيىشىپ باركاللا ئېيتىشتى.

مەرۇپ ئاقساقال ئەدھەمنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى، ئۇ شۇ ھاياجىنى بىلەن يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رومكىنى ئىچىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ مەرۇپ ئاقساقال بىلەن ئازادە پاراڭلىشالايدىغان ھالغا يەتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا، مەرۇپ ئاقساقال ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ۋە ئادرېسى، سالاھىيىتى، تېلېفون نومۇرلىرى يېزىلغان پۇراقلىق كارتوچكىنى بەردى.

مېھمانلار خېلى كەچ ئۇزىدى. مەرۇپ ئاقساقال ئەدھەمنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ماشىنىدا ئاپىرىپ قويدى. ئەدھەم ئۆيىگە كىرىپلا خۇشاللىقىدا خانقىزنى ئويغاتتى ۋە ھاياجاندىن ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى:

— خوتۇن... مېنىڭ ئوماق خوتۇنۇم... ئاڭلىدىڭمۇ؟ ھازىرقى ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇ «خانتاجى» ماركىلىق ھەيۋەتلىك ماشىنا... كىمنىڭ بىلەمسەن؟ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ... 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى... پارىژ كوممۇنىسى بىلەن بىللە دۇنياغا كەلگەن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ... مېنى ئۇ ئەكىلىپ قويدى... مەن بۈگۈن ئۇنىڭ نەزىرىگە چۈشتۈم. ئاڭلاۋاتامسەن، خوتۇنۇم؟ مەن شېئىر ئوقۇدۇم. ھەممىسى مېنىڭ ئاغزىمغا قارىدى. مېنى ماختىدى. مەن بۈگۈن خىزىرغا يولۇقتۇم...

خانقىز ئويغانغان پېتى ئۈنچىقماي، ئېرىنىڭ پەلە ـ پەتىش گەپلىرىگە ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

غەجىنىپ يېتىۋەردى. ئەدھەم يەنە توختىمىدى، تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ، گەۋدىسىنى يوت-قاندىن يېرىم چىقارغان ھالدا، خۇددى ئاقسىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كالىدەك شالىنى چېچىپ سۆزلەۋەردى:

— خوتۇن، مەن ساڭا ئېيتسام... ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئەمدى ھايات يولۇمنى ئۆزگەر-تىمەن. مەن باشقا يول تاپتىم... داۋالغۇپ تۇرغان بۇ ئۆزگىرىشچان دەۋردە مەن نۇر-غۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم، بىلدىم. يازغۇچى، شائىر دېگەننىڭ ئۆمرى ھەمىشە ئازابلىق مېھنەتتە ئۆتىدىكەن. شۇنداقتا يارىشا ئېتىبارمۇ بولمايدىكەن. شۇڭا، مەن ئەمدى باشقا يولدىن — ئەمەل، مەنسەپ يولىدىن ماڭىمەن. ئاڭلاۋاتامسەن، خوتۇن. ئاشۇ يازغۇچى، شائىر دېگەنلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن!

بۇ قېتىم خانقىز داۋاملىق جىم يېتىۋەرمىدى. يوتقاندىن سەل ئۆرىدەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەمەل ئورۇندۇقى سىز ئويلىغاندەك ئانچە ئوڭاي ھەم ۋاپادار ئەمەس، ئەدھەم! بۈگۈن سىزنىڭ ئاستىڭىزدا بولسا، ئەتە باشقىسىنىڭ تېگىدە بولىدۇ! ئىشقىلىپ، ئۇ بىر ئادەمگە تالىق ئەمەس، دوملاپ يۈرۈيدىغان نەرسە! پەقەت بىلىملا خۇددى سىزنىڭ يەت-تە ئەزايىڭىزدەك ئۆزىڭىزگە تالىق، سىز بىلەن مەڭگۈ بىللە يۈرۈدۇ! ئۇنى بىرسى تار-تىپ ئالالمايدۇ، ئوغرىمۇ ئوغرىلىيالمايدۇ!

خانقىز ئەدھەمنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ جىم تۇردى. لېكىن ئەدھەمدىن گەپ ئەمەس، يەڭگىل خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. خانقىز شۇنچە ئىچكۆيەرلىك بىلەن ئېيتقان سۆزىنىڭ بىھۇدە كەتكەنلىكىدىن رەنجىپ، يوتقاننى بېشىغا تارتتى...

5

مەرۇپ ئاقساقال ئاشۇ كۈنكى ئولتۇرۇشتىن كېيىن مىجەزى يوق يېتىپ قالدى. كېسىلى ئانچە ئېغىر بولمىسىمۇ، ئىدارىگە بارماي، بەزى ئىشلارنى ئۆيىدىلا تېلېفون بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ تۇردى. ئەدھەم ئۇنىڭ كېسەللىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. بۇ خۇشاللىق ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشنىڭ ئەپلىك پۇرسىتى كەلگەنلىكىدىن ئىدى.

بۈگۈن ئۇ ئىشتىن چۈشۈپلا خانقىزنى ئالدىراتتى، ئۇنىڭ چىرايلىق كىيىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

— ئۆزىڭىزلا بېرىپ كەلسىڭىز بولماسمۇ، ئەدھەم! — دېدى خانقىز زادىلا كۆڭلى تارتماي. ئەدھەم ئۇنىمىدى:

— سەنمۇ تونۇشۇپ قوي، قالتىس ئادەم ئۇ. ئۆتكەندە، ئاياللىقىڭىز بىلەن كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭ، دەپ تاپىلىغان. ئەتە - ئۆگۈن بىزمۇ چاقىرىۋالمىساق بولمايدۇ.

خانقىز نائىلاج كىيىندى، ئانچە - مۇنچە پەردازلىنىپ تەييار بولدى. ئەد-ھەم بايا ئىدارىدىن يانغىچە ئېلىۋالغان بىر سومكا «كۆرۈملۈك» نى قولتۇقىغا قىستى. ئۇلار خىرە - شىرە قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا ئۆيدىن چىقتى.

كوچىدا ئادەم مىغىلدايتتى، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇشمۇ تەس ئىدى. ئۇلار بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ، چوڭ يولغا — كەچكى چىراغلاردا يالتىراپ تۇرغان ئاسفالت يولغا چۈشتى. ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھەرخىل تىپتىكى ئاپتوبىللاردىن ئېغىر شاۋقۇن كۆتۈرۈلەتتى، كەچكى تۇمانلىق ھاۋا بېنزىن ۋە قارا دۈت ھىدىغا تولغانىدى.

ئىككىسى قولتۇقلىشىپ، بىرنەچچە چوڭ رەستىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، يېرىم سائەت دېگەندە مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مەرۇپ ئاقساقال ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئىسسىق سالاملاشتى، شېرىن-شېرىن سۆزلەر بىلەن ئەھۋاللاشتى. مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئايالى زىياخانمۇ يېشى توختىغان، تەمكىن، ئىتائەتچان ئايال ئىدى. ئۇمۇ مېھمانلاردىن كونا تونۇشلاردەك سەممىي ھال-ئەھۋال سورىدى.

مەرۇپ ئاقساقال مېھمانلارنى ياتاق ئۆيدىن مېھمانخانىغا باشلاپ چىقتى. مېھمانخانا ناھايىتى ئازادە ھەم كۆركەم ئىدى. يەرگە سېلىنغان 8 گەزلىك قىپقىزىل گىلەمنىڭ تەكشى تۈكلىرى رەڭدار ئاسما چىراغنىڭ نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. مېھمانخانىنىڭ قۇببىسىمان يوغان دېرىزىلىرى ناۋاترەڭ يىپەك پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن، دېرىزىنىڭ يېنىغا تىزىلغان قەۋەت-قەۋەت بولغار چامادانلار بىلەن تام ياقىلىتىپ قويۇلغان فرانسىيە پاسونىدىكى لۆم-لۆم دىۋانلارنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق ئىشلەنگەن ئاپئاق چىلتەكلەر يېپىلغانىدى. ئىشىكنىڭ يېنىدىكى چىلان ياغىچىدىن ياسالغان ئەگىم پۇتلۇق تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە سۈت رەڭلىك ئاپتوماتىك تېلېفون تۇراتتى. قىسقىسى، مېھمانخانا زامانغا خاس چوڭ سۈپەتلىك ياسالغان، ئۆز ۋۇجۇدىدا نۇرغۇن بايلىق، ئابروي ۋە سەلتەنەتنى نامايان قىلغانىدى.

كاناپ داستىخان سېلىنغان يۇمۇلاق شىرە ئۈستىگە مەزە راسلاندى. نان-پان، تاتلىق-تۈرۈملار يەتكۈدەك تىزىلدى. زىياخان بىر پىيالىدىن سىنچاي قۇيۇپ بېرىپ، تاماق تەييارلىقى ئۈچۈن ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— قېنى، مەزەگە ئېغىز تېگىڭلار، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال پىيالىلەرگە ناۋات سېلىۋېتىپ، — سىز تارتىنماڭ سىڭلىم، دېمەككىم، ئۆز ئۆيىڭىزدەك ئازادە ئولتۇرۇڭ، ئىسمىڭىز نېمىدى؟

خانقىز ئېغىز ئاچقۇچە ئەدھەم جاۋاب بەردى:

— ئىسمى خانقىز.

— چىرايلىق ئىسىم ئىكەن، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال خانقىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — دېمەككىم، ئۆزىمۇ خانلارنىڭ قىزىدەك نازاكەتلىك ئىكەن.

راست، خانقىز چىرايلىق بولۇپلا قالماي، خۇش خۇي ۋە ئەركە ئىدى. چىرايى بىلەن خۇي پەيلى مۇنداق ماسلاشقان ئادەملەر ئاز تېپىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھاياتقا يارىشىدۇ، ھاياتنى جانلاندۇرىدۇ، بېزەيدۇ. لېكىن خانقىز مەرۇپ ئاقساقالنىڭ سۆزىدىن ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ھەققىدىكى ھەر قانداق ماختاشلارنى ئاڭلاشتىن خىجىل بولاتتى. شۇڭا، بېشىنى كۆتۈرمەي، پىيالىدىكى شاملارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. ئەدھەم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن ئالدىراپ گەپ باشلىدى:

— ئاقساقال، سىزنى مىجەزى يوقكەن، دەپ ئاڭلاپ، يوقلاپ كېلىۋېدۇق.

www.uyghurkitap.com

— رەھمەت، ئاۋارە بوپسىلەر، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ئادەتتىكە ئايلانغان گەپلەرنى تەكرارلاپ، — دېمەككىم، ئۆتكەندە سىزنىڭ ھېلىقى شېئىرىڭىزدىن ھاياجانلىنىپ، بىر نەچچە رومكا ئارتۇق ئىچىپ قويۇپتىمەن، ئەتىسى يۈرىكىم سەل - پەل قوزغىلىپ بىئارام بولۇپ قالدىم، بۈگۈن خېلى ياخشى، — ئۇ بايا ئاغزىغا سالغان دورىنى بىر يۇتۇم قايناق سۇ بىلەن تەستە يۇتۇۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — قانداق، ئىشلىرىڭىزلار ياخشىمۇ؟ تۈنۈگۈن ھېكمەت سوپى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن يىغىنلاردا يۈرۈپ تونۇشۇپ قالغان، ئۆزى يارامىلىق كادىر. دېمەككىم، ئۇ سىزنىمۇ ياخشى چۈشىنىدىكەن، مەنمۇ تەسراتىمنى ئېيتىپ قويدۇم. قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىكەن، دېمەككىم، سىز تېخى ياش كۆچەت، دەرەخ بولۇپ يېتىشىشىڭىز ئۈچۈن، قار - يامغۇر، بوران - چاپقۇندىن ئاسراپ تۇرىدىغان كۆيۈمچان باغۋەنلەر كېرەك ... دېمەككىم، مەن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆرگەن، بەزىلەر خۇددى قورسىقى ئاچقاندا بىر ئوچۇم دان تېپىپلا، ئاسماندا پەرۋاز قىلىشنىڭ پەيزىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان كەپتەرلەردەك يۈزسىز، ئېتىقادسىز كېلىدۇ. لېكىن مەن سىزنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدىم. دېمەككىم، سىزدە ئىقتىدار، ئېتىقاد ھەم ئىنتىلىش، ساداقەت بار ئىكەن. بىزگە سىزدەك ئادەملەر كېرەك. دېمەككىم، چوڭ دەرەخ بولۇپ يېتىشىشىڭىزدە ئۈمىد چوڭ...

ئەدھەمگە شۇ گەپنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. چوپچوڭ باشلىقنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق يۈزتۇرانە ماختاشنى ئاڭلاش ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، بۇ گەپلەر خۇددى مېھرىگىياھنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاندەك، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ياپىرىتىۋەتتى. لېكىن خانقىزغا مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ماختاشلىرى ياقمىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئادەمنى ئالدىدا ماختىغاندىن كۆرە، ئوتقا تاشلىغان ياخشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە پىشقان، تەجرىبىلىك، ئابرويلۇق قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان بىر پېشقەدەم كادىرنىڭ شۇنچىلىك ئەقەللىي نەرسىلەرنىمۇ بىلمەسلىكىگە ھەيران قالدى. بۇ ئۇچرىشىش، سۆھبەت ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرمىدى. ئەڭ ياخشىسى، ئۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئوبرازىنى سىرتىدىنلا قىياس قىلىپ يۈرسە بوپتىكەن. بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈپلا بۇنداق يامان تەسىراتنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ئۆزىمۇ قاتتىق ئۆكۈنۈپ قالدى.

بۇ چاغدا ئەدھەمنىڭ كەيپىياتى باشقىچە ئىدى. خۇددى سۆڭەكنى كۆرگەندە، ھەرقانداق ئىتنىڭ شۆلگىيى ئاققاندەك، يۈزمۇ يۈز ماختاش، ئۇچۇرۇشتىن ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، كۆزلىرى يال - يال بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ تاپتا مەرۇپ ئاقساقالغا شۇنداق چوقۇنىدىكى، ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇل، سايىسىگە سالام بېرىشكىمۇ تەييار ئىدى.

پاراڭ تازا قىزىپ، ئەدھەمنىڭ كىچىك تىللىرى چىقىشقا باشلىغاندا، خانقىز ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى:

مېھمانخانىغا تۇيۇقسىز كىرگەن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئوغلى سالماننى كۆرۈپ، ئۇشتۇمتۇت چۆچۈشتىن خانقىزنىڭ يۈرىكى قالتىراپ، چىرايى ئالا - سېرىق بولۇپ كەتتى. سالمانمۇ ئورنىدا چىپپىدە توختاپ، خانقىزنىڭ بۇنداق كۈتۈلمىگەن تەشرىپىدىن ھەيران

قالدى. بۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى بۇنداق جىددىي، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنى مەرۇپ ئاقسال-
مۇ، ئەدھەممۇ سەزمىدى. ئەكسىچە، مەرۇپ ئاقساقال ئوغلىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى
مېھمانغا ئالاھىدە تونۇشتۇردى. ئەدھەم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغىن قول ئېلىشتى
ۋە تونۇشقانلىقىغا خۇشالمەن، دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى.

سالمان 40 ياشلار ئەتراپىدىكى كۆزلىرى يوغان، ئەمما نۇرسىز، بىر تۇتام پېتەك چېچ-
چى ماڭلىيىنى يېپىپ تۇرىدىغان، ئەتلىمە يۈزلۈك، سوغ نەپەس ئادەم ئىدى. ئۇ پات-
پات كۆزىنىڭ قىرىدا خانقىزغا قاراپ قوياتتى. خانقىز بولسا، بېشىنى كۆتۈرمەي، كاناپ
داستىخاننىڭ گۈلىنى، چۇچىسىنى ئوينىغان بولۇپ جىممىدە ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ سىرت-
قى كۆرۈنۈشى جىمجىت تۇرغان بىلەن روھىي دۇنياسى خۇددى ئاستا ئاققان دەريانىڭ
چوڭقۇر ئېقىمىدەك شىددەتلىك ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگىنىگە مانا ئەمدى رەسمىي
پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. دەسلەپتىلا كۆڭلىنىڭ تارتمىغانلىقى توغرا ئىكەن، ئۇ ھەممىشە
كۆڭلى تارتمىغان ئىشنى قىلسا، بىرەر پېشكەللىككە يولۇقىدىغانلىقىنى ئۆزۈن يىللىق تەج-
رىبىسىدىن بىلەتتى. بايا مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ھېلىقى ئورۇنسىز گەپلىرى بىلەن بېزەك
قاراشلىرى جېنىغا تەگكەن بولسا، مانا ئەمدى تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بىر ئۇچرىشىشقا يولۇقتى.
ئۇ بۇنداق ئۇچرىشىشنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ خىيال قىلمىغانىدى.

سالمان يەر ئاستىدىن يەنە خانقىزغا قارىدى. بۇ قېتىم خېلى ئۇزاق تىكىلدى.
تاۋاقنىڭ سىرى كەتسىمۇ، سىنى كەتمەيدۇ، دېگەندەك، خانقىز ھازىر سەل-پەل سەمرىپ،
فىگورىسىنىڭ بۇرۇنقى نازۇك ۋە ئەۋرىشىملىكى يوقالغان، قىلىق-ھەرىكەتلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك
تاتلىق، چاققان بولالماي قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەللىكى يەنىلا قاش-
كۆزلىرىدە جۇلالىنىپ، جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. سالماننىڭ خىيالىغا توساتتىن كىمدۇر بىر-
سىدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر سۆز كەلدى: «بىر چاغلاردا سېنى مەپتۇن قىلغان، سېنى
ئىگىلىگەن بىر ئايال سەن تەرەپتىن تاشلىۋېتىلىپ، ئۇزاق يىللاردىن كېيىن قايتا
سېنىڭ ئالدىڭدا پەيدا بولغاندا، ئۇ سېنى يەنىلا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز
ئازابقا سالىدۇ!» لېكىن سالمان خۇشال ئىدى. ئۇ ئايال توغرىسىدا ئەزەلدىن
ئازاب چېكىپ باققان ئەمەس. بۇ جەھەتتە، ئۇ ئۆزىنى ئامەتلىك ھېسابلايتتى. مانا بۈگۈن
خانقىزنىڭ ئۆز ئۆيىدە، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىمۇ
تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا ئامەت ياغدۇرغانلىقى ئەمەسمۇ؟!

خانقىز ناھايىتى تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈردى. لېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپلا، كۆزلىرى سالماننىڭ
ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان شەھۋانى كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىر خىل بېزەك، تەل-
ۋىلەرچە قاراشلىرىدىن قانداقتۇر بىغەملىك، ھەتتا ئاز-تولا ئىچى قارىلىق ئالامەتلىرى
چىقىپ تۇراتتى.

خانقىزنىڭ ئەمدى بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشكە تاقىتى قالمىدى. قاپاقلىرى سىلىنىپ،
چىشلىرى كىرىشتى، ئالقانلىرىنى يۇمۇپ بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى. ئاخىر، شۇنداق بىر
جاسارەت بىلەن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— ھە، بايىقى گېپىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ۋە بوغۇلغانىدەك تامس-

قىنى قىردى. راستىنلا بوغۇلغانىكەن، ئاۋازى خىرقىراپ چىقتى، — دېمەككىم، مەنمۇ بىلىپ قالاي، سىزگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدىغان باشلىقىڭىز كىم؟

— ھىدايەت قاۋۇل … — ئەدھەم بۇ ئىسمنى ناھايىتى تەسلىكتە ئاغزىدىن چىقاردى.

— ھىدايەت؟! — بۇ ئىسىم دەرھال سالمانىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، — ھېلىقى ئانچە - مۇنچە شېئىر - قوشاق، ماقالە - پاقالە يازىدىغان ھىدايەت شۇمۇ؟!

— شۇ، دەل ئۆزى شۇ! — دېدى ئەدھەم ۋە ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىپ قويدى، — 1980 - يىلى بىز بىللە داشۆنى پۈتتۈرگەن …

مەرۇپ ئاقساقال ھەيران بولغاندەك ئوغلىدىن سورىدى:

— دېمەككىم، سەن قانداق تونۇيسەن؟

— دادا، پالاق تۇخۇمدىن چىققان ئۇ ھارامنى كىم تونۇمايدۇ؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئوغلۇڭ ھازىر كارخانىچى بولغان بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. ھىدايەت دېگەنلەر دەل ئاشۇ 80 - يىلنىڭ بېشىدا بىزنىڭ مەكتەپكە پراكتىكىغا كەلگەن، ئۇلار بىلەن شۇ چاغدا تونۇشۇپ قالامدىمەن! ھە، راست، يولداش ئەدھەم، بايا سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداشلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز، ئەجەبا، مەن ئۇ چاغدا سىزنى كۆرمەپتىكەنمەنغۇ؟

— توغرا، بىز كۆرۈشمەپتىكەنمىز، — دېدى ئەدھەم خورسىنغانىدەك، — مەن ئۇ چاغدا ئانام ئاغرىپ يۇرتقا كېتىپ قالغان. ئانام ساقىيالماي ئاخىر قازا قىلدى، شۇ ئىش بىلەن پىراكتىكىغا قاتنىشالماي قالغانىدىم.

— خوش … دېمەككىم، ئۇ ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانىداقراق؟ — مەرۇپ ئاقساقال زىغىرلاپ سوراشقا باشلىدى.

ئەدھەم بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، كېيىن ئازراق غەيرەتكە كېلىپ:

— ئەمدى … ئاقساقال … مۇناسىۋىتىمىزنى سوراپ قالدىڭىز، — دېدى دۇدۇقلاپ، — سىزگە راست گەپنى ئېيتمىسام بولماس، ئادەتتىكى كۈنلەردە مۇناسىۋىتىمىز ياخشى، ئايرىلمايمىز. لېكىن جىددىي پەيتلەردە، ئوتتۇرىمىزغا مىسران قىلچىنى قويۇپ ياشايمىز!

مەرۇپ ئاقساقال ئويلىنىپ قالدى، بۇ گەپ چىرايلىق ئېيتىلغان بىلەن ئاستىدا قانداقتۇر چوڭقۇر مەنە ۋە سىرلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى.

سالمانمۇ ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇمچە قىلدى:

— قانداق، دادا، قالتىسمىكەن! مەنمۇ بىلىمەن، ھىدايەت دېگەن بۇ نەرسە بۆقىنىڭ سۈتىنى ئىچىپ، خورازنىڭ تۇخۇمىنى يەپ چوڭ بولغان نوچى! تووۋا دەيمەن، ئاشۇنداق بىر كونا ئەۋرەزدىن چىققان چاپاقا قانداق قىلىپ ئەدەبىيات سېپىدە ھوقۇق ئىگىلەپ ئالدىكىن - تاڭ؟!

مەرۇپ ئاقساقال بۇ توغرىدا ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. بۇ سۆز ئەدھەمگە دالدا بولدى، ئۇ ئەمدى قىلچە تارتىنماي داتخورلۇق ئېيتىشقا ئۆتتى:

— ئىشلىرىم تازا ئەپلەشمەيۋاتىدۇ، ئاقساقال. كۆڭلىمىزمۇ سالغا چۈشۈپ چەت ئەلگە كېتىپتىكەن، مەنمۇ كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، نايمانغا كېتەي دەۋاتىمەن!

— ھاي - ھاي! … پەيلىڭىزدىن يېنىڭ! — دېدى مەرۇپ ئاقساقال چاقچاق بىلەن

كۈلۈپ، — كۆزى كەتكەن بىلەن سىزنى كەتكۈزمەيمىز! دېمەككىم، كۆڭلىڭىزگە كەلگەن ئىشلار بولسا، ماڭا ئېيتىڭ، ھەمدەم بولىمەن. بىزمۇ بىر چاغلاردا سىزگە ئوخشاش چېچىپ يۈرۈشنى خالايدىغان قېيىندىغاق تاي ئىدۇق، مانا ئەمدى ھارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقان ئىچ ئاتقا ئايلاندۇق. دېمەككىم، بۇ ھارۋا باشقا نەرسە ئەمەس، مانا شۇ خىزمەت، پارتىيە، خەلقنىڭ ئىشى!

ئەدھەم ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن نەشرىياتتىكى ئەسىرى ۋە يۇقىرى ئۇنۋان توغرىسىدا كۆڭلىگە پۈككەن گەپلەرنى ئېچىتىپ دەۋالدى. مەرۇپ ئاقساقال بۇ ئىشقا خېلى قىزىقتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاخىرىدا:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، شان - شەرەپ دېگەن بەئەينى لوق گۆشكە ئوخشايدۇ. دېمەككىم، ئۇنى ھەممە ئادەم بىر پارچىدىن كېسىۋېلىپ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا ئالدىرايدۇ. ئۇنى پۈتۈن پېتى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىش كېرەك! دېمەككىم، ئەگەر بىرەر كىشى ئۇ گۆشنىڭ بىرەر پارچىسىنى كېسىپ ئالدىمۇ، بولدى، سىزگە ئۇنىڭ ئازراقى قالىدۇ، قورساق يېرىم بولىدۇ!

بۇ سۆزلەردىن ئەدھەمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلدى، روھى ئۇرغۇدى. ئۇ ئۆزىنى مەرۇپ ئاقساقالدەك كۈچلۈك تايانچقا، ئەقىللىق ئۇستازغا، كۆيۈملۈك خېيىشقا ئىگە قىلغان تەقدىردىن، تەقدىرنىڭ بۇنداق چەكسىز شەپقىتىدىن خۇشال بولدى، رازى بولدى...

داستىخانغا تاماق كەلدى، گۈلدار چىنە تاۋاققا پەۋەس ئۇسۇلغان بەتتە پولو بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چوخچايتىپ بېسىلغان داغلىما گۆش ۋە ساپسېرىق بەھلەر ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈپ، ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. مەرۇپ ئاقساقال خانقىزنى يېنىغا چاقىردۇردى، لېكىن ئۇ «زىباخان ھەدەم بىلەن بىللە ئولتۇراي» دەپ، داستىخانغا كەلگىلى ئۇنىمىدى. ئىككى ئايال كىچىك مېھمانخانىدا ئايرىم داستىخان تۈزدى.

— قېنى ئەمىسە بىز بېقىۋېرەيلى، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال گۆش توغراشنى سالمانغا تاپشۇرۇپ، — دېمەككىم، ئەدھەم، چوڭ - چوڭ ئېلىڭ، ئاشنىڭ تېۋى كېتىپ قالىدۇ. بۈگۈن سىزنى ھاراق بىلەن مېھمان قىلالمىدىم. دېمەككىم، ئۆزۈم ئۇلپەت بولالمىغاندىن كېيىن سىزگىمۇ قويمۇدۇم. ھاراق نېسىۋىڭىز نېسى قالدى...

تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئۆزاپ چىقتى. سالمان كوچا بېشىغىچە بىللە كېلىپ:

— بىزنىڭ «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىمىزغىمۇ بېرىڭلار، — دېدى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن، — ھەممە ئويۇن - تاماشا بار، كۆڭلۈڭلار كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. مەن سىلەرنى كۈتىمەن، ئېسىڭلاردا بولسۇن: غەربىي يول، 92 - قورۇ!

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەسەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇلۇغ پارتىيە، شانلىق پارتىيە، توغرا پارتىيە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىسا، يېڭى جۇڭگومۇ، بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختىيار يېڭى ھاياتىمىزمۇ بولمىغان بولاتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىسا، بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىزمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

ھۆرمەتلىك قەلەمداشلار:

بۇ يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل توشىدۇ. بىز بۇ شانلىق بايرامنى كۈتۈۋېلىش، قىزغىن تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ژۇرنىلىمىزدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەر، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئىلغار ئىش - ئىزلىرى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى مەدھىيىلەنگەن، ھەرقايسى دەۋر، ھەرقايسى سەپلەردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شانلىق ئوبرازى يارىتىلغان ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلىمىز. ئەسەرلەر ژانىر جەھەتتە چەكلەنمەيدۇ، پوۋېست، ھېكايە، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرىك، شېئىر، داستان، باللادا بولسا بولىۋېرىدۇ. كەڭ ئاپتورلارنىڭ مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق تويىنى كۈتۈۋېلىشنى، ژۇرنىلىمىزغا يۇقىرىدا دېيىلگەن مەزمۇنلاردىكى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. كونۋېرت ئۈستىگە «قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەر» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلسا بولىدۇ. مۇشۇ نۆۋەتتە قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ياخشىلىرى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئايرىم توپلام قىلىپ ئىشلىنىدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئوسمانجان ساۋۇت

# كۆرۈمگە ئۇچرىساق بىللە كۆلەيلى

## ناخشا

تىلسىمات بوشلۇقلار، تىلسىمات جاھان
تىلسىمات قۇياشتىن نۇرغا كۆمۈلەر.
تىلسىمات دېڭىزلار چەكسىز بىپايان،
تىلسىمات پەرىلەر سۇغا چۆمۈلەر.

دولقۇنلار باغرىدا سۆرۈلىدۇ چاچ،
جۈپ كۆزلەر قانمىغان ئارماندەك يانار.
بىلەكلەر سۈتتەك ئاق جاللات يالىڭاچ،
مەڭىزلەر ئوت چاچقان قىپقىزىل ئانار.

ئوينايدۇ جەننەتتە ئاق بېلىق قىزلار،
مۇھەببەت چاچرايدۇ ئويۇنلىرىدىن.
لەھەل بوپ چۈشىدۇ (يالتىراق ئىزلار)
تەگكەن سۇ لەھەلدەك بويۇنلىرىدىن.

نىگاھلار پۇرقۇيدۇ پۈتمەس ئىشتىياق،
باسىدۇ باسقۇندەك جان جىلۋىلىرى.
پارلايدۇ ھەر بىر تەن ۋە ھەربىر سىياق
ئايلارنىڭ ئۆلگىسى، تاڭ قىبلىلىرى.

قىرغاقتا كەلمەكتە ئەڭ ئېسىل بىرى،
ئالەملىك ئامەتنى يېپىنىپ ئالدىم.
باغرىمدا تۇرماقتا گۈزەللىك پىرى،
ئولجامدۇر گۈزەللىك قېپىنىپ ئالدىم.

ھەس ـ ھەسلەر تارقىدى، ھەسرەتلەر ئۆلدى،
بىردەمدە يات بولدى قارا يۈز ۋايىم.
بۆلۈمنى بۇ قېتىم خىزىرلار بۆلدى،
مەشۇقۇم يېنىمدىن تاللاندى جايىم.

خوپ ئۇيقاش قەدەملەر ئۆمۈر يولىدا،
دەۋەتكە لەببەيدۇر بۇندىكى جاۋاب.
يۇلتۇزنىڭ قىسمىتى يۇلتۇز قولىدا،
يۇلتۇزلار يۇلتۇزنى قىلىدۇ تاۋاب.

جاراڭلاپ تۇرىدۇ ئەكس سادالار،
بىر تاۋۇش سادىسىز يەتمەيدۇ زىنھار.
بىر تاشنى سىيپىساڭ مىڭ يىللىق بىدار،
مىڭ بىر تاش قەلبىنى قىلىدۇ ئىزھار.

سەبىيگە ئايلاندىم، قىلدى كارامەت
ئاجايىپ سۈرەتلەر، ئاجايىپ دۇنيا.
تۇيغۇلار باشلىدى سوڭسىز پاراغەت،
ئۇدۇسقاپ ياتقان بىر بوۋاقمەن گويا.

نېمىشقا يانمىغاي پۈتۈن ۋۇجۇدۇم،
تومۇردا قانلىرىم ئاتەش بوپ ئاقسا،
مۆجىزە ئانىسى ناخشىدۇر چوقۇم،
ياشىسۇن مۆجىزە — ياشىسۇن ناخشا!

## كۈتۈش

زىل تارلار سۆزلەيدۇ ئوتلۇق ئۆزەكنى،
ئاراشقا باش تىقار يىپەكتەك نۇرلار.

www.uyghurkitap.com

دېرىزەڭ ئالدىدا يېڭى كۆزنەكنى،
باغرىمغا ئۇيۇلدى دەھشەتلىك قۇرلار.

كۆلەڭگەڭ بىسلار تاۋار پەردەڭگە،
بىر شەپە بېرەلمەي بولسەن ئادا.
شوخ كۈلكەڭ دەردىمگە بۇلار سەرەڭگە،
قۇلاقتا ياڭرايدۇ دەيدىگەن سادا:

قېنى كۈت جانانى، بولغىن زەپىران،
قېنى كۈت، تۈن ئېغىپ، ئاي ھەم پاتقىچە.
شادلىقنى بىلىشچۈن بولغىن پەرىشان،
قېنى كۈت، ئاق دىدار تاڭلار ئاتقىچە.

چىقمىدىڭ تالاغا، كېتەلمىدىم مەن،
يۈلتۈزنى ساناپمۇ بولدۇم ئېھتىمال.
بۇ ئاخشام ۋەسلىڭگە يېتەلمىدىم مەن،
قەرزىڭنى ئۇنتۇما، ئەي ساھىبجامال.

### ئىزدەش

مەن سېنى ئىزدىدىم چىمەن ئىچىدىن،
چىمەنلەر قولۇڭنى سۆيمىدۇق، دېدى.
مەن سېنى ئىزدىدىم قارا كېچىدىن،
يۇلتۇزلار كۆزۈڭنى كۆرمىدۇق، دېدى.

ياپراقلار قوينىغا قارىدىم ئۇزاق،
كۆلەڭگە ھېچنېمە بىلمىدىم، دېدى.
كۆزۈڭدەك جىمىرلاپ تۇيىندى بۇلاق،
كۆزۈڭدىن باغرىنى تىلمىدىم، دېدى.

زەخمىمنى تۇيىدۇ ئۆرتىگۈچ ھىجران،
ھەر قارا سايىغا تەلمۈردۈم تىنماي.
ئامالسىز يەشمەكتە تۈننى پىنھان،
قىيالدق كەينىدىن ئۆرلەپ چىقتى ئاي.

كۆزلەرگە ئايلاندى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم،
ئالدىمدا غەلۋىردۇر بەئەينى دۇنيا.
چېكى يوق ئىزدەشمۇ مۇشەققەت ئۇدۇم
تاغلارنى يەلكەمگە ئالغاندەك گويا.

### بىللە

مەن ساڭا سۆزلىدىم شېرىن چۈشۈمنى،
ئۇنتۇمۇ، چۈشۈمۇ سەن بولغاچ دائىم.
چۈشلىرىم يېمەكتە ئەقىل ـ ھوشۇمنى،
ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن ئىلاھىم.

ئاۋايلا جېنىمنى بىردۇر تۇغۇلۇش،
قېنىمىاي قويارسەن ھالىمغا قاراپ.
كۆيىدۇرۇش سېنىڭدۇر، مېنىڭدۇر كۆيۈش،
ئالماشسا ئورنىمىز بولسەن خاراب.

تاغلارنىڭ تېشى بار باغرىڭدا دەھشەت،
قاچانمۇ ئېرەر ئۇ نېمە تۆپەيلى؟
سۆيگۈدە ھالالدۇر بەرىبىر ھەسرەت،
ئۇمۇنغان يۈرىكىم ئۆرتەنسۇن مەيلى.

ئېرىمە، چىڭ تۇرغىن ئەينى خىروستال،
تىمسالىڭ بولسۇنچۇ چوققىدا لەيلى.
ئۆلۈمگە ئۇچرىساق مەن ئۆلەي دەرھال،
كۆرۈمگە ئۇچرىساق بىللە كۆلەيلى.

### تەڭداش

سەۋدا دېگەن كۆيۈك بەلكى مەڭگۈلۈك،
سەۋدا دېگەن باشقا كەلگەن كەلگۈلۈك.
سەۋدا چۈشتى يۈرىكىمگە كۆيە بوپ،
ھالىم مېنىڭ جۆيلۈشۈمدىن بەلگۈلۈك.

ئېيتقانلىرىم جۆيلۈش بەلكى، چۈش بەلكى،
ئىزدەپ چىقتىم ساڭا تەڭداش، ساڭا تەڭ.

تاپالمىدىم ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ،
تالاي پىنھان ئىزلان قىلدى ماڭا جەڭ.

تالاي شەيئى تېگى بىلەن يولۇقتى،
تەگداش كۆزگە يۇلتۇز، يۈزگە تولۇن ئاي.
ھەممىسىلا ساڭا باقتى، ھولۇقتى،
تەگدىشى يوق گۈزەلدۇرسەن نۇرغا باي.

### ئۇنتۇش

چۈمۈلسەم بولارمۇ كۆز ياشلىرىڭغا،
ئۇ بولدى يېپىلىپ ياتقان بىر دېڭىز.
قونايمۇ بەخت بوپ ئاق باشلىرىڭغا،
بەختتەك بىباھا ھەسرەتلىك ئەي قىز.

چىمەنلەر ئىچىدە شولا قوغلىشىپ،
قۇياشقا قۇياشتەك باقار ئىدىڭ شات.
تۇراتتى باغرىڭدا گۈللەر چوغلىشىپ،
گىرىمسەن بوياقلار كۆزلىرىڭگە يات.

ئۆرەتتى چېچىڭنى ئۈلچەپ قىرىق تال،
ھەر تاڭدا ھۆر قىزلار قوللىرى يىپەك.
كۆكۈللەر كىر بىلمەس ئېرىپ تۇرغان بال،
مەڭىزلەر قىپقىزىل قات يارغان چېچەك.

كۆنلەرمۇ، تۈنلەرمۇ سۆيگۈلۈك ئىدى،
جەننەتكە تۇتاشقان سەن يۈرگەن جىم يول.
ھەممىسى بىر سېنىڭ غېمىڭنى يېدى،
ئۇلارغا سىلىكىدىڭ، سىلىكمىدىڭ قول.

ئۇچىماقنى ئىستىدىڭ ھۆر بولماق ئۈچۈن،
قانىتىم بارمۇ — يوق دېمەستىن تېخى.
يۇلتۇزۇڭ ئوت ئىدى، تەلپىڭ پۈتۈن،
ئۆزگىگە تاش قىسمەت بىر ساڭا سېخى.

تۈيدۇرماي ئاستىرتىن قىلاتتۇق ھەۋەس،
ئامىتىڭ، ھۆسنۈڭگە ھەممىمىز دائىم.
گۈللەرنىڭ ھىدىدىن ئالاتتۇق نەپەس،
سۆيمىدەك، شەپەقتەك كۆلسەڭ مۇلايىم.

ئۇنتۇلدى قايغۇلار، ھەسرەت بولدى دال،
ئۈرۈمچى «كۆز ياشقا ئىشەنمەس» ئەمدى.
چاچلىرىڭ ئۆرۈلدى يەنە قىرىق تال،
قۇدرەتكە ئايلاندى ئايرىلىش دەردى.

چۈمۈلسەم بولارمۇ كۆز ياشلىرىڭغا،
قونايمۇ بەخت بوپ ئاق باشلىرىڭغا.

1990 ـ يىل 10 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## يۈرەك سۆيگۈسى

### غەزەللەر

چېچەك بوستانىدا ئايمۇ يۈزۈڭ تال كەينىگە مۆككەن،
كۆزۈڭ سۆيگۈ ئىلاھىمۇ كىرپىكىڭ ئاستىغا چۆككەن.
قېشىڭ سەيىادى بەنت قىلدى مېنىڭ ئەرك ئىختىيارىمنى،
شۇڭا سىنەم بەئەينى جام كۆزۈمنىڭ ياشىنى تۆككەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىتەي، ئاتەش مۇھەببەتتىن يانار دوت بەرمەيىن قەلبىم،
بۇ قەلبىم خەستە ھالىدىن تېنىمنىڭ سۇرىتى ھۆركىكەن.
چىقىپ كەلسەڭ بەئەينى توز سۇپەت مەغرۇر تەمەننادا،
پەقىرىڭ ئىنتىزار يولدا ئاياغىڭ خاكىنى ئۆپكەن.
چىرايىڭ جەننەتى رىزۋان، دىلىڭغا شاھمۇ يا شەيتان،
ئۆزۈڭسەن قاي سىياق ئىنسان چىنارىڭ پوستىنى سۆككەن.
نە ۋەج شەيدايىغا بۇ سىر يېشىپ كەلسەممۇ تىلسىمنى،
نە قىسمەتلەر تۇرار ئالدىمدا تەقدىر كۆڭلىگە پۈككەن.

* *

كۆزۈڭدىن چاچرىدى ئاتەش، دېسەم باش چايقىدىڭ زىبا،
دېدىڭ: خالى ئىدىڭ دەردتىن كۆزۈڭ بولغاندا گەر ئەما.
بىراق، ئەما روداكى ھەم يۈنەكى كۆيلىگەن ئىشقنى
دېسەم، دەرسەن: كۆڭۈلنىڭ كۆزى كۆرگەي كۆزدە كۆرمەيلا.
ئاڭا بەش سەزگۈ بىھاجەت، ئىشق ئالىپتە بىر سەزگۈ،
ئەقىل ـ ئىدراكنىمۇ تەسلىم قىلار ئول قۇدرىتى ئەلا.
كۆزۈمدىن چاچرىغان كۆيگۈ، دىلىڭدە بولمىسا سۆيگۈ
قىلالماس ھەر ھۆجەيرەڭگە يېقىپ شام ئىشقنى پەيدا.
كۆتۈرمەي جامنى ھازىر، يانالەب جامىغا تەلمۈر،
دېدىڭ دىلبەر، مۇھەببەت شاھى بولغاي ئاشقى شەيدا.

* *

كۆزلىرىڭنىڭ چاقمىقىنى بىر كۆرۈپ مەستان ئىدىم،
خەستە جىسمىم جام بولۇپ مەي ئىشقىغا تولغان ئىدىم.
مۇشۇ قۇتلۇق كۈز كۈنى كەچكى شەپەق يانغان چېغى،
خۇش كەرەشمە بىر ئېغىز لەبزىڭ بىلەن قۇربان ئىدىم.
ئۆتتى كۈنلەر كۆرمىدىم، گۈللەر ئۇراپ تۇرغان بىلەن،
ھەممە گۈلنى تەرك ئېتىپ تەنھا ساڭا خەندان ئىدىم.
گاھ پىراقىڭ باغىدا كۆز ياش تۆكۈپ بولسام بۇلاق،
گاھ خىيالىڭ كۆكىدە شۇڭقار كەبى جەۋلان ئىدىم.
نەيلەيىن شەيدايىنى ئاتەشكە ئاتتى بىر پەرى،
تەلۋىلىكتىن ئوت ۋە گۈلزار پەرقىن ئۇنتۇلغان ئىدىم.

**گۈل بىلەن كېپىنەك سىرداشتى كېچە**

مەي كۈلگەن قەدەھنى ساڭا ئۇزاتسام،
بىر شېئىر بەدىلىگە ئىچمەك بولدۇڭ مەي.
ئۆزۈڭسەن ئەڭ شېرىن سۆيگۈمگە ئىلھام،
سېغىنىشىم، خىيالىم شېئىرىڭ پۈتۈنلەي.

*

بىر يۇمران چېچەكسەن، ئەتىر بەرگىنىڭگە
كېپىنەك قانىتىم كېلەرمۇ مالال؟
لېۋىمنى تەگكۈزسەم مەسۇم لېۋىڭگە،
قەدەھتەك لېۋىمگە قۇيارسەنمۇ بال؟

ھوشنى يوقاتتى ئاخىر كېپىنەك،
گۈل بىلەن سىردىشىپ ياتقان تۈن ـ كېچە.

*

رۇمەنئۇ سىياقى ئۇ قوپماس دېمەك،
جۇلتا لەبزىدىن مەي ئىچمىگۈنچە...

شېئىرىمنى ئاڭلاپ يار كۈلۈپ ئىچتى مەي،
كۆلكىگە يوشۇرۇپ ھېس ـ خىيالىن ھەم.
قەدەھتىن يار كۆردۇم، ئاڭلىماي لەببەي
لەببەيسىز مەيخورمەن قالىبىم بولماس نەم.

ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن

## مۇھەببەت ئىزنالىرى

### ياشلىق

ھايات ئۆتكەللىرى يولدا تۈمەنىمىڭ خىل جاپا قىلدى،
يېڭىپ مۈشكۈلنى ۋىجدانىم ۋەتەن، ئەلگە ۋاپا قىلدى.
كەشىپ قىلماققا تەلپۈندۇم شىجائەت، ئىجتىھاد بىرلە،
داۋاملىق ئىزدىنىپ ماڭسام ماڭا ياشلىق ئاتا قىلدى.

### تەكەببۇرغا

دېڭىزدا تامچە، مارجانسەن بېشىڭ يەتكەندىمۇ كۆككە،
قالارسەن خۇددى قامغاقتەك، بويۇڭنى تولغىساڭ كۆپكە.
پەقەت تۆككەن ھالال تەرىڭ سېنىڭ قەدرىڭنى ئۆلچەيدۇ،
كاناردا كۆرسىتىپ قۇيرۇق، بىراۋغا ساتمىغىن ئۆپكە.

### تۇنجى مۇھەببەت

ئەجەب شوخ قىز ئىدىڭ بىر چاغ، تۇتۇق بەرمەس توسۇن تايدەك،
يېنىپ ئىشقىڭدا ياش قەلبىم، كۆيەتتى ئۆرتىنىپ مايدەك.
بۇگۈن بارسام چېچىڭ ئۇچتەك، بېلىڭمۇ ياغا ئوخشاپتۇ،
كۆرۈندىڭ شۇندىمۇ يىللىق كۈلۈپ تۇرغان تولۇن ئايدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ئابدۇللا سۇلايمان**

## يۇرتۇم مېھرى — روھىي بايلىقىم

**شان بەرسۇن يۇرتقا ھالال ئىنئاملىرىم**

ئېڭىمدا يېڭىچە ئوي - پىكىر كېزەر
«ئىمالا» تارىخىنى ئاچقىنىمدا.
ياپىرايمەن قەدىم تارىخ تۈگۈنىگە،
بۈگۈندىن شەرھىي - ئىزاھ تاپقىنىمغا.

«ئىمالا» چىن ئەقدە باغلاپ مانا،
بېيىشىنىڭ يوللىرىدا روناق تاپتى.
بۇ ئىشەنچ، ئەقىدىگە پاراسەتنى
ئۈزۈلمەس رىشتە قىلىپ مەھكەم چاتتى.

ئىشەنچى سۇسلاشمىغاچ ئارمانلىرى
ئايلاندى ئۇلارنىڭ كۆپ پۇل ۋە مالغا.
ئەقدە بولمىسا گەر يېتەلەمتى
«ئىمالا» تېزلا بېيىپ مۇشۇ ھالغا؟

شۇڭا بۇ يولغا ئالقىش، تەھسىن ئېيتار
ھەر قېتىم شاتلىقىدا «ئىمالىرىم»
دەر ئۇلار: غەيرىتىمىز تېشىپ مەڭگۈ،
شان بەرسۇن يۇرتقا ھالال ئىنئاملىرىم.

**يۇرتداشلىق جاكاسى**

قۇملۇقلار كەلدى سىلجىپ قېشىمىزغا،
چۈشمەكتە توپا - توزان ئېشىمىزغا.
تەبىئەت تەگرىسىنىڭ غەزىپىدىن
ياغقۇسى قۇم بالاسى بېشىمىزغا.

يۇرتداشلار، ئويغىنايلى ئۇيقۇمىزدىن،
بۇ ئاپەت جاي ئالسۇن دىل تۇيغۇمىزدىن.

قانچىلاپ يەرنى قۇمغا تاشلاپ بەردۇق؟
قانچىلاپ تەرنى قۇمغا تاشلاپ بەردۇق؟
قېنى ئۇ قايناق شەھەر، كۆجۈم مەلە؟
قانچىلاپ ئەرنى قۇمغا تاشلاپ بەردۇق؟
يۇرتداشلار، قىلايلى بۇ ھەقتە ھېساب،
كىمگە يات، كىمگە خاس بۇ سەۋىر،
«ئىنساپ»؟

ئېكىنزار قۇچاقلىرى تارايماقتا،
بۇلاقلار قۇرۇپ، ئېقىن قارايماقتا.
قوشنىمىز تەكلىماكان رىسقىمىزغا
ئۇزۇتۇپ قول دائىما ئالايماقتا.

يۇرتداشلار، قوغدايلى گۈل بېغىمىزنى،
ئاسرايلى قار يېپىنغان تېغىمىزنى.

ھېلىمۇ پالتا، تىغ بار قولىمىزدا،
ئورمانلار يىقىلدى ئوڭ، سولىمىزدا.
يۇلغۇننى، توغراقلارنى قىلدۇق ۋەيران،
ئۇچرىسا كەسلەپ، كولاپ يولىمىزدا.
قىلمايلى تەبىئەتكە قوپال چاقچاق،
قۇردىمىز يۇرتنى قانداق، بۇزۇپ - چاچساق؟

يەتمەستە شەھىرىمىزگە قۇملار بېشى،
توسايلى ئۇنى ياساپ ئورمان قېشى.
بۇزۇش بەك ئاسان، قۇرۇش تەستۇر ئاندىن،
ئاقمىسۇن ئاخىر بىر كۈن كۆزلەر يېشى.
تەبىئەت تەڭپۇڭىنى ساقلاش ئۈچۈن،
سالايلى ئىشقا ئەقىل، كۈچنى پۈتۈن.

## چىرايلىق

باغ - باراقسان چىرىنىڭ باھار - يازى چىرايلىق،
باغلار ئارا ياڭرىغان ناخشا - سازى چىرايلىق.
تولا باغقا مۇناسىپ چىرايلىق قىز بەك تولا،
ئۇلار جۇپتۇر، كۆلىدە قوشماق غازى چىرايلىق.
ئىش دېگەندە ھارمايدۇ، ئوينىغاندا بەكمۇ شاش،
يۈزى تۆۋەن قىزلارنىڭ خۇلقى - نازى چىرايلىق.
داستىرخىنى بەكمۇ كەڭ خۇددى كۆڭلى - كۆكسىدەك،
مېھمىنىنى ئىززەتلەپ قىلار رازى چىرايلىق.
چىرىدىكى چىرايلىق قىزلار يۇرتىنىڭ زىننىتى،
ئۇچۇش ئۈچۈن راسلىغان قانات - بازى چىرايلىق.

### كۈلكە ناخشىسى

تاتلىق كۈلۈش نېسىپ بولغان سەبىيلىكىم،
ئانام مېنى «كۈلگىن بالام» دەيتتى دائىم.
بىخەملىكىم جۇغۇم بىلەن كېلەتتى تەڭ،
يېمەس ئىدىم ھېچنەرسىدىن قىلچە ۋايىم.

ئۆگەنگەندىن بېرى دوراپ كۈلۈشلەرنى،
كۈلدۈم ھەتتا كۆزۈمدىن ياش ئاققاندىمۇ.
كۈندە «بايرام» ئويناپ كۈلدۈم تالاي
يىللار،
داپ چېلىشقا پۇچۇق زاغرا تاپقاندىمۇ.

تىل ئاستىغا تىل يوشۇرۇپ كىرىپ كەلدىم
سۆيگۈ ئاتلىق قايناملارنىڭ ئارىسىغا.
ھىجرانىمدىن يىغلاپ تۇرسا يۈرەك قەلبىم،
كۈلدۈم سېپىپ تۇز ئۆزۈمنىڭ يارىسىغا.

كۈلۈشكىلا رۇخسەت قىلدى كۈلگەك يارىم،
ئۆلچەپ كۈلۈش مىزانىدا ساداقەتنى.
«لەببەي» ئۈچۈن ماس كۈلكىلەر ئىجاد
ئەتتىم،
پۈكلىنىشتىن قىلغان چېغىم تاپاۋەتنى.

شۇندا زېمىن كۈلگىن دېدى مېنى تارتىپ،
سەن كۈلۈشنىڭ لازىم دېدى قۇياشمۇ ھەم.
كۈلكە قامەت ئاتا قىلاي دېدى تاغلار،
كائىناتنىڭ كۈلكىسىنى قىپ مۇجەسسەم.

كۈلمەكچىمەن تاشلاپ شۇڭا نىقابىمنى،
دىل ئويۇمنى ئەل - ئاۋامغا ئاچقانچە كەڭ.
كۈلمەكچىمەن ئالەمشۇمۇل شان ئىلكىدە،
كۈلكىلەرگە ئەندىز بەرگەن يار بىلەن تەڭ.

كۈلمەكچىمەن شۇنداق، ماڭا قالغاچقا بۇ
بولۇپ شادلىق ئىلاھىدىن بىر ئەنئەنە.
پۈتۈن دۇنيا باھار ئۆمرىن سۈرگەندىلا،
قىلار تارىخ كۈلكىلەردىن زور تەنتەنە.

### تەقەززالىق قەسىدىسى

تۇناش قىيا، تىك تاغلارنىڭ مەغرۇر قامىتى
تارامىلارنىڭ، دەريالارنىڭ بەخت ئامىتى.
ئېقىپ كەلسە چەشمە تولۇپ ئېرىق-ئۆستەڭدە،
بېسىلىدۇ گىياھلارنىڭ چاڭقاق تاقىتى.

www.uyghurkitap.com

ئورمانلارغا تۇتاشسا ئوت بولۇپ زور يانغىن،
تۆكۈلدۇ ئاڭا بۇلۇت كۆزلىرىدىن ياش.
ھۇجۇمىدىن دېڭىزلاردا بەڭباش دولقۇننىڭ
يوشۇرالماس ئۆزىنى لاي ئىچرە خادا تاش.

تاۋلىنىشتا تاغلار چۆكۈپ بولسا ئويمانلىق،
تاۋلىنىشتىن دېڭىز قۇرۇپ، كېڭىيەر قۇملۇق.
ئورمانلارنىڭ يانغىنىدىن قالسا دۆۋە كۈل،
قۇملۇق كۆكلەپ ئوخشايدۇ دان - زىرائەت
بۇلۇق.

تەقەززالىق چۇلغۇۋىنى تۇتقان ئىلكىدە،
كائىناتنىڭ ۋاقىت ئاتلىق بىر شاھىنشاھى.

يېتىپ بارار ئاڭا زېمىن، قۇياشنىڭ، ئاينىڭ
ياشاش كۈيى خۇشاللىقى، قايغۇسى ئاھى...

بۇ خىياللار دانىلىرىنى تاسقىدى ئۇ تېز،
تەسەۋۋۇرنىڭ ئەلگىكىنى ئېلىپ قولىغا.
شۇ سىزىقنى، شۇ تىزىقنى بويلىدى بىر پەس،
باھا بېرىپ ۋاقىت ئاتلىق شاھىنىڭ رولىغا.

سورۇپ خىيال دانىلىرىنى نۇر شامىلىدا،
ئۇنىڭ ئەقىل - زېھنى كۈندەك يورۇپ
ئېچىلدى.
تەقەززالىق يىپلىرىدىن تۆكۈلگەن مارجان،
كەڭلىكلەرگە ئاقار يۇلتۇز بولۇپ چېچىلدى.

ياسىن زىلال

# غەزەللەر

يار ئۇچۇن كۆيگەن يۈرەكنى شام ۋە شامدانىدىن سوراڭ،
ئەھدىگە سادىق پىداكار روھنى پەرۋانىدىن سوراڭ.
بەرق ئۇرۇپ مۇز تاغدا قار قوينىدا كۈلدى گۈل نېچۈن؟
نەچچە مىڭ گەز يەرتېگىدە لاۋا - گۈلخانىدىن سوراڭ.
ئاي يۈزىگە نە ئۇچۇن داغ چۈشتى، خۇرشىد سۆزلىسۇن،
ھەم شەپەق ئەمگەن قىزىلنى يەردىكى قانىدىن سوراڭ.
گۈل ياقاسى چاكۇ - چاكتۇر كىم نېچۈن، بۇلبۇل ئۇچۇن،
نالە - خەندان ئىچرە سىڭگەن سىھرىي پىنھانىدىن سوراڭ.
ھەر سەھەر بۇلبۇل تىكەنگە تەن ئۇرۇپ باغرىن يارار،
خوپ ۋىسال پەيزىنى جەزمەن جەبرى ھىجرانىدىن سوراڭ.
نە ئۇچۇن كاككۇك تىلىدىن تۆكۈلەر قان ئاھ دېسە،
ھىجرى دەردىن سۇدىن ئايرىلغان بېلىقجانىدىن سوراڭ.
ھەي، ئەمەس مىزان قۇرۇق گەپ چىن سۆيەت ئاشىق ئۇچۇن،
ئىمتىھان كەلسە ئەگەر ۋىجدانىغا سىز جانىدىن سوراڭ.
ئاھ، جۇدالىق تەگلىسە تىغ جانغا جانانىدىن توسۇپ،
قايسىنى تەرك ئەيلىمەكنى ئەھدى ۋىجدانىدىن سوراڭ.
گۈل ۋە بۇلبۇل، شامۇ - پەرۋان، لەيلى - مەجنۇن ئىشقى بەس،
يەرگە ئاققان يۇلتۇزۇمنى يەتتە ئاسمانىدىن سوراڭ.

* *

تىلەيمەن مىڭ پۈكۈپ قەددىمنى رەھمە قىل جانان ئەمدى،
سېلىپ ئاھۇ - پىغانىمغا قۇلاق، سۆر خۇش زابان ئەمدى.

ۋىسال تەشناسىدا يۈمران تېنىم قاقشالغا ئايلاندى،
چۆشۈپ ئاھىمغا ئوت ئۆرتەنسە تەن كۆيمەمدۇ جان ئەندى؟!
قارا، بۇ كۆزلىرىمدىن ئاققىنى گۈلنىڭ سۈيى ئوخشاش،
يەنە يىغلاش قىلار مىڭلاپ تومۇرنى تەركى قان ئەندى.
ئانار رەڭ يۈزلىرىمدىن سەنمۇ زوقلانغان، خۇدا شاھىد،
سېرىقلىق بابىدا چېھرىمگە ھەيراندۇر سامان ئەمدى.
قولۇڭغا تىغ ئېلىپ مەيلى يېرىپ كۆر ئىچى - باغرىمنى،
ۋاپا لەۋزى ھالال قەلبىمگە قىلما شەك - گۇمان ئەمدى.
سېنى دەپ ئوتتا كۆيدۈم، سۇدا ئاقتىم، تاغۇ - دەشت كەزدىم،
پىداكار بۇ ھايات بەخشەندە، كۆرسەت ئىمتىھان ئەمدى.
قۇياشتەك تەلئەتىڭدىن دىلغا ئوت سالغان ئىدىڭ باشتا،
نېچۈندۇركى، مېنى كۆرگەندە چېھرىڭدە تۇمان ئەددى.
سېنىڭ ئالدىڭدا قانداق بىر گۇناھ قىلغاننى بىلمەيمەن،
ئازاب خەنجەر ئۇرۇپ بولماقتىمەن ھالى يامان ئەمدى.
ئۆزۈڭ بۇ جاننى ئال، يا خەستە جانىمنى جېنىڭغا قوش،
تۇيۇلماقتا ماڭا بولغان كەبى ئاخىر زامان ئەمدى.

*  *

تالاي شائىر سېنى جانان پەرى - غىلمانغا ئوخشاتتى،
نە غىلمانكى، نېسىپ بولمايدىغان ئارمانغا ئوخشاتتى.
سېنىڭ ئىككى كۆزۈڭ ئالەمنى زاھىر ئەيلىسە كۈن - تۈن،
ئۇنى يېگانە يانغان تۈندىكى چولپانغا ئوخشاتتى.
ھاياتلىق ئالىمىدە تۇرسا ئادەم ھەممىدىن ئۈستۈن،
شېرىن كۈلكەڭنى كاككۇك، بۇلبۇلى خەندانغا ئوخشاتتى.
سېنىڭ كۆكسۈڭگە سىغسا مىڭلىغان ئالەم بۇ ئالەمدەك،
ئىسسىت، مېھرىڭ پايانىن شۇ كىچىك ئاسمانغا ئوخشاتتى.
دىلىڭ بەھرى پەۋەس گۆھەر - جاۋاھىر ئالىمى تۇرسا،
گۈزەل پەزلىڭنى مەرۋايىت، سۆزۈڭ مارجانغا ئوخشاتتى،
ئىپار - مۇشكى، ئەنبەر بار مۇئەتتەر سەندە جەمدۇر - جەم
دەرىخا بويى — قەددىڭنى ھىدى رەيھانغا ئوخشاتتى.
قەلەملەر چەكتى گۈل، مەدھى قىلىپ ئالى كامالىڭنى،
بىزەي دەپ باقتىيۇ، ئەپسۇس، ھامان نۇقسانغا ئوخشاتتى.
سېنىڭ نازۇ - باھارىڭ قۇتلىغان قۇتلۇق نىھال ئۆمرۈم،
ھايات گۈلگۈن لېۋىڭنىڭ قەترىسىنى جانغا ئوخشاتتى.
ماڭا ئالدىمدىكى سۇ چۈشتىكى كەۋسەردىن ئارتۇقتۇر،
زىلالى شول سەۋەب ئىنسانىنى شۇ ئىنسانغا ئوخشاتتى.
گۈزەللىكتە بېرەلمەس ھېچ نېمە يار ساڭا تەققاسلىق،
بۇ سۆزنى رەڭگە ناقىس شائىرىڭ داستانغا ئوخشاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* *

ئى مۇھەببەت، باغرى تاش بىر يارغا يار قىلدىڭ مېنى،
دەرد سېلىپ دەردسىز بېشىمغا خۇيمۇ خار قىلدىڭ مېنى.
بىر گۈزەل جانان سىيماسىدىن قىلىپ روھىمنى مەست،
دەشتى ـ پۇرقەت ۋادىسىدا بىقارار قىلدىڭ مېنى.
ئاھلىرىمدىن ئول گۈزەلگە خۇش تاماشا يەتكۈزۈپ،
مەسخىرە سەيياديغا ھەردەم شىكار قىلدىڭ مېنى.
مىڭ نەسىھەت، مىڭ قەسەم بەردىم ئۆزۈمگە بولدى دەپ،
قالدى ئەھدىم نەدە، ۋاي، بىئېتىبار قىلدىڭ مېنى.
رىشتى جانىمنى سوزۇپ جىسمىمغا تارتىپ، يىغلىتىپ،
خالىغانچە پەنجىلەپ ئەگرى دۇتار قىلدىڭ مېنى.
يارغا يول سالدىڭ مېنىڭ چېھرىدە، كۆزلەر سېپتى سۇ،
كىرپىكى، قاشى سۈپۈرگە مەدىكار قىلدىڭ مېنى.
ئەمدى مەن قانداق چىداي بەرگەن بەدەل، دەردىمگە ئاھ،
تا ئۆمۈر پۈتكىچە ھەر ئان ئەرزى بار قىلدىڭ مېنى.

* *

قايسى چاغدا قاي بازاردىن تالىلىۋالدىڭ يار مېنى،
قايسى شېرىن سۆزلىرىڭدە ئالدىۋالدىڭ يار مېنى.
نى قارا كۆزلەرنى كۆيدۈرگەن ھايات شامىمدا مەن،
سەن كېلىپ تارتماي جاپا ھېچ قايرىۋالدىڭ يار مېنى.
ئالمىدەك ئىلكىڭگە چۈشتۈم، خالىغانچە ئوينىدىڭ،
خۇشلۇقۇڭ تۇتقاندا گاھى چاينىۋالدىڭ يار مېنى.
گاھى چۆلگە، گاھى كۆلگە قايرىلىپ ئاتتىڭ كېچەپ،
گاھى تاۋلان دەپ قىزىق ئاتەشكە سالدىڭ يار مېنى.
بىر ئويۇنچۇقتەك سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆرگۈلدۈم ھامان،
چاچلىرىڭغا جان يىپىمدىن باغلىۋالدىڭ يار مېنى.
قالمىدى ئەركىم، ھەۋەس، پەيزىڭگە قىلدىڭ بەندىلىك،
خالى ـ پىنھاندا جاھاندىن ئايرىۋالدىڭ يار مېنى.
خۇددى بۇلبۇل زەر قەپەستە سايرىغاندەك سايرىدىم،
تۇتىدەك ھەمدىڭگە كۈيچى سايلىۋالدىڭ يار مېنى.

* *

مېنى خارۇ ـ تىكەن دەپ سەن ئۆزۈڭنى ئېيتمىغىن گۈلشەن،
ئۆزىنى ئۆزگىدىن چوڭ چاغلىغان ئاقىل ئەمەس جەزمەن.
بولاي مەيلى تىكەن گۈل شېخىدا گۈلگە نېمە رەنجىم،
تىكەنسىز شاختىكى گۈل پەنجىدىن بولغاي جاراھەت تەن.
تىكەنمۇ، گۈلمۇ بىر شاخ بالىسى، بىلمەمسىز، غولى بىردۇر،
شۇ ھالدا بىزگە ھاجەتمۇ دېيىشمەكلىك يەنە سەن ـ پەن.
قارا، كىرپىك بىلەن كۆزگە بىرى مويدۇر. بىرى گۆھەر،
بولالماس كۆزمۇ كىرپىك بولمىسا ئاۋۋالقىدەك روشەن.

قارا ئايغا، بۇلۇتقا، بىرسى ئۇزدۇر، بىرسىدۇر بەد رەڭ،
قەيەردە باغنى كۆردۈڭ نۇر بىلەنلا سۈيى يوق كۆلگەن.
جاھاندا بارچە شەيئى جىسمىغا جەم ئۆزگىچە خىسلەت،
ئەمەستۇر تەركى ھىكمەت ھېچ نېمەرسە ئۇيلىساڭ قەلبەن.
بولاي مەيلى تىكەن ۋە يا بۇلۇت، بولماي چىمەن يا ئاي،
نېچۇن قىلمايدىكەنمەن ئىپتىخار، مەڭگۇ پەخىرلىك مەن.
ئۆزۈڭنى شاھ سانا ياكى قۇياش، كۆڭلۈڭدىكى خاھىش،
ئەمەس ھەققىڭ بىراۋغا كىبرى ئەيلەپ كۆرستىش گەدەن.
سۆيەر بولساڭ سۆيۈندۈر، سۆيۈنۈش سۆيگۈ بەخش ئەتكەي،
سۆيۈپ قوي دەپ ئۆزۈڭچە تۇرغىنىڭمۇ بۇ قېتىپ قەستەن.
سۆيۈشنى نەرقى ئەرزان بىر ئويۇنچۇق دەپ خىيال قىلما،
كۆڭۈلگە سۆيمىگەنگە لەۋ يېقىشتىن ياخشىدۇر ئۆلگەن.

ئازاد ئابدۇللا

## ئۈرۈمچى

ئۇزاقلاردىن ئۇتنى دىلغا ياققان ئۈرۈمچى،
تومۇرۇمدا مۇھەببىتىڭ ئاققان ئۈرۈمچى.
كۆزلىرىمنى ساڭا تىكىپ باقتىم مەن بۈگۈن،
كېزىپ رەستە ـ باغلىرىڭنى ھەريان، ئۈرۈمچى.
يارىشىپتۇ گۈل ھۆسنۈڭگە ئېگىز بىنالار،
تاقاشقاندەك كۆككە غۇلاچ ئاتقان، ئۈرۈمچى.
ئالا ـ يېشىل كېپىنەكلەر بوپتۇ پەرۋانە،
قوينۇڭ ئىكەن چىمەنزارلىق بوستان، ئۈرۈمچى.
گۈل ئىشقىدا بوپتۇ مەستخۇش كويچى قۇشلىرىڭ،
سايرا، قانماي كېچە ـ كۈندۈز خەندان، ئۈرۈمچى.
كۆز چاقنىتىپ تۇرار ئەنە سۈزۈك كۆزلىرىڭ،
يار بوينىغا ئاسقان گويا مارجان، ئۈرۈمچى.
ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا، زىلۋا قامىتىڭ
چېچىپ خۇش بۇي شىۋىرلايدۇ، جانان ئۈرۈمچى.
يۈزلىرىدە غۇنچىلارنىڭ خۇش خۇي تەبەسسۇم،
كۆزلىرىدە ئۈمىد ـ يالقۇن يانغان ئۈرۈمچى.
سەن ئەزەلدىن مەرىپەتنىڭ تاشقىن بۇلىقى،
ئىچىپ شەربەت مىليون دىللار قانغان ئۈرۈمچى.
چىللاپ مېنى يىراقلاردىن بۈگۈن باغرىڭغا،
مەرىپەتنىڭ شارابىنى تۇتقان ئۈرۈمچى.
كەلدى يېنىپ، سۆيگۈ چېغىم، باھارىم، پەيزىم،
كۈلەر مەڭگۇ دىلدا ئارزۇ ـ ئارمان ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابلەت ئابدۇرېشىت

## شېئىرلار

### سېتىلغان سۆيگۈ

تاپالمايسەن مېنى ئالەمدىن
مەيلى ئىزدەپ قەيەرلەرگە بار.
ئېرىپ كەتتىم كۆز يېشى بولۇپ،
سەن سۆيگۈنى بىلگەندە تاۋار.

### قەلەندەر

سەدىقە قىپ ھەتتا قوياشنى،
قالدۇرماستىن ئاخىرەتلىك يەر.
يۈرەر ئەمدى كوچىدا سەرسان،
كۆز ياش تۆكۈپ غېرىپ قەلەندەر.

### ئۆلگەن لىرىكا

مەجرۇھ دىلدىن ئوخچۇپ چىقالماي،
يا تاڭلارغا بېرەلمەي سادا،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ياش تۆكۈپ تۈندە،
ئۆلۈپ قالدى غېرىپ لىرىكا.

### جادۇ كۆزلەر

جادۇ كۆزلەر، جادۇ كۆزلەر، جادۇ كۆز،
ھاياتقا شاھ بىر سەندىكى نازاكەت.
جادۇ كۆزلەر نەدە جادۇ، ئاھۇ كۆز،
بەنتلەنگەن ساڭا شادلىق ـ ھالاكەت.

سەن يۇمۇلدۇڭ، بىر زۇلمەتكە چۆكتى يەر،
سەن ئېچىلدىڭ، ئالتۇن نۇردىن كۈلدى كۆك.
ئۇچقۇنىڭدىن ھەسەن ـ ھۈسەن قاقتى پەر،
سوغ ھېسىڭدىن مۇزلىدى جان، ئۆلدى كۆك.

جادۇ كۆزلەر، نەدە جادۇ، قاتىل كۆز،
ھېسلىرىمغا ئازادلىق بەر ئازادلىق.
مەيلى ماڭا، لېكىن ئاخىر ئېيتار سۆز
نىجات تاپسۇن زەنجىرلەنگەن ھاياتلىق.

### ئۈرۈمچى كېچىسى

مەجنۇن تال شاخلىرى تەۋرىنىدۇ سۈس،
دىلىڭغا سېھرىي كۈچ، تۇيغۇلار بېرىپ.
سىمونت يول ياگىرىتار رېتىملىق ئاھاڭ،
خىلۋەتلەر سۆز ئىچرە ياتار يېپىملىپ.

خىلۋەتلەر سۆز ئىچرە، يۇلتۇزسىز كېچە،
شېھرىن ھېس ئىلكىدە ئېڭىرايدۇ جاھان.
ئاستىلاپ ماڭماقتا تارتىنچاق يىگىت،
كېچىلەر بولسۇن دەپ ئۇزۇن ۋە ئامان.

تۇردى ئەخمەت

## كۆز ئالدىمدا سېنىڭ سۈرىتىڭ

### ھەر تىنىقىڭ مۇھەببەت كۈيى

بۇلۇتلارنى يېرىپ كەلدىڭمۇ؟
ئوخچۇپ ئاققان ئېھ ئەزىم دەريا.

جانان كەبى تولغىنىپ خۇشال،
شادلىق بېرىپ كېتىسەن ماڭا.

قوشۇلغانتى ساڭا ئاھ قاچان
بۇلاقلارنىڭ زۇمرەتتەك سۈيى.
شاۋقۇنلىرىڭ يايرىتار كۆڭۈل،
ھەر تىنىقىڭ مۇھەببەت كۈيى.

يۇلتۇز ئارا ئاي كۈلگەن كېچە
ساھىلىڭغا كېلىمەن تەنھا.
تۇۋلاپ سېنىڭ ناخشاڭنى مۇڭلۇق،
ۋادىلارغا بېرىمەن سادا.

جۇش ئۇرىدۇ بوۋاقلارسىمان
جىسمىڭدىكى سەبىي ئوماقلىق.
ئۆركەش ياساپ كىرەر قان بولۇپ
ۋۇجۇدۇمغا سەندىكى پاكلىق.

شادلىنىمەن ئالەمگە سىغماي
دولقۇنلىرىڭ ئۈنچىلەر چاچسا.
ئۆگىتىدۇ ئوتلۇق يۈرەككە
ھەر تىنىقىڭ بىر يېڭى ناخشا.

يۈرىكىمگە قۇيۇلغىنى ئاھ،
كۈيلىرىڭگە مەنمۇ كۈي قاتاي.
سېنىڭ شۇ پاك روھىڭنى مەڭگۈ
چىن سۆيگۈدە باغلاپ ياتاي!

### يۈرىكىمدە سېنىڭ سۈرىتىڭ

سىزىلغاندۇر قاچانلاردا سۈرىتىڭ
يۈرىكىمگە ئۆچمەيدىغان نەقىش بوپ.
شېرىن ھېسلار قۇچاقلىدى قەلبىمدە
پۈتمەس سۆيگۈ ھېس- ھاياجان جۇش ئۇرۇپ.

قارىچۇقىمدا چۆگىلەيدۇ قامىتىڭ،
سېغىنىمەن تولۇنئايدەك يۈزۈڭنى.
سىرلىرىمنى ئېيتالمايمەن نېمىشقا،
ئۇچراتقاندا قاراقچىدەك كۆزۈڭنى.

چۈشلىرىمدە كۆرۈپ ۋىسال بېغىدا،
شادلىق ئىچرە سېنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم.
سەبىيلەردەك قىيغىتىشىپ، چېپىشىپ،
تاتلىق - تاتلىق ھېسلار ئارا سۆيۈشتۈم.

خىيالىمدا باغاشلىسام جىسمىڭنى،
ۋۇجۇدۇمنى غىدىقلايدۇ ھارارەت.
بىلەلمىدىم ئاھ پەرىشتەم بۇ سىرنى
بەلكىم شۇنداق بولامدىكىن مۇھەببەت؟!

### سايرا، مېنىڭ تورغىيىم

سۆيگەندە تاڭ شامىلى يۈزلىرىمگە
يىراقتىن ئاڭلىنىدۇ شوخ ئاۋازىڭ.
تاڭ پەيتى ۋىلىقلايدۇ يېشىل ۋادا
بۇلۇتنى يېرىپ ياڭراق نەغمە - سازىڭ.

بەرگەنتى ساڭا قاچان سېخىي ئىلاھ
بېشىڭغا خوپ ياراشقان ئېسىل تاجنى؟
ئېيتقىنا، قاچانلاردا بوز تورغىيىم
ئۆگەنگەن ئۆزۈڭ كەبى شاد ياشاشنى؟


يېقىملىق ئاۋازىڭدا نېمە سىر بار،
سەن ھەيۋەت توقايلارنىڭ نەيچىسىمۇ؟
ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەلگەن ئوماق تاڭدىن
نۇر ئەمگەن داللارنىڭ كۈيچىسىمۇ؟

ياپيېشىل ئېكىنزارنىڭ مېھمىنى سەن،
كۈيۈڭ بار، تىنىقىڭ بار بۇ جىرادا.
كۈيلىدۇق، ناخشا ئېيتتۇق، بىللە كۈلدۇق
قۇچىقى سۆيگۈگە باي كەڭ دالادا.

مەن سېنى شوخ بۇلبۇلغا تېگىشمەيمەن،
سەن مېنىڭ دىلئارامىم، سەن ھەمرىيىم.
چۇۋۇ - چۇۋلاپ قويغىنا ئاھ يۈرىكىمگە
ئېھ مېنىڭ خۇش ئاۋازلىق بوز تورغىيىم!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيۇقتا قېتىپ قالغان كۈن



(پوۋېست)*

ئابدۇللا ساۋۇت

نىجات رەنانىڭ ھەشەمەتلىك ھوجرىسىدىن تاڭ ئاتارغا يېقىن چىقىپ كەتكەندى، ئۇنىڭ نەزەرىدە شۇ كېچە قورقۇنچلۇق چۈشكىلا ئوخشايتتى، ئۇ ئىشخانىسىغا كەلدى، شۇ بىر كۈندۈزنى ئۇ خىيال سۈرۈش، ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئۇ رۇقىيەم بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان نۇرغۇن كېچىلەرنى ۋە رەنانىڭ ھۇجرىسىدا ئۆتكەن بىر كېچىنى، بۇ كېچىلەردە سۈرگەن مۇھەببەت لەززىتىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا ھەرىكەت قىلاتتى، بىردە رۇقىيەم، بىردە رەنا ئۇنىڭغا شادلىق، بەخت بېغىشلىغانىدەك تۇيۇلاتتى. كەچتە ئۆيگە بېرىۋېدى، رىشاتنى قۇچىقىدا ئويىنىتىپ ئولتۇرغان رۇقىيەمنى كۆردى.

— ئاخشام ئۆيگە كەلمەپسىزغۇ؟ — رۇقىيەم نىجاتقا گويا خوجايىنلارچە بىر نەزەردە داۋىل قارىدى.

— كەلسەم كەلمىسەم، ئۆزۈمنىڭ ئىشى، — نىجات قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ دېدى، — سەن نېمىشقا كەلدىڭ؟

— سىزنى، بالامنى دەپ... — رۇقىيەم شەھلا كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ پىسسىڭىدە كۈلدى. ئۇ خېلىلا سەمرىپ تولۇۋاتقانىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى نىجاتقا غەلىتە تۇيۇلدى، — ئەمدى كەتمەيمەن.

— ئىككىمىزنىڭ بىر ئۆيدە تۇرۇشى قانۇنغا خىلاپ.

— خەت ئېلىۋالايلى ئەمسە.

— ھىم!...

— ئاجراشقانلار قايتا ياراشسا تويلۇق ئالىدىكەن، توي قىلىدىكەن، مەن سىز بىلەن...— رۇقىيەم ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز بىلەن نىكاھ خېتى ئالساملا بولدى.

* بېشى ئۆتكەن سانىدا.

نىجات كەينىگە ياندى، ھەمراخانىمنىڭ، تاماق يېۋال، دېگىنىگىمۇ ئۇنىماستىن چىقىپ كەتتى. شۇ كېچىنى ئۇ رەسىمخانىسىدا ئۆتكۈزدى ۋە ئەتىسى ئىشخانىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كارىۋات قويدى، دوستلىرىدىن بىرىگە دەپ ئۆيىدىن يوتقان ـ كۆرپە، ئەدىيال ئەكەلدۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ كۈندۈزلىرى ئىشلەپ، ئاخشاملىرى قاۋاقخانىلاردا ھاراق ئىچتى. بارا ـ بارا ئىشخانىسىدا ئولتۇرسىمۇ قولى ئىشقا بارمايدىغان، ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان، خۇشياقماس، ھۇرۇنغا ئايلاندى. رەنا ئىزدەپ كەلگەندە ئۇ ھەممىشە يوق بولۇپ چىقاتتى. بىر كۈنى نىجات ئىشخانىسىدا خۇددى بۇگۈنكىدەك ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئابدۇكېرىم ئاكا كىرىپ كەلدى. نىجات رۇقىيەم بىلەن ئاجراشقاندىن بۇيان ئابدۇكېرىم ئاكا نىجاتقا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتكەندى، ئۇچراشقاندا گەپ قىلمايتتى، يىغىن، ئۆگىنىشلەرگە چاقىرمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ رەنا بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىنى ئۇقۇپ يەنە ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشقا باشلىغانىدى، مۇبادا نىجات رەنا بىلەن توي قىلىپ قالسا ھەسەن مامۇتنىڭ بۇ كۈيئوغلى ئابدۇكېرىم ئاكا تەپتارتىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىناتتى ـ دە، ئۇ چاغدا...

— ھاكىمدىن تېلېفون ئۇكا، دەررۇ...

— قايسى ھاكىمدىن؟ — نىجات قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ئېرەڭشىمىگەنلىكىنى بىلدۈردى، ئۇ ھەسەن مامۇت تېلېفون بەرگەن بولسا بارماسلىق نىيىتىدە ئىدى.

— ئابدۇراھمان ھاكىمدىن.

نىجات شاققىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئابدۇكېرىم ئاكىنىمۇ قارىماستىن چىقىپ ئۇدۇل ھۆكۈمەت قورۇسى تەرەپكە قاراپ چاپتى، ئۇ كىرگەندە ئابدۇراھمان ھاكىم ئىشخانىسىدا يالغۇز ئولتۇراتتى، قولىدا تېلېفون تروپكىسى بار ئىدى.

— ۋەي... ۋەي، شۇنداقمۇ، بولىدۇ، مەن سەل تۇرۇپ بارىمەن، يېرىم سائەت... ھەئە... يېرىم سائەت...

ھاكىم تروپكىنى قويدى، ئورنىدىن تۇرۇپ نىجاتقا قول ئۇزاتتى، ئاندىن ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى، تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى:

— ياداپ قالغاندەك تۇرىسەن، كېسەل يوقتۇ؟

— ياق.

— ياخشى، — ئابدۇراھمان ھاكىم پاپىرۇس ئۇزاتتى، نىجات چەكمەيتتى، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئېلىپ كالپۇكىغا قىستۇردى، ھاكىم چاقماق يېقىپ بەردى.

— مەن يېڭىشەھەردىق يىغىنغا بارىمەن، — ئابدۇراھمان ھاكىم ئورنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ بىر تال پاپىرۇس تۇتاشتۇردى، ئاغزىدىن پۇرۇم ـ پۇرۇم ئىس چىقىرىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇ يەردىكىلەر مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، مۇھىم يىغىن بار، شۇڭا سەن بىلەن سۆزلىشىشكە يېرىم سائەتلا ۋاقتىم بار، گەپنى قىسقا قىلىشايلى، مۇنداق ئىش، بىرنەچچە كۈن بۇرۇن يىغىلىپ قالغان گېزىتلەرنى كۆرۈۋېتىپ تۇساتتىن بىر ماۋزۇغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، قارىسام «ئارسلانخان شەھىرى» دېگەن گەپ تۇرىدۇ، قىزىقىپ ئوقۇدۇم، ئوقۇغانسېرى مېنى تەر باسقىلى تۇردى، بىزنى تازا باپلاپ،

www.uyghurkitap.com

كېلىشتۈرۈپ تەنقىدلەيسەن. باردىكاللا دېدىم، راستىنلا، ھەرگىز رەنجىمىدىم. باشتا سېنىڭ ئەشۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىڭنى بىلەتتىم، لېكىن... ئۇ سېپىلىنىڭ قوغدىلىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقمايدىكەنمەن، — ھاكىم پاپىروس قالدۇقىنى كۈلدانغا تاشلىۋېتىپ يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى، — ئەمدى ئويلىسام، بۇ بەك سەت ئىش بوپتۇ، پەقەت گېزىتكە بېسىلغان خېتىڭنى، تەھرىر ئىلاۋىسىنى كۆرۈپ ئاندىن... قارا، بۇنداق ئەھۋاللارنى بالدۇرراق بىزگە دېسەڭلا بولماسمىدى، قاراپ تۇرمايتتۇق - تە.

نىجات بۇ ھەقتە ئىككى قېتىم دوكلات يازغانلىقىنى ۋە ھەسەن ماۇت بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا دوكلات توغرۇلۇق يۈز بەرگەن ئىشلارنى، ئاخىرى گېزىتكە خەت يېزىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداقتا سېنى ئەيىبلەشكە ئەسلا ھەققىم يوقكەن، سەۋەنلىك يەنىلا بىزدىكەن، ئەمدى سەن ماڭا «ئارسلانخان شەھىرى» توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بەرگىن، ئالدىراپ تۇرىمەن، ئىخچام سۆزلە.

نىجات ئاغزاكى بايان قىلدى، ھەسەن ماۇتقا بەرگەن دوكلاتتىكى مەزمۇنلار، تەپسىلاتلار چۈشۈپ قالمىدى.

— مۇنداق - دە، بىز تولىمۇ كېچىكىپتىمىز، ئەھۋالنى بۇرۇنراق بىلگەن بولساق سېپىلنىڭ ئىچ - تېشىدا ئۆي سېلىشنى، يەر ئېچىشنى، ئورمان قويۇشنى توسقان بولاتتۇق، ئۆستەڭنىمۇ باشقا جايدىن قازاتتۇق، ئېست... — ئابدۇراھمان ھاكىم سائىتىگە قاراپ جىددىيلىشىشكە باشلىدى، — سەن بۇ ھەقتە ئىككى پارچە دوكلات ياز، بىرى «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ تارىخىي ئەھۋالى توغرىسىدا، چۈنكى سېنىڭ گېپىڭدىن قارىغاندا سىياسىي كېڭەش تارقاتقان «ئاقباشخان تەزكىرىسى» دە مەسىلە باردەك قىلىدۇ.

— بۇ ھەقتىكى دوكلات - ماتېرىيال يېزىلىپ تەق قىلىندى، ھاكىم...

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى، يەنە بىرى، «ئارسلانخان شەھىرى» نى قوغداش، ئاسراش، قېزىش، تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى لايىھە بولسۇن، ھۆكۈمەت پارتگۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ بىر نەرسە دەيلى، قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن پۇل ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقمۇ، بۇنىمۇ ئويلىشايلى، ئالدىرايمەن، يېڭى ئەھۋال بولسا مېنى ئىزدە، خەير...

نىجات ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ھاكىم تەڭلا دېگۈدەك ئىشخانىسىدىن چىقتى ۋە نىجاتنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ توختاتتى.

— توختا، بايىقى پىكرىمدىن يېنىۋالدىم.

نىجات كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى، لېكىن ھاكىم ھامان جىددىي ئەمما سالماق ھالدا سۆزلەيتتى:

— مۇنداق ئويلاۋاتىمەن، سەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىز بىرلەشمە يىغىن چاقىرايلى. كونكرېت ئىشلارنى ئايرىم ئورۇنلاشتۇرىمەن، ئىمكان بولسا يىغىننىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتسەك تېخىمۇ ياخشى، كۆپرەك پىكىرلەشكىلى، تالاش - تارتىش قىلغىلى، مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ، بۇ پىكرىم توغرىمۇ؟

نىجاتنىڭ خۇشاللىقى چېكىگە يەتكەنىدى، ئۇ ھاكىمنىڭ شۇنچە ئالدىراپ تۇرغىنىغا قارىماي:

— رەھمەت ھاكىم، بۇرۇنراق سىلىنى ئىزدىسەم بوپتىكەن، ئېست...! يەنە بىر گېپىم، يىغىن ئېچىلغاندا سىياسىي كېڭەش ئەزاسى سەمەي قارىمۇ قاتناشسا... — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — ھاكىمنىڭ تەلەپپۇزى قەتئىي ئىدى، — قاتنىشىپ پىكىر بايان قىلسۇن.

ئابدۇراھمان ھاكىمنىڭ سۆزلىرى خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلاپ يۈرەك تارىنى چېكىپ تۇردى، بىر كۈنى ئۇ لايىھىنى كۆتۈرۈپ كىردى:

— بۇمۇ ئۆزۈڭدە تۇرسۇن، يوقلىپ كەتسە، ياكى ھاجەتخانامدىن تېپىۋالساڭ، ئالدىڭدا رەسۋا بولىمەن، — ئابدۇراھمان ھاكىم چاقچاق قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ كۈلدى. — يىغىن ئاچقان كۈنى قولۇمغا بەرگىن.

نىجات ئەتىسى ۋىلايەت مەركىزىگە بېرىپ مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈۋېدى ئۇ كىشى:

— مەسلىھەتلىشىپ ئۈچۈرىنى بېرەيلى، ئىشقىلىپ سىزنى نائۈمىد قويمايمىز، چۈنكى بۇ ئىش بىزنىڭمۇ ئىشىمىز، — دېدى.

مانا، نۇرغۇن ۋاقىت ۋىلايەتتىن كېلىدىغانلارنىڭ ئۈچۈر بېرىشىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئاۋغۇست ئېيىمۇ كىردى، نىجات ئىشخانىسىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكەتتى. رۇقىيەمنىڭ كېلىۋالغانلىقى ئۇنىڭ ئۆيگە بېرىشىنى توسۇپ قويىدى، ئاپىسىنى يوقلاپمۇ بارالمىدى. رەنا، يەنە شۇ رەنا ئۇنى ئىزدەپ يۈرەتتى، تاپالمايتتى.

— نىجات، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون.

ئىشخانا سىرتىدىن زۇلەيخانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. نىجاتنىڭ ئېڭىكىنى قاماللاپ تۇرغان قوللىرى بىردىنلا ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ ئوق تەگكەن كېيىكتەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى، ئىشىككە چىققاندا زۇلەيخا ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. نىجات ئۈچۈن بىر سائەت بىر يىلدەك، بىر كۈن بىر ئەسىردەك تۇيۇلىدىغان، سائەتلەپ، كۈنلەپ ئېڭەكنى تۇتۇپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىتلار ئەمدى ئاخىرلىشىۋاتاتتى. نىجات ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇۋېلا كىردى.

— تېلېفون، — ئابدۇكېرىم چىرايىنىمۇ ئاچماستىن تروپكىنى تەڭلىدى.

— ۋەي... ھە، مەن... — دېدى نىجات تروپكىنى ئېلىپ قۇلىقىغا تۇتقاندىن كېيىن ئالدىراپ، — تىنچلىق، ھە پۈتتى، بۇرۇنلا يېزىپ تەييار قىلىپ قويغان، قايتا تۈزىتىپمۇ بولدۇم... ماقۇل... ناھايىتى ياخشى... ھاكىمغا بېرىپ دەي، ماقۇل... خوش ئەمىسە...

ئابدۇكېرىم ئاكا ھېچنېمىنى ئۇقالماي ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. نىجات ئىشخانىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. تېلېفوندىكى سۆزلەردىن كېيىنلا ئۇنىڭ خېلى كۈنلەردىن بۇيانقى خاراموشلۇقى، مەستلىكى يېشىلىپ، پۇت-قوللىرىغا باشقىچە جان كىرگەنىدى. تىت-تىتلىق، بۇرۇختۇملۇق، بىزارلىق، تەقەززالىق، چۈشكۈنلۈك، ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇش...لار ئەمدى مەۋجۇت بولمايتتى. شۇ تاپتا ئۇ توختىماي تېز سۈرئەت بىلەن ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلدىغان ئاپتوماتىك ماشىنىغا، تىنىمسىز ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىدىغان بۇركۇتكە ئوخشايتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاز ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان پۇتلىرى بوگۇن گويا رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان، ئۇچقۇر شەخس شاتۇرنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇ مەدەنىيەت يۇرتىدىن چىققان چاغدا كىشلەر چۇشلۇك دەم ئېلىشقا ماڭغانىدى. نىجات تېخىمۇ جىددىيلەشتى، ئەنسىرىدى، بەختكە يارىشا ئابدۇراھمان ھاكىم ھۆكۈمەت قورۇسى ئالدىدا ئۇچراپ قالدى.

— ھاكىم، ئۇلار ئەتە كىلىدىغان بوپتۇ، تېلېفون كەلدى، تۆت كىشى ئىكەن، ھە... ھە... يەنە... — نىجات ئالدىراپ سۆزلىگەنلىكتىن ھودۇقۇپ تىلى كالۋالىشاتتى، — ئۇلار، ماشىنىمىز رېمونتتا، سىز ھاكىمغا دەپ باقسىڭىز، دەۋاتىدۇ.

— چاتاق يوق، ھەممە ئىشقا ئۆزۈم مەسئۇل.

نىجاتنىڭ بېشى ئاسمانىغا تاقاشماقتا ئىدى. ئۇ تېلېفون ئارقىلىق قارشى تەرەپكە ئەتە ئالدىڭىزلارغا ماشىنا بارىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇۋەتتى. كونا بازارغا — ئۆيىگە بارغىچە ئۇنىڭ پۇتلىرى يەرگە تەگدىمۇ - تەگمىدىمۇ بۇنى ئۆزىمۇ سەزمەيتتى، قىسقىسى، ئۇ ئاپىسىنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كىردى.

— ئاپا! ئاپا جېنىم... ئا...پا! — ھەمراخانىم ئوچاق بېشىدا تۇراتتى، نىجات كېلىپ ئاپىسىنىڭ پەرتۇقىغا ئېسىلدى، — ئا پا، مەن... مەن ئىشىمدا چوقۇم... قارىسىلا ئاپا، مەن ھەسەن ماموتنى... ئەتە ۋىلايەتتىن مېھمان... ئابدۇراھمان ھاكىم...

ھەمراخانىم ئوغلىنىڭ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن گېپىنى ئوگشاپ قىلالمايۋاتقانلىقىدىن ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى. نىجات بەزىدە بىرەر ئىشتىن ھەددىدىن زىيادە خوشال بولسىلا ئۆزىنى باسالماي تاققا - تۇققاك سۆزلەيتتى.

— ئۇقمىدۇم گېپىڭنى، — ھەمراخانىم قولىدىكى ماي يۇقى چۆمۈچىنى نىجاتنىڭ پېشانىسىگە تەگكۈزدى، — توزۇك سۆزلە، باشتىن... ھە، نېمە بولدى؟

نىجات سەل ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆز خوشاللىقلىرىنى تولۇق ئىزاھلىدى.

— ئۇقتۇم، بىر ئايدىن بېرى ئاپام نېمە كويدا يۇردى، دەپ ئويلىمىدىڭ، ئۆيىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئۆزۈم پالاقلىدىم، تۇۋا، سەنمۇ مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭ - ھە؟

— مېنى كەچۇرسىلە ئاپا، — نىجات ئاپىسىنىڭ پېشانىسىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى، بۇمۇ ئۇنىڭ خوشاللىقلىرىنى سىغدۇرالماي قىلىۋاتقان قىلىقلىرىدىن بىرى ئىدى، — بۇندىن كېيىن خىزمەتلىرىنى ئوبدان قىلىمەن.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىڭنى تىڭشاپ، بۇرۇختۇم بولۇپ يۇردۇڭ، پەيتى كەپتۇ، دېگۇلۇكىنىڭ ھەممىنى دە، — ھەمراخانىم قازاندىكى سەيىنىڭ تۇزىنى ئوتلاۋېتىپ دېدى، — بىراق، ئالتۇن قازان توغرىسىدا ئوڭ - تەتۇر جۆيلۇپ بېشىڭغا بالا تېپىۋالما.

— ئاپا! — نىجات بىردىن قەتئىيلەشتى، — قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بېرى ئاشۇ ئالتۇن قازان، ئۇنى ئېخىزغا ئالمىسام ھەممە ئىشىم...

ھەمراخانىم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئويغا چۆمدى، چىرايى قايغۇلۇق تۇس ئالدى، گۆشى قاچقان ئۇچلۇق ئېڭىكى دىرىلدەپ تىترەۋاتقاندەك بىلىندى. نىجات ئاپىسىنىڭ

رەنجىپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، رىشات قىپيالىڭاچ ھالىدا سۇپىدا ئۇخلاۋاتاتتى. نىجات ئېڭىشىپ ئوغلىنىمۇ سۆيۈپ قويدى، شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆيدە رۇقىيەمنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى.

— رۇقىيەم... — نىجات تاماق يەۋېتىپ ئاپىسىغا قاراپلا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— نېمە، قانداقىسىگە يادىڭغا كەلدى؟ ئۇ قېشىمدا 16 كۈن تۇردى، سەن كەلمىدىڭ. ئاخىرى، نىجاتنىڭ دېگىنىمۇ يوللۇق، ئاپا، نىكاھسىز تۇرۇپ بۇ ئۆيدە... مەيلى، لېكىن مەن ھامان سىلىنىڭ كېلىنلىرى، بۇ ئۆيگە باشقا كېلىننىڭ ئاياغ بېسىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ كېتىپ قالغان.

نىجاتنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا رۇقىيەم گېپىدىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى. بىراق، نىجات رەناغا ۋەدە بەردىغۇ، ھەتتا... نىجات خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئورنىدىن تۇردى.

— ئاپا، مەن ئىشقا كەتتىم.

ھەمراخانىمۇ ئورنىدىن تۇردى، نىجاتنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئەمدى ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرىدە خاپىلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى:

— يىغىنىڭلار ئېچىلىشتىن بۇرۇنراق ماڭا بىر يولۇققىن.

— گەپ بارمىتى ئاپا؟

— ھەئە.

— ھازىر دېسىلىچۇ؟

— ۋاقتى كەلسۇن.

— خوپ ئاپا.

يولدا نىجاتنىڭ كۆزىگە ھېچكىم، ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. خېلىدىن بۇيان ئۇنىڭ كۆل سۈيىدەك تىنچ تۇرغان قەلبى بىراقلا داۋالغۇپ دولقۇن كۆتۈردى. بۇ دولقۇن پامىر تاغلىرىدىن باشلىنىپ بىپايان سايلارنى، يېزىلارنى، باغۇ بوستانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭىپ كېتىدىغان، قىشۇ ياز سۈيى ئۆكسىمەي شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان قەدىمىي گەز دەريا ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەلب دەرياسىغا شۇڭغۇيتتى، ئوردا بېلىقىدەك بەھۇزۇر پىلتىڭلاپ ئۈزەتتى، سۈرئىتى كارايتىن تېز ئىدى. «بىر كۈنلا ۋاقىت قالدى، يەنە نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك» نىجات يەنىلا ئىشخانىسىغا بېكىنىدى، تەييارلىغان ماقالىسىنى قايتا - قايتا كۆرۈشكە باشلىدى.

تاك، تاك، تاك!...

نىجات ئەنە شۇنداق ئىشىك چېكىشلەردىن جاق تويغانىدى، جىددىي ئىش ئۈستىدە، يېزىۋاتقاندا، مىزىۋاتقاندا، كىتاب - ماتېرىيال كۆرۈۋاتقاندا، جىمجىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا تۇساتتىن ئىشىك چەككەنلەرنى، كىرىپ پاراڭ سېلىپ، چىقىپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەستىن ئەزمىسىنى ئېزىپ ئولتۇرغانلارنى... يامان كۆرەتتى، ئۇلاردىن بىزار ئىدى، ئۇلارنى «ۋاقىت ئوغرىسى» دەپ قارايتتى. نىجاتنى ئىزدەپ كېلىدىغانلار ھەققە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەن جىق ئىدى، پەقەت ئۇنىڭ خىزمىتىنى، ئەھۋالىنى، مىجەزىنى، ھېسسىياتىنى چۈشىنىدىغان بىرنەچچە دوستلىرىلا ھەپتىدە بىر ئىزدەپ كېلەتتى ياكى چاقىرىپ ئېلىپ كېتەتتى، بۇ ئايرىم ئەھۋال ـ دە.

نىجات ئىشىكنى زەرپ بىلەن تارتىپ ئاچتى ـ يۇ، رەنانى كۆرۈپ لاسسىدە بوشاشتى، رەنانىڭ چىرايى تۇتۇلغان، كۆزلىرىدە رەنجىش، خاپىلىق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— بارمۇ سىز؟

— ...

نىجاتتىن سادا چىقمىدى، رەنا توپلىيىدىن تاق ـ تاق ئاۋاز چىقىرىپ مېڭىپ ئىشخانىغا كىردى. نىجات ئىشىك تۈۋىدە جىممىدە تۇراتتى.



— ئۆلدىمىكى دەپتىمەن.

— ئۆلسەم ھەممىدىن بۇرۇن سىز ئاڭلايسىز، — دېدى نىجات ئاچچىق بىلەن.

— ئاغزىمىزنى ئۇششۇتمەيلى، نىجات.

رەنا بۈگۈن چوڭ ـ چوڭ جىگەر رەڭ گۈللۈك نېپىز دۇخاۋا كۆڭلەك كىيگەنىدى، بېلى تار ئېتىكى سەھنە كىيىمىدەك كەڭ، مەيدە، ياقا، دولىلىرىغا پۈرمە چىقىرىلغان بۇ كۆڭلەك ئۇنىڭ زىلۋا بەستىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقانىدى. بارماق، بىلەك، قۇلاق، بويۇن، كۆكسى... دىكى ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر ئۇنىڭ ئايدەك گۈزەل جامالى بىلەن ھۆسن تالىشاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئالاھىدە سالاپەت، كىبىر، غورۇر بەخش ئېتەتتى، ئۇ نىجاتنىڭ ئۇستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— مەندىن قېچىپلا يۈرىسىز، مەن سىزنى قوغلاپلا يۈرىمەن، ئۇچراشسام، كۆرۈشسەم، يۈزىگە بىر تەستەك سالمىسام، خەپ... دەيمەن، بىراق، كۆرسەملا بوشاپ قالىمەن، يالتىيىمەن. بولدى، يېڭى گەپنى قىلىشايلى، دادام بىلەن سۆزلەشتىم، ئىككىمىز توي قىلىشتىن

بۇرۇن دادام مېنى مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكەپ قويىدىغان بولدى، ئابدۇكېرىم ئاكاممۇ غىڭ قىلالمىدى. سىز يازدىڭىز، مەن كۆچۈرىمەن، تەرجىمە قىلىمەن، مانا ئەمدى سىزنىڭ خۇسۇسىي كاتىپىڭىزدەكلا... توي قىلغاندىن كېيىن تېخى... ئىشىڭىز تېخىمۇ ئىلگىرىلەيدۇ.

— ياخشى گەپ، — نىجاتنىڭ كۆڭلىدىن نۇرغۇن گۇمانلىق خىياللار تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى، — بىراق، رۇقىيەمدىن قورقمامسىز؟

— مېنىڭ ئالدىمدا رۇقىيەم نېمىتى؟ — رەنا لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ مەنسىتمىگەندەك بىر تەرىزدە ھېجايدى، — مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن. ئۇنىڭ ئىشلىرىمىزغا دەخلى قىلىش ھوقۇقى يوق، ئۇنداق...

— بەس، ھەر ھالدا رۇقىيەمنىڭ ئوغلۇمنىڭ ئاپىسى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپمۇ بولسا ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭ.

— كونا سامانلىقنىڭ ئوتى تۇتىشىۋاتامدۇ؟

نىجات ئۈندىمىدى، نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلىدە رۇقىيەمنىڭ ئورنى قايتىدىن پەيدا بولۇپ كېڭىيىۋاتقاندەك سېزىلەتتى، رەنا ھاياجان، خاپىلىق، خۇشاللىق ئىلكىدە سۆزلەشكە باشلىدى.

— خۇش خەۋەر، دادام، نىجاتنى مەدەنىيەت يۇرتىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلماقچىمىز، دەيدۇ، مەنسەپ تاجى پېشانىڭىزدا يالتىراپ تۇرىدىغان بولدى - دە.

— دادىڭىزنىڭ ئىلتىپاتىغا كۆپ رەھمەت، لېكىن...

— تۇزۇت قىلماڭ، سىز دادامغا بەكلا يېقىپ قاپسىز.

— تۇغقان تۇرساق، — نىجات گۇمانلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى، قارماقنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن تاشلانغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆيئوغۇل بولىمەن دەۋاتسام، ياقمىسام بولامدۇ؟

— ئېيى... ي... چوڭ سۆزلىگىنىنى، — رەنا بىردىنلا ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — دادامچۇ، مىجەزى ئاجايىپ ئادەم، مۇبادا كۆڭلىگە ياقماي قالسىڭىز...

— مەنسەپ تۇگۇل سىزنىمۇ بەرمەيدۇ، شۇنداقمۇ، لېكىن... رەسساملىق كەسپىمنى تارتىۋالالمايدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز؟

— مەن دادىڭىز بىلەن چىقىشالمايدىغان بولدۇم، بۇ راست گەپ، شۇڭا، دادىڭىزغا دەپ قويۇڭ، مەنسەپتىن قىلچىلىك تەمەيىم يوق. باشلىق بولمايمەن، مەن ھازىر ئىككى كەسىپنىڭ ئەھلى، مەنسەپتىن ئىبارەت ئۈچىنچى بىر كەسىپ ماڭا ھەقىقەتەن ئارتۇقچە... كۆتۈرەلمەيمەن.

— راستمۇ؟

— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان...

— دادىڭىز نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلەمدۇ؟

www.uyghurkitap.com



— نىجات! — رەنانىڭ غەزىپى تۇتتى، — ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ.

— هاكىمنىڭ قىزى! — دېدى نىجات ئاۋازىنى سوزۇپ، — ماڭا ھەيۋە قىلىۋاتامسىز نېمە؟

— سىزنى چۈشەنمەيۋاتىمەن، نىجات.

— مەنمۇ سىزنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، رەنا.

— توۋا، ھېچكىم سىزنى مەنچىلىك چۈشەنمەيدۇ، دەيتتىم، بىراق مەن ئالدىراپ... ھازىر ئىككىمىز...

— ھازىر ئىككىمىز ئىككى قۇتۇپتا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بۇ ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى بولۇشى مۇمكىن.

— ۋەدىچۇ؟

— رەنا، مەن يىغىنغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، — نىجات رەنانى ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك بىر قىياپەتتە يېقىنلاپ كەلدى، — ھەر گەپ بولسا يىغىندىن كېيىن دېيىشەيلى، بولامدۇ؟

رەنا ئۆپكىدەك ئېچىلىپ قىزاردى، ۋۇجۇدى قاتتىق سەراسىمە ئىچىدە تىترىدى، بۇ تىترەش ئۇنىڭ بېلى تار كۆڭلىكىگە پاتماي تىقىلىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى.

ئاۋغۇست قۇيۇشى ئاسمانىڭ غەربىدە ئېچىلىپ تۇراتتى، مەدەنىيەت يۇرتى قورۇسى تىمتاس ئىدى. ئاسفالت ياتقۇزۇلغان ئەگرى - بۈگرى يوللارنىڭ ئىككى چېتىدىكى سەبدە، تۇرپانگۈل، تاجىگۈل...لەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. كېپىنەك، يىڭناغۇچلار رەڭدار قاناتلىرىنى پارقىرىتىپ گۈلدىن گۈلگە قوناتتى. نىجات ئىشخانا ئىشىكىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇراتتى. يىللاردىن بۇيان رەنا ئۇنىڭ قەلب ئېكرانىدا ئىجابىي پېرسوناژ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ھايات ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغانىدى، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، پائالىيىتى، ئىرادىسى نىجاتنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى، تەسىر — بىر خىل كۈچ. ئۇ كۈچ ھەرقانداق شەيئىگە سىڭىپ كىرىپ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى، ھەرىكىتىنى، نىشانىسىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ.

نىجات خىلمۇخىل، ئۆزگىرىشچان كارتىنىلارغا دىققەت بىلەن نەزەر سالدى. ئىجابىي پېرسوناژنىڭ قەھرىمانانە قىياپىتى بارا - بارا خىرەلىشىپ كۆلەڭگىگە ئايلاندى ۋە ئاز ئۆتمەيلا غايىب بولدى، قەلب ئېكرانى خېلى ئۇزۇنغىچە بوش تۇردى.

يىغىن ئېچىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ھەسەن مامۇتمۇ نىجاتقا غايىبانە ھالدا يېقىنلاشماقتا ئىدى، ئوتتۇرىدا قانداق ئويۇن، قانداق ھىيلە - مىكىرلەرنىڭ بارلىقىنى نىجات ناھايىتى غۇۋا گۇمانلار ئىچىدە سېزەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ رەناغا تۇتقان مۇئامىلىسىدە كەسكىن ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. قىز ئۆز دادىسىنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالغاندا ئۇنىڭ كېيىنكى نەتىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس.

كەچقۇرۇن، ئاخشام، كېچە...جىمجىت، خىياللىرىنىڭ تېگىگە يېتىش، يېڭى باشلانغان

خىياللىرىنى داۋاملاشتۇرۇش... بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەتىگىنى ئىشقا كەلگەندىمۇ نىجاتنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ - ھەسرەت ئالامىتى يوقالمىغانىدى. ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا كىرىپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋاتقان شوپۇرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئەنسىرەپ كىرىپلا - دە، ئابدۇراھمان ھاكىم ئالدىقاچان ئورۇنلاشتۇرغان، مانا ھازىر ماڭىمەن، كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ئادرېسىنىلا دەپ بەرسىلە.

نىجات ئادرېسنى ئېيتىپ بېرىپ خاتىرجەم ھالدا ھۆكۈمەت مېھمانخانىسى ئالدىغا باردى.

— مېھمان كەلمەكچىدى، — دېدى مېھمانخانا باشلىقىغا.

— خەۋىرىم بار، ياتاق، تاماق... ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بولمىسا ئابدۇراھمان ھاكىمنىڭ ئالدىدا يەرگە قارايدىغان گەپ.

نىجاتنىڭ كۆڭلى تىندى. غەشلىك، ئەنسىزلىك نەگىدۇر غايىب بولدى. چۈشتە ھەمراخانىم ئەتكەن پولۇنى ھۇزۇرلىنىپ يېدى، لەززەتلىنىپ يېدى، چۈشتىن كېيىن مېھمانلارنى ئابدۇراھمان ھاكىم، ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىم، ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە ئابدۇكېرىم ئاكا، نىجات قاتارلىقلار كۈتۈۋالدى. مېھمانلار ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشىر قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە نىجات بۇرۇندىن تونۇشىدىغان تارىخشۇناستىن ئىبارەت تۆت كىشى ئىدى. ئۇلار ياتاققا تەكلىپ قىلىندى. كۈتكۈچىلەر چاي كەلتۈردى، ئارقىدىن توقاچ، شاپتۇل، قوغۇن كەلتۈرۈلدى. ئابدۇراھمان ھاكىم بىلەن ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىم مېھمانلارغا ئەتىكى يىغىنىڭ تەييارلىقلىرى، كۈنتەرتىپ، مەزمۇنلىرى ھەققىدە ئىزاھات بەردى، كېيىن «ئارام ئېلىشسىلا» دەپ چىقىپ كېتىشتى، نىجات مېھمانلار بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەشتى.

نىجات كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ رىشاتنى ئەركىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئالدىدا دۈت! دۈت قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، شوپۇر كىردى:

— ھەسەن ھاكىم ئېلىپ كەل، دېۋىدى.

— ئىشىم بار، — نىجات تەرىنى تۈرۈپ جاۋاب بەردى.

— ئىشى بولسا تاشلاپ كەلسۇن دېگەن، جەزمەن ئەكەل، ئەتىكى يىغىنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئالدىن دېيىشىۋالىدىغان گەپ بار، دەيدۇ.

نىجاتنىڭ يۈرىكى يەنە ئېرىشكە باشلىدى. ھەسەن مامۇت ئاخىرى ئۆيىقۇسىنى ئېچىپتۇ، بىلگەن، چۈشەنگەن بولسا ئېھتىمال... ئىقرار قىلىپ... شۇ ئويى بىلەن نىجات پىكاپقا چىقتى. ھەسەن مامۇت ئۇنى خاس مېھمانخانىسىدا كۈتۈپ ئولتۇراتتى. جىگەررەڭ سىر بىلەن نەقىشلەنگەن يۇملاق شىرەگە ھەر خىل نازۇ - نېمەتلەر تىزىلغانىدى، ئاز ئۆتمەي رەنانىڭ سىڭلىسى بىر لىگەندە لىق ھېسىپ كۆتۈرۈپ كىردى.

— قېنى ئەمىسە، — ھەسەن مامۇت نىجاتقا چاي تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيۇپ بىرىنى نىجاتقا تەڭلىدى، — ئىچتۇق.

نىجات تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماستىن ھاراقنى ئىچىۋەتتى، رومكا ئۈچ قېتىم ئايلان-

www.uyghurkitap.com

دى، لېكىن نىجات شۇ چاققىچە ئالدىدىكى نېمەتلەرگە قول ئۇزىتىش تۇگۇل كۆز قىرىنىمۇ سالمىدى.

— ئۇزۇن گەپ ئېشەككە يۈك، تۇغقۇنۇم، — ھەسەن ماموت ھېسپىنىڭ چوڭ بىر پارچىسىنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن چايناۋېتىپ سۆز ئاچتى، — گەپنىڭ گۇندىسىنى دېسەم، رەنا توغرۇلۇق بېشىمنى ئاغرىتىۋاتقانلار چېچىمدىن تولا، بىراق بۇ قىز زادى... ئاڭلىسام سەن بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ، بوپتۇ، دېدىم. نېمىلا بولمىسۇن رەنا ئەقىللىق قىز بولغاچقا، ياتنى تاپماي تۇغقاننى تېپىپتۇ، رۇقىيەم ئۇسالىق قىلىۋېدى، تۇل قالدى. خوتۇن كىشى ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە، دېگەن گەپ بار، رەنانىڭ ئۆيلىنىشىمۇ توغرا، سۆيىمىزمۇ - چۆپىمىزمۇ بىر قازاندا قاينايدىغان گەپ، شۇڭا مەن... قېنى دەپ باققىنا...

نىجات قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى، ئۇنىڭ قەلبى ئاچچىق سېزىملار تەسىرىدە ئازابلانماقتا ئىدى. ھەسەن ماموت قېرىندىن بىر پارچە ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— راست گەپ قىلغىنا، تارتىنما، چەت ئەللىكلەرمۇ ئوچۇق - ئاشكارا دېيىشىۋېرىدىكەنغۇ؟

— شۇنداق.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭ جايىدا، ياشلار مۇھەببەت دەيسىلەر، مۇھەببەت باغلىشىپ، سىنىشىپ ئاندىن توي قىلىسىلەر، بۈگۈنكى زاماندىكى ياشلار - زە... شۇنداق قىلىپ ۋەدە قىلىشقان دېگىن. مەن مۇتەئەسسىپ ئەمەسمەن، قىزىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويىمەن، باللارنىڭ ئانىسىمۇ ئىككىڭلارنىڭ ئىشىغا جان كۆيدۈرۈپ يۈرىدۇ.

نىجات قىزىرىپ تاتىرىپ ئولتۇراتتى، دېمىسىمۇ رەنا بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكىدە پەسىيىشكە باشلىغان مۇھەببەت قايتىدىن چوغلىنىپ يالقۇنجاشقا باشلىغانىدى. رەناغا ئىچى ئاغرىيتتى، ئالتۇن قازان توغرىسىدىكى مەسىلىلەر تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىگە نىجاتنىڭ ۋىجدانى يول قويمايتتى. بىراق، رەنا نىجاتنىڭ ئۆيلىنىشىدەك قاش - كىرپىك ئوتتۇرىسىدا قالغان دەھشەتلىك سىناققا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ مۇبادا نىجات رەنادىن ئايرىلسا يەنە قاچانغىچە، نەدىن لايىق ئىزدەپ يۈرىدۇ، بۇ ناھىيىدىكى گۈزەللەر، پەزىلەتلىك قىزلار تولا، نىجات بېشارەت بەرسىلا، ئېغىز ئاچسىلا جان دەيدىغانلار چىقىدۇ، ئەپسۇس... ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولماق تەس.

نىجات ئورنىدىن تۇردى، ھەسەن ماموت ھاراق تەسىرىدىن قىسىلغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ نىجاتقا قارىدى.

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ھاكىم.

— ھە، ماۋۇ قىلغىنىڭ بولىدۇ، قائىدە - يوسۇننى خېلى بىلىدىكەنسەن، قارا، تويدىن كېيىن سەنمۇ، ھەمراخانىمۇ مۇشۇ قورۇغا يېنىپ كېلىڭلار، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىككى ئېغىز ئۆي سەن بىلەن رەنانىڭ بولىدۇ، ھەمراخانىم پەستىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تۇرسۇن، يېقىن تۇغقان بولىمىزغۇ، شۇنداقمۇ، بىر - بىرىمىزدىن ھېچنېمە ئايىماسلىقىمىز كېرەك - تە.

نىجاتنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ھەسەن ماموت ئۇنىڭ كۆزىگە زۇلمەت كېچىدە قايسىدۇ بىر دەرەخ شېخىدا ياكى ئەسكى تام ئۈستىدە شۇملۇق تىلەپ سايراۋاتقان ھۇۋقۇشتەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— ھە، جىم تۇرغانلىق... قوشۇلغانلىق... بىزنىڭ ھەيئەتلەر يىغىنىدىمۇ بەزىدە شۇنداق بولىدۇ. مانا - مانا تويى قىلىمىز، رەنانى ساڭا بېرىمىز، تويىنىڭ چىقىملىرىدىن غەم قىلما، ھەممىسى بىزدىن بولىدۇ. ھويلىمىزغا كۆچۈپ كېلىسىلەر، تاپقاننى بىللە يەپ ياشايمىز. قانداق؟...

ئارىنى جىمىلىق باستى، ھەسەن ماموت يەنە ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيۇپ بىرىنى نىجاتقا تۇتتى، ئىككىسى بوش تەگكۈزۈشۈپ ئىچىشتى، نىجات ھەيران ئىدى. بولغۇسى قېيىن ئاتا بىلەن كۈيئوغۇل رومكا سوقۇشتۇرۇپ ھاراق ئىچىشسە - ھە، بولۇپمۇ قېيىن ئاتىنىڭ كۈيئوغۇلغا ھاراق تۇتۇشى ئادەتكە خىلاپ ئىش ئىدى. نىجات ئەمدىلىكتە رەت قىلالمايتتى. ئۇ رومكىنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— ھە، نىجات، يەنە بىر گەپ، — ھەسەن ماموت كالپۇكلىرىدىكى شالىنى قولى بىلەن سۈرتىۋەتتى، — بىر شەرت... بىر شەرت بار، ئۇ قايسى دېسەڭ، مۇنداق، سەن ئالتۇن قازان دېگەن بىر نەرسە ئۈستىدە جىق كاللا قاتۇردەڭ، بىلمەن، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان... لېكىن ئالتۇن قازاننى تاپالمىدىڭ، دەپ قوياي، بىزنىڭ ناھىيىمىزدە ئالتۇن قازان دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇقتۇڭمۇ، ھە مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىپ باق، بۇ بىر شەرت.

— ئويلاندىم، — باشتىن - ئاخىر جىم ئولتۇرغان نىجاتنىڭ بىردىنلا ئەسەبلىرى جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى، — مېنىڭچە ناھىيىمىزدە ئالتۇن قازان بار.

— نەدە ؟!... — دېدى ھەسەن ماموت زەردە بىلەن.

— سىلىدە.

— ئاغزىڭنى يۇم، قېيىن ئاتا بولغۇچىنىڭ ئالدىدا سەن...— ھەسەن ماموت غەزىپىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا قولى يېرىملاشقان بوتۇلكىغا تېگىپ كېتىپ بوتۇلكا سېمونت پولغا چۈشۈپ سۇندى، ھاراق تۆكۈلدى، — شەرت دېگىنىم شۇ، ئەتىكى يىغىندا، ھەم بۇندىن كېيىنمۇ قازان - پازان دېگەن نەرسىنى ئاغزىڭغا ئالمايسەن، شۇندىلا سەن رەنا بىلەن...

— ياق، ھاكىم، ياق، قانۇن بار، قانۇن...— نىجات كەيپىلىكتە قىزارغان كۆزلىرىنى ھەسەن ماموتقا نەشتەردەك قادىدى، — قانۇننىڭ ئالدىدا، تارىخنىڭ ئالدىدا جاۋابكارمەن، شۇڭا ئالتۇن قازاننى بار دەپ ئېتىراپ قىلىمەن.

— نەدە بار دەپ؟

— سىلىدە بار دەپ.

— يالغان! — ھەسەن ماموتنىڭ غەزەپلىك، قورقۇنچلۇق ئاۋازى مېھمانخانا ئىچىنى لەرزىگە سالدى، — سەن ئادەم ئەمەس، ھايۋان ئىكەنسەن، سەندەك نېمىگە قىز بېرەمدىمەن؟ بولدى، قارارىمدىن ياندىم، شەرتىمدىن ياندىم. ئالتۇن قازان سەندە! سەن ماڭا ھۆرت - پۆرت دېمە!

— مەندىلىكىنى قانداق بىلدىلا ھاكىم؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن ھەسەن ماموتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى،

ئۆزىنىڭ ئېھتىيات قىلماستىن دەل بىر قېتىملىق كەسكىن ئېلىشىشقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ۋە هايت - هۇيت دېگىچە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى پەملەپ لاسسىدە بوشاشتى، جايىغا ئولتۇرۇۋالدى. ئويلانماي دەپ سالغان گېپى ئۇچۇن مەغلۇبىيەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ ئىنسان ئەمدىلىكتە گويا تەسلىمنامە ئوقۇۋاتقاندەك بىر هالەتتە سۆزلەيتتى:

— نىجات، بىز قۇدىلىشىۋاتىمىز، قارا بىز ئاسمانغا تۈۋرۈك بولمايمىز، هامان بىر كۈن... بۇ ئۆيلەر، مال - مۈلۈكلەر بالىلىرىمغا، رەنا بىلەن ساڭا قالىدۇ، قويىنۇمدىن تۆكۈلسە قونجۇمغا، دېگەن گەپ بار. مەندىن قالسا بالىلىرىمغا، رەنا بىلەن ساڭا قالىدۇ، كېيىنلىكنى ئويلا، شەرتلىرىمگە ماقۇل دە، نىھايەت بىر ئېغىزلا گەپقۇ، يوق دېسەڭلا بولمىدىمۇ، ئەقلىڭ بىلەن جاۋاب بەر، بۇندىن كېيىن ياخشى كۈن كۆرەي دېسەڭ...

— مەن هايۋان ئىكەنمەن، شۇنداقمۇ هاكىم، ياخشىلىقىنىمۇ، شەپقىتىنىمۇ بىلگۈچىلىكىم يوق. رەھمەت سىلىگە.

نىجات مەزمۇت قەدەم بىلەن مېھمانخانىدىن، قورۇدىن چىقتى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى رەنانىڭ هۇجرىسىدا كىمدۇ پەردىنى قايرىپ دېرىزىنى ئاچتى، ئۆتكۈر چىراغ نۇرى ئېتىلىپ چىقتى، بىراق، نىجات تار، قاراڭغۇ يولدا كەينىگىمۇ قارىماستىن كېتىۋاتاتتى.

ئىنسانلار چىن قەلبىدىن هۆرمەتلەيدىغان، هەمىشە ئۇلۇغلاپ تىلغا ئالىدىغان شەرق.
تۇن پەردىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يىرتىدىغان كۆمۈش رەڭ سۇبھى.
يېڭى بىر هاياتنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ بېلىق قاسرىقىدەك ئاقىرىدىغان گۈزەل تاڭ...

«ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسىدىكى سېپىل ئۈستىدە يەككە - يېگانە تۇرغان نىجات كۈن چىقىشقا قاراپ ئەڭ شېرىن، ئەڭ ئەھمىيەتلىك خىياللارنى سۈردى، بۈگۈن ئۇنىڭغا كائىنات تېخىمۇ كەڭ، بىپايان، هايات تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ سۆيۈملۈك، تېخىمۇ ئۇلۇغ تۇيۇلاتتى، ئەنە شۇ بىپايان كائىنات بىلەن گۈزەل، سۆيۈملۈك هاياتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئۇنىڭغا چەكسىز ۋە چەكلىك بولغان هەممە نەرسىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى، هاياتنىڭ قىسقىغىنا سەپىرىدە هارماي - تالماي ئىلگىرىلەپ، هەربىر قەدىمىدە باشقىلار چۈشىنىپ يەتمىگەن، پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغان ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان نىجاتنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى - يېڭى ئېچىلغان گۈللەرخۇش پۇراق چاچماقتا، يەنە يېڭى گۈللەر ئۈنمەكتە، بىخ سۈرمەكتە، شاخ چىقارماقتا، غۇنچە تۈگمەكتە.

پۈتكۈل كائىنات، پۈتكۈل هاياتلىق ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن تاڭ قۇيۇشى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى، نىجاتنىڭ هاياجانلانغان قەلبىدىمۇ ئىشەنچ، ئېتىقاد، غايە، ئىرادە قۇياشى پارلاپ چىقتى، بۈگۈن ئۇ تاڭنى، قۇياشنى هەممىدىن بۇرۇن كۈتۈۋالغانلارنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ سېپىلدىن چۈشتى، ئۆيگە كىرىپ ئالدىراپ ناشتا قىلدى.

ناھىيىلىك هۆكۈمەت مەجلىسخانىسىنىڭ ئالدىغا هەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگىنى يەنىلا نىجات ئىدى، ئۇ مەجلىسخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئاۋۋال ئۇدۇل تامغا ئېسىلغان قىزىل پىلاكاتتىكى «ناھىيىلىك ‹ئارسلانخان شەھىرى› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دېگەن

خەتكە، ئاندىن تاملارغا چاپلانغان تەشەببۇسنامىدىكى شوئارلارغا كۆز يۈگۈرتتى، ئاز ئۆتمەي مەجلىسخانا ئادەملەرگە لىق تولدى. ۋىلايەتتىن كەلگەن مېھمانلار، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇرغۇن، ئابدۇراھمان ھاكىم، ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن ھاكىم، سىياسىي كېڭەش رەئىسى، پارتكوم تەزكىرە ئىشخانىسى مۇدىرى، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىنىڭ مەسئۇللىرى، خادىملىرى، تارىخ، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى، يازغۇچى، شائىر، مۇخبىر ۋە سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغانلار، يىغىنغا قىزىقىپ ئۆزى كەلگەنلەر... بار ئىدى. نىجات كۆز ئۇچىدا ساناپ بېقىۋىدى، خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولۇپ جەمئىي 84 ئادەم كەپتۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، سالاھىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى يىغىننىڭ مۆلچەردىكىدىنمۇ كاتتا، داغدۇغىلىق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، ناھىيە قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلمىي مەسىلىلەر توغرىسىدا بۇنچىلىك بىرەر يىغىن چاقىرىلمىغان بولغىيدى. نىجات ھاياجان ئىلكىدە ئىدى، بىر ئىچكى تىترەك ئۇنىڭ ھاياجىنىنى تېخىمۇ ئۇلغايتاتتى. ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىم يىغىن رىياسەتچىسى ئىدى، رەنا يىغىندا تەرجىمان سۈپىتىدە قاتناشتى. نىجات سومكىسىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ رەناغا ئاستىرتتىن نەزەر سالدى، رەنا بۈگۈن ئالاھىدە ياسىنىپ كەلگەنىدى، بىراق چىرايى سەل سۆرۈن، كۆزلىرىدە ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئۇمۇ نىجاتقا يەر تېگىدىن قارايتتى «سېنىڭ مۇھەببىتىڭ مۇشكۈل سىناققا دۇچ كەلدى، — دەيتتى نىجات ئىچىدە، — لېكىن، داداڭنىڭ ئاخشامقى ئەلپازىدىن قارىغاندا سەن بۇ سىناققا بەرداشلىق بېرەلمەيسەن، چۈنكى سەن بىر تال ئاجىز نوتا، بوران بولسا ناھايىتى كۈچلۈك.»

نىجاتنىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە پەيدا بولدى، بۇ كۈلكىدە ھەسەن مامۇتنىڭ ئالتۇن قازان ئۈچۈن قىزى رەنانى دوغا تىكمەكچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت رەزىللىكىنى مەسخىرە قىلىش ۋە يىرگىنىش ئىپادىسى بار ئىدى.

ئابدۇراھمان ھاكىمنىڭ ھاۋالىسى بىلەن نىجات ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋىلايەت مەركىزىدىن كەلگەن مېھمانلار بىلەن يىغىن ئەھلىنى ئۆزئارا تونۇشتۇردى. ئابدۇراھمان ھاكىم بۇرۇلۇپ ھەسەن مامۇتقا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىۋىدى، ھەسەن مامۇت دەررۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىيىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— مېھمانلار، يولداشلار، — ھەسەن مامۇتنىڭ ئاۋازى مىكرافوندا بۇرۇنقىدەك ئېنىق، جاراڭلىق ئاڭلانماستىن بوغۇق ئاھاڭدا ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ چىقتى، — يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن ھەممىمىز بېرىپ «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسىنى ھەمدە مەدەنىيەت يۇرتىغا كىرىپ ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى كۆرسەك قانداق؟

بۇ پىكىر ئابدۇراھمان ھاكىمنىڭ كاللىسىغا قانداق كېلىپ قالدىكىن، نىجات تېخىمۇ خۇشال بولدى، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى پىكاپ، ئاپتوبۇس، ۋېلىسىپىتلەر بىلەن يۈرۈپ كېتىشتى. ئۇلار شەھەر خارابىسىدىن قايتقاندا نىجات ھەممىسىنىڭ ئالدىدا كېلىپ زالنى ئاچتى، خىلى، شەكلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان رەڭلىك ساپال قاچىلار، كوزا، كۈپلەر، تاش، مىس، تۆمۈر قوراللار، رەخت پارچىلىرى، لاي قورچاق، سېغىز ھەيكەللەر، تارشا پۈتۈكلەر، جەسەت...

— شۇنچىۋالا نەرسىلەرنى قېزىپسىز، ساقلاپسىز، تېخى ئۇلار توغرىسىدا ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدۇرۇپسىز، ئەپسۇس... بىزگە بىرەر ئېغىز تىنىپمۇ قويماپسىز، ھەي... مەن سىزنى رەسىم سىزىدۇ، كەسپى شۇ دەپ ئويلاپتىمەن، — ئابدۇراھمان ھاكىم يېنىدا تۇرغان ھەسەن ماموتقا لاپپىدە قاراپ قويدى، — بالدۇرراق خەۋەر تاپقان بولساق، سىز-زە...

مەجلىسخانا جىمجىتلىققا چۆكتى. نىجات بىر چەتتە سومكىسىنى يىتتۇرۇپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك بېغىدىن چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. سەمىمي قارىم يوغان، ئاپئاق سەللىسىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك ئورۇق گەۋدىسىنى پات - پات قىمىرلىتىپ بېشىنى گېدەيتىپ ئەتراپقا قاراپ قوياتتى. كۆزەينەك ئارقىسىدىكى دائىم چىمىلداپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بوغۇن ئادەتتىن تاشقىرى تېز - تېز چىمىلدايتتى. كىشىلەر مېنىڭ بار ئىكەنلىكىمنى يادىغا ئېلىشسۇن دېگەندەك گېلىنى پات - پات قىراتتى، يۆتىلەتتى، ئالدىدىكى ئۇزۇن چايتۇرۇپكا ئۈستىدە ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ - تۆپلەنگەن «ئاقباشخان تەزكىرىسى» ناملىق نېپىزغىنا كىتابچە دەستىلەكلىك تۇراتتى.

ھەسەن ماموتنىڭ ئېلان قىلىشى بىلەن ئاۋۋال تۇرغۇن شۇجى، ئاندىن ئابدۇراھمان ھاكىم سۆز قىلدى. ئۇلار يىغىننى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يىغىننىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختالدى. يىغىننىڭ تېمىسىنى، يېتىدىغان مەقسەتنى ئىزاھلىدى. ئارقىدىن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۆز ئالدى:

— ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بىزنىڭ تۈپ مىزانىمىز، — دېدى ئۇ يېقىملىق ھەم جىددىي، تەسىرلىك ئاھاڭدا، — شۇڭا پىكىر بايان قىلغۇچى يولداشلارنىڭ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، تارىخقا سادىق بولۇش روھى ئاساسىدا تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىشىنى، كۆپتۈرمەسلىكىنى، مۇبالىغىلاشتۇرماسلىقىنى، بارنى يوق، يوقنى بار قىلىپ كۆرسەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن، تارىخ ئۇ ھەرقانداق ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ...

قىزغىن چاۋاكلاردىن كېيىن ھەسەن ماموت نىجاتنى پىكىر بايان قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، رەنا تېز - تېز تەرجىمە قىلاتتى، ئاۋازى زىل، يېقىملىق ئىدى، نىجات ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كۆپچىلىككە مالال كەلمىسە، ئالدى بىلەن سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، نەشر قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئاقباشخان تەزكىرىسى» نى ئاڭلاپ باقسا... ئاندىن مەن...

— ياق، — ھەسەن ماموت نىجاتقا ھەم قورقۇنچ، ھەم ھەيۋە بىلەن ئالىيىپ قويدى، — كۆنتەرتىپ بويىچە ئاۋۋال سەن...

— نىجاتنىڭ پىكىرىمۇ يوللۇق، — دېدى ئابدۇراھمان ھاكىم، — سىياسىي كېڭەش «ئاقباشخان تەزكىرىسى» نى ئالدىقاچان پۈتكۈزۈپ بېسىپ تەييارلاپتۇ، نىجاتنىڭ ماقالىسى تېخى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتمىدى، شۇڭا ئاۋۋال نەقنى ئاڭلايلى.

نىجات يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ جايىغا ئولتۇردى. سىياسىي كېڭەش رەئىسى ھاكىمنىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى يېنىك ئىرغىتىپ سەمىمي قارىمغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. سەمىمي قارىم ئاۋۋال ئالدىدىكى كىتابچىلەرنى يىغىن ئەھلىگە تارقاتتى،

ئاندىن مىكرافون ئالدىغا كېلىپ «تەزكىرە» نى ئوقۇشقا كىرىشتى. «ئاقباشخان تەزكىرىسى» دىكى تەپسىلاتلار، مەزمۇنلار ئەينى زاماندىكى غوجىلار توپىلاڭلىرى ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە ئۆز سۇلۇكىگە سادىق، قول بەرگەن پىر - ئەۋلىياسىغا جان - پىدالىق كۆرسەتكەن مۇرىت - مۇخلىسلار تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋەقەلىكلەرگە ۋە سوپى - ئىشانلار توقۇپ چىققان رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغان بولۇپ، باش قىسمى خۇداغا ۋە پەيغەمبەرگە بولغان ھەمدۇ سانا بىلەن تولغانىدى، «تەزكىرە» دەسلەپ يېزىلىپ بولۇپ شاپىگرافتا بېسىلغاندا رەنا ئۇنىڭدىن بىر نۇسخا تېپىپ نىجاتقا بەرگەنىدى. نىجات ئۇنى كۆرگەن، قايتا - قايتا ئوقۇغان، ھەتتا بەزى ئابزاسلارنى سۆزمۇ سۆز يادلىۋالغانىدى. كۆپچىلىك ھەر خىل قاراش، ھېسسىياتلاردا بولۇۋاتسا كېرەك، بەزىلىرى قىزىقىپ زەن قويۇپ تىڭشايتتى. بەزىلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە سەمىمي قارىمغا قارايتتى. بەزىلەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئويغا چۆمگەنىدى. تارىخ، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى تىڭشاۋېتىپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قوياتتى. بۇ يەردىكى شائىر، يازغۇچىلار، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سەمىمي قارىمنىڭ تەلەتىگە مەسخىرە ئارىلاش نەزەردە تىكىلەتتى. بەزىلەر قوللىرىدىكى كىتابچىنى شىرىقلىتىپ ۋاراقلايتتى. ھەسەن مامۇت سەمىمي قارىمنىڭ قىلچە ھودۇقماستىن سۆزلەرنى دانە - دانە چىقىرىپ ئالدىرىماي ئوقۇغىنىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلىپ پات - پات بېشىنى ئىرغىتاتتى. ھەربىر ئابزاس تۈگىگەندە رەنا قولىدىكى كىتابچىگە قاراپ تەرجىمە قىلىشقا باشلايتتى.

ئاخىر...«ئاقباشخان تەزكىرىسى» ئوقۇلۇپمۇ بولدى، سەمىمي قارىم بارى - يوق 70 مىنۇت سۆزلىگەنىدى، رەنانىڭ تەرجىمىسىمۇ خېلى ۋاقىتنى ئالدى، يىغىن ئەھلى 10 مىنۇتلۇق تەنەپپۇستىن كېيىن يەنە ئۆز جايلىرىغا ئولتۇرۇشتى. نىجات مىكرافون ئالدىغا كەلدى، كۆپچىلىك گويا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك جىم بولۇشتى، 84 جۈپ كۆز ھەر خىل نەزەر، ئىپادە بىلەن نىجاتقا تىكىلگەنىدى. نىجات ئاۋۋال ماقالىسىدىكى «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىدىكى دائىرىسى، كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى، شەھەر سېپىلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى، ئېگىزلىكى، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئورۇنلاشقان جايى، ئىچكى - تاشقى شەھەردىكى يول - كوچا، مەيدان، ئوردا، ساراي - قەسىرلەرنىڭ، ئاھالىلەر رايونىنىڭ، ھەربىي گازارمىلارنىڭ، ئېرىق - قۇدۇقلارنىڭ جايلاشقان ئورنى، شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، تەبىئىي شارائىتى ۋە شەھەرنىڭ خارابىلىشىشى، بولۇپمۇ يېقىنقى 50—60 يىللاردىن بۇيانقى تەبىئىي، سۈنئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالى، ھازىرقى دائىرىسى، كۆلىمى... قاتارلىقلارغا ئائىت قىسمىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاخىرىنى داۋام قىلدى.

«1972 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت شىنجاڭدا نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 1 -، 2 - تۈركۈمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى بېكىتىپ ئېلان قىلغانىدى، شۇ قېتىم ‹ئاقباشخان› يەنى ‹ئارسلانخان شەھىرى› مۇ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ بېكىتىلگەن، بۇنىڭدىن يولداشلار

www.uyghurkitap.com


بايا كۆزدىن كۆچۈرگەن خارابىنىڭ تارىخىمىزنى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايدۇ.»

رەنا تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى، مەجلىسخانىدا ئۇنىڭ زىل، يېقىملىق ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. نىجات ماقالىسىدە ئاقباشخانىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالدى:

«‹تەزكىرە› دە قەيت قىلىنغىنىدەك ئاقباشخانىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئارسلانخان خوجا، لېكىن ئۇ پادىشاھ ئەمەس، يەتتە ئىقلىمنى ئۆز ھىمايىتىگە ئالغانمۇ ئەمەس، بىز ئىسمىنى ئاتىغان، مۇھاكىمە قىلىۋاتقان شەھەرنى ئارسلانخان خوجا ئاپىردە قىلغانمۇ ئەمەس، بۇ پەقەت تارىختا بەزى كىشىلەر يەنى ئاپئاق خوجا ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان رىۋايەت، ئەپسانە، سەپسەتىدىن ئىبارەت ...»

— تۆھمەت! — رەنا تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىشىغا سەمىي قارىمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، سەمىي قارىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەنىدى، ئۆچكە چىچىكىدەك يىرىك، شالاڭ بىر تۇتام ساقىلى غەزەپتىن دىر - دىر تىترەيتتى. ئورۇق، ئۇزۇن، قارامتۇل قولى نىجاتقا، رەھبەرلەر ئولتۇرغان مۇنبەرگە سوزۇلغانىدى، — يىكىرىم بار، پىكىر...!

ھەسەن مامۇت ئىجازەت بېرىش ئىشارىسىنى قىلىۋىدى، شۇئان مەجلىسخانىدىكى كەيپىيات ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

— قارىم توختىسىلا، — ئابدۇراھمان ھاكىم قولىنى كۆتۈردى، — سىلە سۆزلىگەندە يولداش نىجاتمۇ، بىزمۇ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ تىڭشىدۇق، سۆز ئارىلىمىدۇق، بىر - بىرلەپ سۆزلەيلى، پىكىر بولسا ئاخىرىدا...

سەمىي قارىم بوشىشىپ جايىغا ئولتۇردى. رەنانىڭ تەرجىمىسىدىن كېيىن نىجات ماقالىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«‹تەزكىرە› دە ئاقباشخانىنىڭ نەسەپ - زاتى مۆھتەرەم خېنىم ئارقىلىق ھەزرىتى ئاپئاق خوجىغا تۇتىشىدۇ، دېيىلگەن. بۇ راست، لېكىن ھەزرىتى ئاپئاق خوجا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27 - ئەۋلاد نەۋرىسى دېگەن گەپ بىر خىل ئويدۇرمىدىن ئىبارەت، ئاپئاق خوجا مۇھاكىمىمىزنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولمىغاچقا، ئۇ شەخس ھەققىدە توختالمايمەن، كۆپچىلىك يولداشلار ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان تارىخىي ئوبزورلارنى ئوقۇسىلا پەيغەمبەرزادە دېيىلگەن ئاپئاق خوجىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.»

مەنىلىك قاراشلار، ھەيرانلىق، دىققەت، ھاياجان، يىغىن كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ تۇراتتى، رەنانىڭ تەرجىمىسىمۇ ناھايىتى تولۇق ھەم تېز ئىدى.

«ئاقباشخان زامانىدا لەكمىڭ - لەكمىڭ خەلق پەرمانىغا ئاساسەن شەھەر سېلىشقا ئاتلاندى. يېڭىسارنىڭ سېغىزلىق دېگەن يېرىدىن توپا، كوسەن ئەنھارىدىن سۇ توشۇپ لاي ئېتىپ سېپىل سوقتى دېگەن گەپلەرمۇ يالغان، ئاقباشخانىنىڭ خۇش پېئىل، ئەقلى دانىش، كۆچتۈڭگۈر ئىكەنلىكى، كوچ - قۇۋۋەتتە رۇستەمى داستانىنى، ئەدلى - ئادالەتتە

نوشىرۋان ئادىلنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقى، شەھىرى باغداتتىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ كۆسەن دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن كارۋانلىرىنى سۇنى قىلىچ بىلەن ئىككىگە بۆلۈش ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمۇ يالغان، قىلىچنى سۇغا قارىتىپ بىر شىلتىسا سۇنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ يۇقىرىدىكىسى ئاقماي جىم تۇرىدىغان، ئايىغىدىكىسى ئېقىپ كېتىدىغان ئىش قايسىبىر ئەۋلىيانىڭ قولىدىن كېلىدىكەن...؟ مەسىلەن، ھازىر كىمنىڭ قولىدىن كېلىدىكەن؟»

مەجلىسخانىنى يېنىك كۈلكە قاپلىدى، پىچىرلاشلار كۆپەيدى، رەنا تەرجىمىسىنى تۈگەتتى.

«تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، 60 پاتمان دېگەن ئاتالغۇ ھازىرقى ئۆلچەم بىرلىكىدە قانچە جىڭ كېلىدۇ، 600 جىڭ، دېمەك، 600 جىڭ ئېغىرلىقتىكى قىلىچنى قايسى پالۋان كۆتۈرەلەيدىكەن؟...»

مەجلىسخانىنى قاتتىق كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى. نىجاتمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى، كۆپچىلىك كۈلكە ساداسى ئىچىدە سەمىي قارىمنى مەسخىرىلىك نەزەرى بىلەن تەقىپ قىلدى، سىياسىي كېڭەش رەئىسىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى، كۆزلىرىدىكى نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى سەمىي قارىمنىڭ ساقىلىغا تۇتىشىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ بۇ پېشقەدەم رەھبەرنىڭ قەلبىنى ئاچچىق ئۆكۈنۈشكە تولدۇرۇۋاتاتتى.

«‹تەزكىرە› نىڭ كېيىنكى ئابزاسلىرىدىكى ۋەقەلىككە كەلسەك، ئاقباشخان شەھىرىگە ياۋ كەلدى، دېيىلگەن، كۈچتۈڭگۈر، زەبەردەست، رۇستەمى داستانىنى بېسىپ چۈشەتتى، دەپ مەدھىيىلەنگەن ئاقباشخان ياۋنىڭ ھۇجۇمى ۋە قورشاۋى نەتىجىسىدە قورقۇپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان، بۇ يەردىكى زىتلىقنى ‹تەزكىرە› نىڭ يېزىلىش جەريانىدىكى لوگىكا خاتالىقى دېيىش كېرەكمۇ ياكى ئاقباشخاننىڭ قورقۇنچاقلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشى دېيىش كېرەكمۇ؟ بۇنى كۆپچىلىك چۈشەنسە كېرەك.

ئاقباشخان زادى كىم؟ ئاقباشخاننىڭ ئەسلى ئىسمى ‹تەزكىرە› دە ئېيتىلغىنىدەك ئارسلانخان خوجا، كېيىن ئۇ ئاقباش ئىشان دەپ ئاتالغان، ئاقباشخان ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى مۆھتىرەم خېنىمنىڭ ئاكىسى. ئاپپاق خوجا 1694 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۆزىنىڭ تاغىسى، كېيىنچە ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان خوجا ئىسھاقنىڭ كۈكۈن نەۋرىسى ئابدۇللا خوجا جەمەتى تەرىپىدىن يەكەندە زەھەر بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، خوجىلار ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى مۆھتىرەم خېنىمنىڭ قولىغا ئۆتتى. مۆھتىرەم خېنىم ئېرى ئاپپاق خوجىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەنلىرىنىمۇ، ئۆز ئىچىدىكى گۇمانلىق دەپ قارىغان ئادەملىرىنىمۇ رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلغانلىقتىن، جاللات خېنىم دەپ ئاتالغان، كېيىن ئۇ مەكتىلىك سوپىلار تەرىپىدىن يوشۇرۇن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئاقباشخان يەنى ئارسلانخان خوجا سىڭلىسى مۆھتىرەم خېنىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن يەكەنگە كېلىپ دۈشمەن دەپ قارىغان ئۆزىگە قارشى سۇلۇكتىكى سوپى - ئىشانلاردىن 1000 كىشىنى تۇتقۇزۇپ بىر يەرگە توپلاپ ئۇلارنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ قويدەك بوغۇزلىغان.»

كۆپچىلىكنىڭ كۆزلىرىدە، چىرايلىرىدا ۋەھىمە، سەسكىنىش ئىپادىسى ئەكس ئەتتى.

www.uyghurkitap.com

رەنانىڭ تەرجىمە قىلىۋاتقاندىكى ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، كۆزلىرى نىجاتقا تىكىلەتتى.

«ئىشەنمىگەنلەر ‹تارىخىي نادىرىيە› دېگەن كىتابنى كۆرۈپ باقسا بولىدۇ. ئاقباشخان قەشقەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدا مۇرىت توپلاپ قوراللىق قىرغىنچىلىق قىلىش جەريانىدا بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ‹ئاقباشخان شەھىرى› دە بىر مەزگىل تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭلىق بىلەن بۇ شەھەرنى ئاقباشخان شەھىرى دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتىمەنكى، مېنىڭ قولۇمدىكى پاكىتلار، دەلىل ـ ئىسپاتلار ‹تەزكىرە› نىڭ ھەقىقىي تەزكىرە ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدۇ، لېكىن سەمىي قارىمىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش جەريانىدىكى جاپالىق ئەمگىكىنى قەدىرلەيمەن، بىراق، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاشۇنداق رىۋايەت، ئەپسانىلەرنى تەزكىرە، تارىخ دەپ توپلاپ، نەشىر قىلدۇرۇش ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان پۇللىرىنىڭ زايا كەتكىنىگە ئېچىنىمەن، مەدەنىيەت يادىكارلىق دەپ بېكىتىلگەن شەھەر خارابىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بىرەر پۇڭ پۇلنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆكۈنىمەن.»

— بولدى ئۇكام نىجات، — دېدى سىياسىي كېڭەش رەئىسى خىجالەتچىلىك ئىچىدە قىزىرىپ، — مېنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئوسال قىلماڭ، خىجىل بولۇۋاتىمەن، مەن چوقۇم...

نىجات ماقالىسىنى ئوقۇشنى داۋام قىلدى:

«ئەمدى مەن بۇ شەھەرنىڭ زادى قاچان، كىملەر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە توختىلىمەن.»

— توختا.

نىجات چۆچۈپ ھەسەن مامۇتقا قارىدى، مۇئاۋىن ھاكىم ھازىر خېلى رەڭگىگە كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇزايىدىن تەمكىنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.


—چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بوپقاپتۇ، يولداشلارنىڭ تاماق يەپ، دەم ئالغانىدىن كېيىن يىغىنغا تولۇق كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كېيىنكى گەپ ئارتۇقچە ئىدى. چۈنكى يىغىن ئەھلى نىجاتنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ھاياجانغا چۆمگەنىدى. ھەممەيلەن ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈپ كەتكىنىدىن نارازى بولۇشماقتا ئىدى، ئۇلار سىرتقا چىقىپلا نىجاتنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى.

چۈشلۈك تاماقتا مېھمانلارغا ھەسەن مامۇت بىلەن نىجات ھەمراھ بولدى، مېھمانلار تاماق ئۈستىدە نىجاتنىڭ تىرىشچانلىقىنى، ئىزدىنىش روھىنى، تارىخىي بىلىمىنى ماختاشتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى پىكىرلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. ھەسەن مامۇت دەم تارتىپ، دەم قىزىرىپ جىم ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى، نىجاتقا قورقۇنچ باسقان كۆزلىرى بىلەن دۈمسىيىپ قارايتتى.

— بۈگۈن مېنى ئوسال قىلدىڭغان ئوخشايسەن، — ھەسەن مامۇت ئاشخانىدىن چىققاندا نىجاتنى بىر چەتكە تارتىپ كېلىپ دېدى، — مېنى ئايىمىساڭمۇ مەيلى، باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، «يامان تۇلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار» دېگەن گەپ بار، بىگۇناھ قايىلمەن، ئەمما رەنانى ئايىغىن، ئۇنى بىر ئۆمۈر ئازابتا قويساڭ بولماس.

— مېنى باشتىن ـ ئاخىر قوللاپ، ياردەم بەرگەن بولسىلا، مەنمۇ...چۈنكى مەن قا-



زانغان ئۇنتۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئەمەس، بەلكى ھەر قايسىلىرىغا، خەلققە مەنسۇپ بولىدىغانلىقى سىلىگىمۇ ئايان.

— ئۇغۇ شۇنداق، — ھەسەن ماموتنىڭ كۆزلىرىدە يېلىنىش نەزەرى ئەكس ئەتتى، — بۇ ئىشقا سەل قاراپتىمەن، مەن دەيمەن... ھېلىقى قازان توغرۇلۇق ...تۈنۈگۈن ئاچچىقلاپمۇ دىدىم، شۇنى تىلغا ئالمىساڭ.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دېگىنىڭ قانداق گەپ، رەنا بىلەن توي قىلىدىغانلىقىڭنى، ماڭا كۈيئوغۇل بولىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

نىجات رەنانىڭ بۈگۈنكى روھىي ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. رەنا گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك مەردانە، روھلۇق قىياپەتتە سۆزلەيتتى، نىجاتنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنى چالا قالدۇرماي تولۇق تەرجىمە قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۈگۈنكىدەك چوڭ-چوڭ ئادەملەر قاتناشقان كاتتا سورۇندا ئۆزىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ماھارىتىنى نامايان قىلىش ئىستىكىمۇ بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، نىجاتنىڭ سۆزىنى كەڭ جامائەت ئالدىدا تەرجىمە قىلىش — نىجاتنىڭ قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشقا پايدىلىق دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزى دېگەندەك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ چىقسا، نىجات بىلەن بىر ئىشخاندا ئىشلىسە نىجاتنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ياردەمچىسى بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئەقىللىق ھەمراھقا، ئىقتىدارلىق كاتىپقا، كەمتەر، تىرىشچان تەرجىمانغا ئېرىشكەن بولاتتى، توي قىلىسچۇ؟ بىر ئىشخانىدا، بىر ساھەدە بىر-بىرىگە مەدەت-ئىلھام بېرىشىپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئىشلەپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قېلىشاتتى. نىجات ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن رەناغا موھتاج ئىكەنلىكىگە ئىقرار ئىدى ... رەناسىز ھايات، تۇرمۇش، خىزمەت، تەتقىقات، ئۇتۇق، شان-شەرەپ دېگەنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىندەك ئىدى. ھەسەن ماموتنىڭ نىجاتنى كۈيئوغۇل قىلىشقا ئالدىرىشىدىكى مۇددىئانى بولسا نىجات ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەنىدى، بىراق رەنا ئەڭ بۇرۇنلا غەرەزسىز ھالدا نىجاتقا كۆيگەنىدى، رەنانىڭ نىجاتقا بەخش ئەتكەن مۇھەببىتى ھەسەن ماموتنىڭ شەخسىي مۇددىئاسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى. ئەسلىدىكى غەرەزسىز، پاك مۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەببەت دادىسىنىڭ رەزىل مەقسەتلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆز قەدىرىنى يوقىتىۋاتاتتى. نىجات رەناغا ئىچ ئاغرىتاتتى، ئېچىناتتى، ھەسەن مامۇتنى مات قىلىش، مەغلۇپ قىلىش — رەنانىڭ مۇھەببىتىگە دەھشەتلىك زەربە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. نىجات شۇلارنى ئويلىغاندا قاتتىق ئازابلىناتتى. ئىككىلىنەتتى، تېڭىرقايتتى، تەۋرىنەتتى، ئالتۇن قازان مەسىلىسىنى بىر دېلو سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى دەپسەندە قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ئېلىشىش باسقۇچى بارغانسېرى تېز سۈرئەتتە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. نىجات جىددىي، كەسكىن بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا كېلىپ قالغانىدى.

— قېنى، ئەھۋالغا قاراپ...

— تازىمۇ جاھىل-دە، سەن، — ھەسەن مامۇت قوللىرىنى نىجاتنىڭ دولىسىغا قويدى، — مېنى ئوسال قىلساڭمۇ، رەسۋا قىلساڭمۇ، مەيلى، لېكىن... قىزىمنىڭ خاھىشىنى، كۆڭلىنى، ئارزۇسىنى پايمال قىلىشىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن. ئۇ بالىلىرىمنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىقى، ئەڭ ئارزۇلۇقى، ئەگەر بىزنى ئوتقا ئىتتىرسەڭ، ئۇ ئۆزىنى بىر نېمە قىلىۋېلىشتىن يانمايدۇ. ئۇ چاغدا مەن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلىمەن، پەقەت قىزىم ئۈچۈنلا شۇنداق بولىمەن، قىزىم رەنانىڭ كۆزىدىن چىققان بىر تامچە ياشنى كۆرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل...

نىجات گاڭگىراپلا قالدى. ئۇ بىردىنلا ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمگە ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى بىلەن قاراشقا باشلىدى. ھەسەن مامۇت ھازىر شۇنچىلىك ئاجىز، مىسكىن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدىكى، نىجاتنىڭ ئۇنىڭ قانداقسىگە كادىر بولۇپ قالغىنىغا، كومپارتىيىگە ئەزا، شۇجى، مۇئاۋىن ھاكىم... بولغىنىغا ئەقلى يەتمەيلا قالدى، ئۇ ئۆزى كومپارتىيىگە تېخى ئەزا بولۇپ كىرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما پارتىيە ئەزاسى دېگەن بۇ نام-سالاھىيەتنى ھەممىدىن يۇقىرى بىلەتتى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلارغا قەلبىدە قىزغىن مۇھەببەت بار ئىدى. بەلكى بۇ خىل قىزغىنلىق ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىش خاھىشىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرسە كېرەك.

— مەيلى، — دېدى نىجات يەرگە قاراپ، — ئالتۇن قازاننىڭ گېپىنى قىلماي.

— ھەببەللى، — ھەسەن مامۇتنىڭ كۆزلىرىدە تاسادىپەن بىر ئامەت كېلىپ قالغاندىكى چەكسىز شادلىنىش ھېسسى نۇر چاچتى، — يىگىت دېگەن سەندەك كەڭ قورساق مەرد بولىدۇ، مانا، مانا رەنا سەندىن بىر ئۆمۈر رازى بولىدۇ.

نىجات يۈرىكىنىڭ تۇساتتىن جىغغىدە قىلغانلىقىنى سەزدى. ئۇ كىمگە، نېمە ئۈچۈن ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئويلاپ يەنە قاتتىق ئازابلىنىشقا باشلىدى. ئۇ كەلگەندە بىر قىسىم كىشىلەر مەجلىسخانا ئالدىدىكى ئاكاتسىيە تۈۋىدە سايداپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار يەنىلا نىجاتنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى.

يىغىن ئەھلى كۆپىيىپ 100 دىن ئاشقانىدى. ئەمما سەممىي قارىم كۆرۈنمەيتتى، نىجات رەنانىڭ كۆزلىرىدىكى شادلىق ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ بايا دادىسىدىن ھەممىنى ئاڭلىغانلىقىنى بىلدى. رەنا نىجاتقا پات-پات ئوتلۇق نىگاھىنى يوللاپ تۇراتتى. لەۋلىرى نېمىدۇر بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلايتتى، «ئالتۇن قا-

زانىڭ گېپىنى قىلىسىز، مەن سىزنى جۆيلۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن-دە، دېمەكچىمىدىكىن-تاڭ...؟!»

نىجات تەكلىپنى كۈتمەيلا مىكرافون ئالدىدا ئولتۇردى:

— مەن «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى، ئۇنىڭدا قانداق ئادەملەرنىڭ ياشىغانلىقى توغرىسىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان بەزىلەر تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان رىۋايەت، ئەپسانىلەرنى ئاجايىپ-غارايىپ تەزكىرىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەن ساھەسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتنى، مەشھۇر، نوپۇزلۇق تارىخشۇناسلارنىڭ، ئارخېئولوگلارنىڭ، ئېتنوگراپلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگىكى، ئىزدىنىشى، ئۈزمەي ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن تارىخىي ھۆججەتلەرنى، شەھەر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئاسار-ئەتىقىلەردىن ئىبارەت نەق ماددىي پاكىتلارنى ئاساس قىلدىم.

— توختىڭا ئۇكام، — دېدى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى مۇزېيىنىڭ باشلىقى يېزىۋاتقان خاتىرىسىدىن باش كۆتۈرۈپ، — بىر مەسىلىنى سورىۋالاي.

نىجات جىم بولدى، ئىككى تىزى دىر-دىر تىترەيتتى، كۆزلىرىدە ھودۇقۇش ئالامىتى بار ئىدى.

— سىز يىغىپ ساقلاۋاتقان ئاسار-ئەتىقىلەرنى كۆردۇق، دېمەكچى، ئاشۇ ئاددىي خىزمەت ئورنىڭىزدا، يەنە كېلىپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغان شارائىتتا سىز ئۇلارنىڭ قايسى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، يىلنامىلىرىنى قانداق دەلىللەپ چىقتىڭىز؟

كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى كۈچەيدى. نىجاتنىڭ پۇتلىرى تىترەشتىن توختىدى، ئۆزى تېخىمۇ سالماق قىياپەتكە كىردى:

— بۇ مۇرەككەپ، نازۇك ئىشلارغا مېنىڭ ئىقتىدارىم يەتمەيدۇ. لېكىن مەن ئۇدۇللۇق قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنى ئۇدۇللۇق سۈرەتكە ئالدىم، تۈرى، شەكلى، تۈزۈلۈشى... قاتارلىقلارنى ئەينەن خاتىرىلىدىم. سۈرەتلەر بىلەن خاتىرە تېزىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيىغا ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەۋەتتىم، ھەتتا كېيىن بۇيۇملارنىڭ بىر قىسىم ئەۋرىشكىلىرىنى ئۈرۈمچىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ ئارخېئولوگلارغا كۆرسەتتىم. ئۇلار تەكشۈرۈپ، باھالاپ، دەۋرى، يىلنامىلىرىنى بېكىتىپ بەردى. مەسىلەن، «ئارسلانخان شەھىرى» دىن تېپىلغان رەڭلىك ساپال بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت ئىكەن، لېكىن بۇ «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. مىس، تۆمۈر بۇيۇملار بىرۇنزا دەۋرىگە مەنسۇپ، رەخت پارچىلىرى، لاي قورچاق، سېغىز ھەيكەللەر، تارشا پۈتۈكلەرنىڭ مانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت نەرسىلەر ئىكەنلىكى ئېنىق، لېكىن يۇقىرىدىكى نەرسىلەرمۇ بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئەمدى جەسەتكە كەلسەك، ئۇنىڭ 26 - 30 ياشلار ئەتراپىدىكى ئايالنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، لېكىن جەسەتنىڭ ساقلانغان ۋاقتى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ بەزىلىرى 5 مىڭ يىل دېسە، بەزىلىرى 6 مىڭ يىل دېيىشىۋاتىدۇ. تېخى

www.uyghurkitap.com

پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدى، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— رەھمەت، — دېدى مۇزىپې باشلىقى مەمنۇنلۇق بىلدۇرۇپ.

نىجات سەل تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇنداق بولسا «ئارسلانخان شەھىرى» زادى قاچان، كىملەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان؟ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» دېگەن كىتابتا، «ئارسلانخان شەھىرى» غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان، دېيىلگەن. ئەمما قولىمىزدىكى پاكىتلار بۇ ھۆكۈمنى رەت قىلىدۇ.

خەنزۇ تارىخشۇناس لى شىمىڭ ئەپەندى «غەربىي رايون ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا «ئارسلانخان شەھىرى» نى تۇرالار قەبىلىسى بىنا قىلغان، دەيدۇ، ئىران شائىرى، ئاتاقلىق تارىخچى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى بۈيۈك ئەسىرى «شاھنامە» دە «پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە تۇرا قەبىلىسى پاشايتتى» دەپ يازغان، ياپونىيىلىك تارىخشۇناس ياۋزى جى تەيلاڭ «غەربىي رايون مەدەنىيەت تارىخىدىن قىسقىچە بايان» ناملىق كىتابىدا «پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىدە ئاقتۇرالار قەبىلىسى بار. ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ» دەپ يازغان، يۇقىرىدىكى ئۈچ نەپەر تارىخشۇناس ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنە تارىخقا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى بىر ئىلمىي ماقالىدە لى شىمىن، فىردەۋسى، ياۋزى جى تەيلاڭ قاتارلىق تارىخشۇناسلارنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدە «تۇرالار» دەپ ئاتالغانلىقى، «تۇرالار» جايلاشقان ئورنىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالىغا قاراپ شەرقىي تۇرالار ۋە غەربىي تۇرالار دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنگەنلىكىنى قەيت قىلغان. مۇشۇ پاكىتلاردىن قارىغاندا «ئاقتۇرالار» بىلەن «تۇرالار» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى بىر بولۇشى چوقۇم، ماقالىدە يەنە، «تۇرالار مىلادىدىن 3 ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتتىن مىلادى 3 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ھون ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە ھونلار ئىتتىپاقى تەركىبىدە تۇرغان» دېيىلگەن، بۇنىڭدىن «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلىلا بۇرۇن يەنى جۇڭگودا يىن سۇلالىسى يىمىرىلىپ جۇ سۇلالىسى باش كۆتۈرۈۋاتقان دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تارماق 18 قەبىلىسىدىكى بىر تارماق ئالتە ئۇرۇقنىڭ بىرى بولغان تۇرالار ـــ يەنى شەرقىي تۇرالار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. «تەزكىرە» دە «ئاقباشخان دەرياغا چۆكۈپ كەتكەن كارۋانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 60 پاتمان قىلچىنى سۇ ئوتتۇرىسىغا ‹ئاق!، تۇر!› دەپ ئۇردىلەر، سۇنىڭ باش تەرىپى توختاپ جىم تۇردىلەر، ئايىغى ئېقىپ كەتتىلەر، شۇنىڭدىن سۇڭ بۇ يۇرتنىڭ نامى ‹ئاقتۇر› بولدىلەر» دېگەن سۆزلەر بار. تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ يۇرتنىڭ نامى قانداقتۇر بىر ئەۋلىيانىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ئەجدادىمىز بولغان ئاقتۇرالارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى،

ناھىيىمىز بازىرىدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ 4 كىلومېتىر ماڭساق، بىر قەدىمىي خارابىغا يېتىپ بارىمىز، بۇ خارابىنىڭ ئىسمى «تۇراموُش» شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى «تۇرا» دېگەن سۆزمۇ بۇ يەردە قەدىمكى زامانلاردا تۇرالارنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسى قوغداشقا تېگىشلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىزىملىكىدە يوق بولغاچقا، ئۇنى قېزىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەنمىدى.

يىل، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاكىمىيەت شەكلى ھەر خىل بولغان ئۇششاق بەگلىكلەرنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇزى، قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن «ئارسلانخان شەھىرى» دەپ ئاتالغان بۇ شەھەر دەم گۈللىنىپ، دەم ۋەيران بولۇپ تۇرغان، شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ ياسالغان دەۋرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، يىلنامىلىرىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

«ئارسلانخان» زادى كىم، بۇ مەسىلە بەزى يولداشلارغا ئايان بولسا كېرەك، مۇھاكىمىمىزنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان بۇ شەھەر ئۆز تارىخىدا بىر قېتىم — بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولغان ئىش — شانلىق دەۋرنى باشتىن كۆچۈرگەن، شەھەرنىڭ قايتا گۈللەنگەن دەۋرىگە ئائىت پاكىتلار يەنى ئوردا-ساراي ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىزنالىرىغا قارىغاندا، بۇ شەھەرنىڭ پايتەخت بولغانلىقى ئېنىق، بۇنىڭغا ئاساس شۇكى، «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردا، «1032-يىلى يۈسۈپ قادىرخان ۋاپات بولدى ... يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلان بۇغراتېگىن قاراخان ئۇنۋانى بىلەن تەختتە ئولتۇردى. ئۇ 1032-يىلدىن 1056-يىلغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى» دېيىلگەن، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ قەدىمىي شەھەر قۇرۇلغان ۋاقىتتىن تارتىپ «ئاقتۇرا شەھىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە سۇلايمان ئارسلانبۇغرا تېگىن بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلغانلىقى سەۋەبلىك شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقى ۋە بۇ نامنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى يۇقىرىقى پاكىتلاردىن مەلۇم.

نىجات ئېغىر تىن ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆز تاشلىدى. مەجلىسخانا جىملىققا چۆكتى.

— تۈگىمىدى، — دېدى نىجات، — يولداشلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىنىغا رەھمەت.

جىمجىتلىق داۋام قىلدى. يىغىن ئەھلىنىڭ كۆز ئالدىدا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ ۋە پارلاق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆلمەس نامايەندىلىرى قۇياش نۇرىدەك ۋاللىداپ چاقناشقا باشلىدى. ئۇلار گويا نىجاتنىڭ بايانلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغاندەك، يەنە سۆز قىلىشىنى، تارىخ بەتلىرىنى توختىماي ۋاراقلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى.

تۇساتتىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى، چاۋاكلار توختىمىدى، مەجلىسخانا كاتتا مۇراسىم پەيتىدىكىدەك جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمگەنىدى، ئابدۇراھمان ھاكىم مىكرافون ئالدىدىن كېتىپ كۆپچىلىك ئارىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالغان نىجاتنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىسىۋىدى، مېھمانلار، يىغىن ئەھلى گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېلىپ نىجاتنىڭ قوللىرىغا كەينى-كەينىدىن ئېسىلدى. تەبرىك سۆز-

www.uyghurkitap.com

لىرىنى ئىزھار قىلىشتى. نىجات چولپانغا ئايلانغانىدى، مۇخبىر ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى چاراسلىتىپ سۈرەتكە تارتتى. ھەسەن مامۇتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە نىجاتنىڭ قولىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ مەھكەم سىقتى. بۇ سىقىشتا باشقىلار بىلمەيدىغان، كۆرۈپمۇ ھېس قىلالمايدىغان ئالاھىدە غەيرىي بىر مەنە بار ئىدى.

— قېنى، — دېدى ھەسەن مامۇت ئاۋازىنى چىڭ چىقىرىپ، — مۇھاكىمىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، سوئاللار بولسا سورايلى، قارشى پىكىرلەر بولسىمۇ قورقماي...

قىسقا ـ قىسقا سوئاللار بېرىلدى، نىجات بەزىلىرىگە قايىل قىلارلىق جاۋاب بەردى، بەزىلىرىگە سەمىمىيلىك بىلەن: تېخى تەكشۈرمىدىم، ئىزدىنىۋاتىمەن، تەتقىق قىلىۋاتىمەن، پاكىت يوق، كېيىنچە ئايدىڭلىششى مۇمكىن، دەپ جاۋاب بەردى. پەۋقۇلئاددە تالاش ـ تارتىش، بەس ـ مۇنازىرىلەر بولمىدى. قارشى پىكىرلەرمۇ چىقمىدى، چۈنكى سۆز ئارىسىدا ۋىلايەتتىن كەلگەن مېھمانلار پىكىر قىلىپ نىجات ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى.

— ئاخىرىدا، — دېدى نىجات ئورنىدىن تۇرۇپ، — يىغىندا يۈز تۇرانە دەيدىغان گېپىم بار.

ئابدۇراھمان ھاكىم سۆزلە دېگەندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى، ھەسەن مامۇت نىجاتنىڭ ئەپتىگە تىكىلىپلا ئولتۇراتتى.

— مەركەز، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون 1961 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىمىزدىكى ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش، قوغداش توغرىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆت قېتىم ئۇقتۇرۇش، ھۆججەت، بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلغانىدى، 1982 ـ يىلى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25 ـ سانلىق يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى»نى ماقۇللىدى. ئەپسۇسكى، ناھىيىمىزدە ھازىرغىچە يۇقىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆججەت، بەلگىلىمىلىرى، قانۇنلىرى ئىجرا قىلىنمىدى. بۈگۈن بىز تىلغا ئېلىۋاتقان قەدىمىي شەھەر ۋە باشقا يادىكارلىق ئورۇنلار داۋاملىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋەدى، مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈلمىدى، قوغداش تەدبىرلىرى كۆرۈلمىدى، بۇ جەھەتتىكى كونكرېت ئىشلارنى رەھبەرلىك ئويلىشىپ باقسىكەن.

كۆپچىلىك يەنە بىر نۆۋەت چاۋاك چالدى، ئاندىن ئابدۇراھمان ھاكىمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى:

— يولداش نىجات ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەمگىكى ئارقىلىق بىزنى خۇشال قىلدى، مەن ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت خەلقى نامىدىن نىجاتقا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەپ كۆرگىنىمدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، ياق، شەخسەن مېنىڭ بۇ ئىشتا ئاڭلىق، ئەستايىدىل بولمىغانلىقىمنى، مۇھىم مەسىلىلەرگە سەل قارىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شۇنى ئېيتىمەنكى، ھازىر ناھىيىمىزنىڭ مالىيە كۈچى ئاجىز، شۇنداقتىمۇ مەن «ئارسلانخان شەھىرى»نى قوغداشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە ئۈچ مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىمەن.

ئاسار - ئەتىقىلەرنى ساقلاش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەكشۈرۈش - تەتقىقات خىزمىتىگە لازىملىق راسخوتلارنىمۇ ئىمكان قەدەر ھەل قىلىپ بېرىشكە تىرىشىمەن، قىسقىسى بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن.

بۇ سۆزلەر تېخىمۇ قىزغىن ئالقىشلاندى، رېئال ۋە سەممىي پوزىتسىيە يىغىن ئەھلىنى تەسىرلەندۈرگەنىدى، ھەسەن مامۇت يىغىنىنىڭ ئەمدى ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى زور بىر بوران - چاپقۇننىڭ ھېچنېمىگە دەخلى قىلماستىن شەپىسىزلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئەركىن تىنىدى. نىجاتنىڭ قورقۇنچلۇق بىر گەپنى تىلغا ئالمىغانلىقى ئۆزى ئۈچۈن بۇنىدىن كېيىنكى خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى، بەختىيار، ئىناق ئائىلە ھاياتىنىڭ مەنبەسى ئىدى، رەنانىڭ مۇھەببەت، بەخت ۋە بارلىق خۇشاللىقىمۇ ئاشۇ مەنبە ئىچىدە ئىدى. ھەسەن مامۇت بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەممىگە خاتىرجەم قاراپ قويدى. كاللىسىدا ئابدۇراھمان ھاكىمنى يىغىندىن خۇلاسە چىقىرىشقا تەكلىپ قىلايمۇ ياكى ئۇنىڭ ئەمدىكى سۆزى خۇلاسە ئورنىدا بولدىمۇ ۋە ياكى تۇرغۇن رەھىمنى خۇلاسە سۆزى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلايمۇ... دېگەن خىياللار كېزىشكە باشلىدى.

— يەنە مۇنداق بىر گەپ،— چاۋاك، ئالقىشلار توختىشىغا ئابدۇراھمان ھاكىم يەنە ئېغىز ئاچتى،— خېلى بۇرۇنلا مەن، «ئارسلانخان شەھىرى» دىن ئىچىگە لىق تىللا قاچىلانغان بىر ئالتۇن قازان چىققانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلىغانىدىم، بۇ ھەقتىكى پاراڭلارنى باشقىلارمۇ ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر پاكىت تېپىلمىدى، نىجات ئالتۇن قازان توغرىسىدا ئىزدىنىپ باقتىمىكىن؟ نىجات دەسلەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يازغان دوكلاتىدا ئالتۇن قازان توغرىسىدىكى پىكرىنى قەيت قىلغانىكەن.

ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى دەپ ئويلىغان قارا بوران كۈتمىگەنىدە ھەسەن مامۇتنىڭ بېشى ئۈستىدە گۈركىرەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى نىجاتقا ئوقتەك تىكىلگەنىدى، نىجاتنىڭ كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا تېڭىرقاش ئىپادىسى بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى.

— بىزمۇ ئاڭلىغان.

— جىق ئادەم ئاڭلىغان گەپ بۇ.

— نىجات بىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ...

نىجات تېخىچە تېڭىرقايتتى، ئابدۇراھمان ھاكىم ئۇنىڭغا رەنجىگەنىدەك بىر تەرىزدە قارىدى. تۇرغۇن ۋە ۋىلايەتتىن كەلگەن مېھمانلار ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆپچىلىككە ھەم نىجاتقا قارايتتى. نىجاتنىڭ پېشانىلىرىدىن غۇژژىدە تەپچىپ چىققان تەر تامچىلىرى قېشى، بۇرنى ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. يىغىن ئەھلى ئەتىگەندىن بۇيانقى دىققىتىنى بۇزماستىن نىجاتنىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ جىم - جىم ئولتۇرۇشاتتى، مەجلىسخانىدا سۈرلۈك سۈكۈت ھۆكۈم سۈرەتتى.

— سۆزلە، ئەگەر بۇ ئىش راست بولسا ناھايىتى قىممەتلىك بىر ئاسار - ئەتىقىگە ئىگە بولغان بولىمىز، مۇبادا ئۇنى ئىگىلىۋالغانلار، يوقىتىۋەتكەنلەر بولسا قانۇنى جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇراھمان ھاكىمنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ نىجاتنىڭ كۆڭلىدە بىر دەھشەتلىك ۋەھىمە كېزىشكە باشلىدى، ھەسەن مامۇت مۇكچىيىپلا قالدى. چىرايى قارىيىپ قېلىن كالپۇكلىرى ئۇمچەيدى، كۆزلىرى گاھ نىجاتقا، گاھ يېغىن ئەھلىگە، گاھ قىزى رەناغا ئاغدۇرۇلاتتى، نىجاتقا قادالغان 100 نەچچە جۈپ كۆزدە ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى كۈچلۈك بىر بېسىم بار ئىدى. نىجاتنىڭ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك كۈچى يوق ئىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ ۋىجدانى ھەممىنى يەڭدى. ئۇ دېدىللەشتى ۋە ئالدىدىكى سومكىغا قول سوزدى، بىر تۈگۈنچەكنى ئالدى، يەشتى، چۈچۈرە چوڭلىقىدا بىرلا قۇلىقى قالغان، ئالقانچىلىك، ياپىلاق، كۆپۈنكى شەكىللىك بىر پارچە ئالتۇن ھەممە كۆزلەرنى چاقنىتىپ ئۆتتى. ھەسەن مامۇت لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى، لېكىن ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى ئالتۇن قازاندىلا بولغاچقا ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى، پەقەت رەنالا دادىسىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلغانىدى. رەنا نىجاتنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئانچە چۈشەنمەيتتى. نىجاتنىڭ قولىدىكى ئالتۇن پارچىسىنى كۆرۈپ ئۆتكەندە نىجاتنىڭ جۆيلۈمىگەنلىكىنى، راست گەپ قىلغانلىقىنى بىلدى. ئۇ دادىسىنىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ ئۆزىگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئالدىدىكى چېيى يېرىملاشقان ئىستاكاننى كۆتۈرگىنىچە چاندۇرماستىن چىقىپ كەتتى. ھەسەن مامۇت ھەممە مۇشكۇللۇكنى، شەرمەندىچىلىكنى ئۆز بېشىغا ئېلىشقا تەييارلانغان بولۇپ قىزىنىڭ ئازار يەپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

ـــ ئالتۇن قازان تېپىلغىنى راست، ـــ دېدى نىجات، ـــ ئالتۇن قازان تېپىلىپلا ئاز ئۆتمەي يوقاپ كەتكەن، قازاننىڭ قۇلىقى ئاستىدىكى مۇنۇ تامغا ئىچىگە ئويۇلغان خەتلەردىن قارىغاندا بۇ قازان بىزدە ساقلىنىۋاتقان باشقا ئاسار ـ ئەتىقىلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى قىممەتلىك.

نىجات ئالتۇن پارچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سىرتقى يۈزىنى كۆرسەتتى، ھەممەيلەننىڭ نەزەرى 𐰋𐰃𐰠𐰏𐰀:𐰴𐰍𐰣 شەكىللىك ھەرپلەرگە چۈشتى، نىجات سۆزىنى داۋام قىلدى:

ـــ بۇ تۈرك ـ رونىك يېزىقى بولۇپ ھازىرقى تىلىمىزغا تەرجىمە قىلساق «بىلگە ـ خاقان» دېگەن بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئالتۇن قازاننىڭ ھون ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ياسالغانلىقى، ئۇنىڭغا ھون شاھزادىلىرىدىن بىرسىنىڭ ئىسمى پۈتۈلگەنلىكى ۋە «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ ھون دەۋرىدە بەلگىلىك ئورۇن تۇتقانلىقى مەلۇم.

بىر پارچە ئالتۇن قولدىن ـ قولغا ئۆتتى، نىجات شۈكۈنچە بىر ئېچكى ئىزتىراپ ئىچىدە ئاچچىق يۇتۇپ جىم تۇراتتى. رەنانىڭ چىقىپ كېتىشى ھەممە ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن، يالقۇنلۇق، مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنىڭ رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئۆچۈپ بىر سىقىم كۈلگە ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. نىجاتنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ ھەمراخانىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى، ھەمراخانىم ئۇنى ئالتۇن قازان توغرىسىدا ئېغىز ئاچماسلىققا دەۋەت قىلغانىدى، كېيىن ...

ـــ ئىچىدىكى تىللالار ھەم بۇ قازاننىڭ قالغان قىسمى قېنى؟ ـــ دەپ سورىدى ئابدۇراھمان ھاكىم.

— بۇ مەسىلىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ياكى سىلىگە ئايرىم دوكلات قىلىمەن، چۈنكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بىلەن بۇ ئىشنىڭ ...

— مۇناسىۋىتى يوق دېمەكچىمۇ سەن؟ — ئابدۇراھمان ھاكىمنىڭ ئاۋازى نىجاتنى چۆچۈتىۋەتتى.

— دېسۇن.

— بىزمۇ ئاڭلايلى.

— نېمىدىن قورقىسەن، دە.

— يوشۇرىدىغان نېمىسى بار؟

مەجلىسخانا تەرەپ-تەرەپتىن ئاڭلانغان كەسكىن خىتاب سادالىرى بىلەن جانلىنىپ كەتتى. «ئاھ رەنا، — دەيتتى نىجات ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلاپ، — ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان بولدۇم. ۋىجدانىم مېنى ھەقىقەتنى ئېچىپ تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ، مەن بۇنىڭدىن باش تارتالمايمەن» نىجات ھەسەن مامۇتقا لاپپىدە قاراپ قويدى. ھەسەن مامۇت كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولۇپ مۇردىدەك قېتىپ ئولتۇراتتى، شۇ تاپتا بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئۇنىڭغا مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلاتتى.

— تىللا ۋە ئالتۇن قازاننىڭ قالغان قىسمى — ھەممىسى ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىمدا.

مەجلىسخانىغا كۈچلۈك دولقۇن ئېتىلىپ كىرگەندەك ھەممەيلەن تەۋرىنىپ كەتتى، كۆزلەر گويا نىجاتنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك بىر ئىپادە بىلەن گاھ نىجاتقا، گاھ ھەسەن مامۇتقا تىكىلەتتى. ھەسەن مامۇت كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە تاڭلىيىغا يىغىلغان بەلغەم-تۈكۈرۈكنى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ مىڭ تەسلىكتە ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاۋازى ھېلىمۇ بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك كەسكىن تەلەپپۇزدا چىقاتتى.

— تۆھمەت قىلما! سەن ئۇ چاغدا كىچىك، ھېچنېمىنى بىلمەيتتىڭ، رىشات ئەپەندى سېپىلنى كولاۋېتىپ ئالتۇن قازان تېپىۋاپتۇ، دېگەن گەپلەرنى مەنمۇ ئاڭلىغان، لېكىن بىز سورىغاندا ئىقرار قىلمىغان، بەلكىم داداڭ تىللالارنى سېتىپ خەجلىگەن بولغىيدى، قازاننىمۇ كېسىپ-پارچىلاپ ساتقان گەپ، قولۇڭدىكىسى داداڭدىن ساڭا مىراس قالغاندۇ؟!

— ئەپسۇس ... — دېدى نىجات چىرايىنى تۈرۈپ، — قىزغىن، كۆڭۈللۈك باشلانغان ئىلمىي مۇھاكىمىمىزنىڭ ئاخىرى ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىمغا بىر كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدىغان بولدى، بىراق، ھەقىقەتنى يوشۇرۇش جىنايەت بولار. تارىخ ئالدىدىمۇ شۇنداق، مەيلى، ھەممىنى دەي، — نىجات چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، ئەمدىلىكتە ئۇ رەنا، مۇھەببەت، شېرىن ئاي، بەختلىك تۇرمۇش، ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان ئىجادىي ئەمگەكلەر، مۇۋەپپەقىيەت، شان-شەرەپ ... دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقارغانىدى، — ئالتۇن قازاننى دادام تاپقانىدى، لېكىن مۇنۇ بىر پارچە ئالتۇن دادامنىڭ ماڭا قالدۇرغان مىراسى ئەمەس، بەلكى تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسى، كىمنىڭ كىمگە تۆھمەت قىلىۋاتقانلىقىنى يەنىلا پاكىت، دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن كۆرسەتكىنىمىز تۈزۈك.

نىجات يەنە سومكىسىغا قول سالدى، ھەمراخانىم بەرگەن خاتىرىنى ۋە بىرنەچچە پارچە ھۆججەتنى ئالدى.

— دادام رىشات ئەپەندى كونا بازار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىدى، 58 - يىل ئوڭچى ئۇنسۇر قالپىقى كىيدۈرۈلگەن، مەدەنىيەت زو ئىنقىلابىدا يەنە تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنغان، ئۆزىگە ئوخشاش باشقا قالپاق كىيدۈرۈلگەنلەر بىلەن بىرلىكتە نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان، شۇ چاغدا «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ سېپىلىمۇ «تۆت كونا» نى بۇزۇش دولقۇنىدا قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، دادامۇ مىنبىڭلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا سېپىل چېقىشقا قاتناشقان، تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر سېپىل چېقىپ، توپا قازغان، دادام سېپىلنى كولاۋېتىپ ئالتۇن قازان تېپىۋالغان، مانا بۇ شۇ چاغدا دادامنىڭ يېزىپ قالدۇرغىنى.

نىجات خاتىرىنى ئېچىپ ئۆتكەندە ھەمراخانىم ئوقۇپ بەرگەن قۇرلارنى قايتا ئوقۇدى، ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنلاشقا باشلىدى. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەسلىدىكى كۈنتەرتىپىگە يېڭى، غەلىتە كۈنتەرتىپلەر قوشۇلۇپ، مۇھاكىمە يىغىنى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماستىن تەبىئىي يوسۇندا شىكايەت قىلىش، پاش قىلىش، سوتلاش يىغىنىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى.

— ھەسەن ماموت مۇئاۋىن ھاكىم ياكى كۆپچىلىك خاتىرىدىكى سۆزلەرگە ئىشەنمىسە يەنە بۇ ئىسپاتلارمۇ بار، — دېدى نىجات بىر پارچە قەغەزنى پۇلاڭلىتىپ، — خاتىرىنى ۋىلايەتكە ئاپىرىپ خەتلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خىمىيىلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزدۈم، خاتىرىنىڭ قەغىزى، ئىشلىتىلگەن سىياھ خەت شەكلى، پۇچۇركا ... دادامنىڭ خاتىرىسىنىڭ باشقا بەتلىرىگە يازغان خەتلىرى بىلەن ئوخشاش چىقتى، بۇ قەغەز تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ ماڭا يېزىپ بەرگەن ئىسپاتى.

— مەن، — دېدى نىجات تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا، — كونا بازارلىق ھۆكۈمەت بىلەن ناھىيىلىك بانكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئارخىپلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم، ھەر ئىككى تەرەپتە شۈنچىلىك كۆپ، قىممەتلىك مال دۇنيانى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىك ـ ئالغانلىق توغرىسىدا ھېچقانداق ھۆججەت يوق، مانا بۇ، — دېدى نىجات يەنە ئىككى پارچە ھۆججەتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ھەرئىككى تەرەپنىڭ ماڭا بەرگەن ئىسپات خېتى، ئەينى مەزگىلدە يەنى ئالتۇن قازان تېپىۋېلىنغان چاغلاردا ھەسەن ماموت كونا بازار گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى، ھازىرقى ئىدارە باشلىقىمىز ئابدۇكېرىم ئاكا كونا بازار گۇڭشېسىنىڭ ئامبارچىسى ئىدى، شۇ چاغدا ئالتۇن قازان ھەسەن ماموت ئارقىلىق ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئامبىرىغا كىرگەن، ئەگەر ھەسەن ماموت ئالتۇن قازاننى مەن بىلمەيمەن دېسە، قېنى سابىق ئامبارچى ئابدۇكېرىم ئاكا جاۋاب بەرسۇن.

— تىلىم كۆيىدۇ، كۆيسىمۇ دەي، ئامال بولمىدى، — ئابدۇكېرىم ئاكا تەستە ئورنىدىن تۇردى، ئاۋازى بوش، زەئىپ چىقاتتى، — دەرۋەقە رىشات ئەپەندىنىڭ خاتىرىسىدىكى سۆزلەر توغرا، مەن ئامبارچى ئىدىم، 1968 - يىلى كۈزدە گۇڭشېمىزغا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى مىجىت بەختى كەلدى، ھەسەن ماموت شۇجى ئۇنى ئامبارغا باش‍

لاپ كىردى، مىجىت جۇيجاڭ ھېلىقى قازاننى كۆرەيلى، دېۋىدى، ھەسەن مامۇت شۇئان ماڭا ئىشارە قىلدى، ساندۇقنى ئاچتىم، مىجىت جۇيجاڭ گەپ قىلمايلا قوللىرىنى ساندۇققا سېلىپ ئالتۇن قازاندىن ئىككى چاڭگال تىللانى ئالدى ـ دە، يانچۇقىغا سالدى، كېيىن ئۇ كىشى ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەتتى، شۇ يىلى قىشتا ھەسەن مامۇت ماڭا تىللادىن 10 نى بېرىپ، ئالتۇن قازاننى، ئىچىدىكى قېپقالغان تىللا، زىقچە ئالتۇنلارنى ئۆيىگە ئەپكەتكەن، بارى ـ يوق ئىش شۇ.

— ئانداقتا، — ئابدۇراھمان ھاكىم نىجاتقا بۇرۇلدى، — نىجات سەن جاۋاب بەرگەنە، ئالتۇن قازاننىڭ پۇچۇقى يەنە نېمە ئۈچۈن «ئارسلانخان شەھىرى» دىن چىقىپ قالىدۇ.

— مەن ئالتۇن قازاننىڭ ھەسەن مامۇتنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئۇ كىشى بىلەن شۇ ھەقتە ئىككى قېتىم سۆزلەشكەنىدىم، ئىككىمىز ئازراق يېرىكلىشىپمۇ قالدۇق، نەتىجىدە بۇ بىر پارچە ئالتۇن كەلكۈن ئېقىپ كېلىۋاتقاندا قولۇمغا چۈشتى، بۇ توغرىدا ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىچىسى مۇختەرنىڭ تىلخېتى بار، مانا:

«مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەن مامۇت مېنى نىجاتنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە ئورۇنلاشتۇردى، مەن نىجاتنىڭ ھەممە ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم. كۈندىلىك ئەھۋالنى مۇئاۋىن ھاكىمغا دوكلات قىلىپ تۇردۇم. يامغۇر ياغقان كۈنى نىجات خارابىلىقتا كەلكۈن بىلەن ئېلىشتى. كېيىن مەن ئۇنىڭ لاي يۇقى بىر بولاقنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە مۇئاۋىن ھاكىمغا كۆرگەنلىرىمنى دوكلات قىلدىم، مۇئاۋىن ھاكىم: ئەمدى ئۇنى كۆزەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، دېدى. نىجاتنىڭ قولىدىكى نەرسىنىڭ ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىمغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

مۇختەر

1989 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.»

— مېنىڭچە، — يىغىن جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر جىم ئولتۇرغان تۇرغۇن رەھىم مۇئاۋىن شۇجى سۆز ئالدى، — رىشات ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىمۇ ئاشۇ ئالتۇن قازان بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

— بۇ ھەقتىمۇ ھۆججەت بار، — نىجات خاتىرىنى يەنە ئاچتى، بۇ مىنبىڭ لىيەنجاڭنىڭ كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقاندا رۇقىيەمگە دېگەن، كېيىن ھەمراخانىم ئاڭلاپ كېلىپ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ خاتىرىگە يازدۇرۇۋالغان ئىقرار نامە ئىدى، — نىجات ئوقۇشقا باشلىدى:

«شۇ چاغدا، ھەسەن مامۇت شۇجى: ‹ئاڭلىسام ھېلىقى ئوكچى ئۇنسۇر سېپىل ئاستىدىن ئالتۇن قازان تېپىۋالغانلىقىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە دەپ يۈرۈپتۇ، ئۇ كۇسپۇرۇچنى كۆزدىن نېرى قىلىۋېتىڭلار› دېدى. بىر كۈنى مەن رىشات ئەپەندىنى سېپىلنىڭ تازا تىك يېرىنىڭ ئاستىنى كولاشقا بۇيرۇدۇم، سېپىلنىڭ بىر بۆلىكى ئاجراشقا باشلىغاندا مەن ئۈستە-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دىن بىر كوچەپلا ئىتتەردىم، گۈپ قىلىپلا چۈشتى، ئەپەندىم تېگىدە قالدى. ئېسىمدە قېلىشىچە بۇ 67 ـ يىلى يازدا بولغان ئىش، ئاردىن شۇنچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىدىم، لېكىن، قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس بولۇپ قالغاندىن بىرى ئەپەندىمنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ كىشىنىڭ قىساسى مېنى تۇتتى دەپ پەرەز قىلدىم. مەن گۇناھكار، مەن قاتىل، خۇدايىم مېنى جازالاۋاتىدۇ، مانا، ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن، ئۆلۈپ كېتىشكە كۆزۈم يەتتى، بۇنداق ئازابىنى، بۇنداق جازانى تارتقۇچە بىر يولى ئۆلگىنۈممۇ ياخشى.

كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم.

سادىق ھوشۇر


1984 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.»

ـــ سادىق ھوشۇر شۇ چاغدا ھەسەن ماموتنىڭ قول ئاستىدىكى بىر چاپارمەن ئىكەن، بەلكىم ئۇنىڭ خېتىنى ھەسەن ماموت تونۇسا كېرەك.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاخىرلاشقاندا ناماز دىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. نىجات خۇشال ھالدا ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۆكتەبىر قۇياشى پامىر چوققىلىرىدىكى قارلارنى كۆمۈشتەك يالتىرىتىپ تاۋلاپ تۇراتتى. نىجات قۇياشقا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى. قۇياش ئۇنىڭغا ئالتۇن قازان بولۇپ كۆرۈندى. قۇياش بىردىنلا ھېلىقى يامغۇرلۇق كۈندىكى غايەت زور ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئايلاندى، ھەسەن ـ ھۈسەن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچىلا يەنە قۇياشقا ئايلاندى. قۇياش قېتىپ قالغاندەك، ئۇپۇققا ـــ ئۇۋۇسىغا پاتماستىن مەڭگۈ ئاشۇ پېتى قېتىپ تۇرىۋېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

(تۈگىدى)

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان



ھىمىت مەخسۇت

# بۈرچ

(ھېكايە)

## 1

تاغ ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى تاش يولدا ئىككى ماشىنا كېتىپ باراتتى. ئالدىدا ماڭغان ساۋۇت ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان خېلىلغا مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار مۇھىم ۋەزىپە بىلەن ئالغا ئىرىپ قايىتقانىدى. يول ئۇلار ئۈچۈن بەش قولدەك تونۇش بولسىمۇ، سېگنال ئارقىلىق بىخەتەر كېلىۋاتقانلىقىنى بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئېغىر يۈك بىلەن ئۇزۇن مۇساپىگە تالاي قېتىم بىللە ئىرىپ بىللە قايىتقان، خەتەرلىك داۋانلار ئاشقاندا، تومۇز ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇقتا بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن قەدىردان دوستلاردىن ئىدى. ماشىنىلىرىدىن چاتاق چىققاندا بىر - بىرىگە قانچە قېتىم ھەمدەم بولغىنىنى ساناپمۇ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

ساۋۇت بىلەن خېلىل بىر مەھەللىدە تۇغۇلغان بولۇپ، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينايدىغان چېغىدىلا بىر - بىرىنىڭ بويىغا گىرە سېلىشىپ: «ئاداش - ئاداش بولايلى، بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى» دەپ چىمچىلاقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ دوستمۇ بولۇشقانىدى. تۇرۇپلا نېمىنىدۇر تالىشىپ چۆجە خورازدەك سوقۇشاتتى - دە، ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىشاتتى. يەنە ھەش - پەش دېگۈچە ئەپلىشىپ، لاي سۇغا بىللە چۆمۈلەتتى. بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا زادىلا كۆزى قىيمايتتى. ئۇلار ئەمدى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ساۋۇتنىڭ ئانىسى قارا كېزىك بىلەن قازا قىلدى. ئۇنىڭ دادىسى «بۇ يۇرت ماڭا ياراشمىدى» دەپ غۇلجىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا كېتىشكە يولغا چىققاندا، ساۋۇت بىلەن خېلىل بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاپ، ئايرىلغىلى ئۇنىماي، ھەممە ئادەمنى يىغلىتىۋەتكەنىدى. دادىسى ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ بىر ھەپتە كېچىكىپ يولغا چىققانىدى.

پۈتتۈشۈپ قويغاندەك ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، شوپۇرلۇق مەكتىپىدە يەنە تېپىشتى. ساۋۇت دادىسىدەك دىقماق، يۇمىلاق يۈز، يوغان كۆز، ئاق - سېرىق ئادەم بوپتۇ. خېلىل بولسا ئۇنىڭدىن ئېگىز، قاڭشارلىق، قاشلىرى شالاڭ، ئورۇق، ئەمما بەستىدىن كۈچ يېغىپ تۇرىدىغان ئۇستىخانلىق يىگىت ئىدى. ئۇلار بىر سىنىپ، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مانا ئەمدى بىر ئىدارىدا ئىشلەۋاتقىنىغا 15 يىل بولدى.

بۈگۈن ئۇلار قىيىن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ يولغا چىققان 5 - كۈنى ئىدى. سا-

ۋۇت چارچىغىنىغا قارىماي، چىۋەر قوللىرى بىلەن رولنى قاماپ تۇتقىنىچە گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا بۇرايتتى. ئۇ ئالدىغا سەل ئېگىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇيقۇسىراپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن يولغا تىكىلىپ، گويا ئۇۋغا يولۇققان بۈركۈتتەك بويۇنداپ قارايتتى. يولنىڭ ھەر بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى كۆرسىتىدىغان بەلگىنى كۆرگەندە چاققانلىق بىلەن سىگنال بېرىپ تورمۇز قىلاتتى. ماشىنا ئۇنىڭغا ئىتائەتچانلىق بىلەن بويسۇنۇپ، پۇسىدە يەل قويۇۋېتىپ، چىپپىدە توختابتتى. ئۇ يەنە رولنى بۇراپ، خەتەرلىك ئۆتكەللەردىن غۇيۇلداپ ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتى.

«كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە سۇنىدۇ» دېگەندەك، 15 يىل بىخەتەر قاتناشقان ساۋۇت مانا بۈگۈن خەتەرگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى دوقمۇشتا چوقچىيىپ تۇرغان قىزغۇچ قىيا تاشنىڭ كەينىدىن ئالتە تونىلىق ياپون ماشىنىسى قۇيۇندەك چىقىپ كەلدى-دە، ساۋۇتنىڭ ماشىنىسىنى جاك قىلىپ سوقۇپ ئۆتۈپ، ياندىكى تاشقا ئۇرۇلۇپ ماكچىيىپ توختىدى...

خېلىل يېتىپ كەلگەندە ساۋۇت رولدا دۇم ياتاتتى. ئۇنىڭ سول پۇتى ئېزىلىپ، سول قولى جەينىكىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئاداش ... باللىرىم... — دېدى ئۇ خېلىلنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلىتىپ. ئۇ يەنە قانداقتۇر بىر نېمە دېمەكچى بولدى-يۇ، لېكىن گېپىنى ئېيتالماي ھوشىدىن كەتتى.

2

ساۋۇتنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دوختۇر ئۇنىڭ ئېزىلگەن پۇتىنى كېسەۋەتتى. بىر پۇت، بىر قولىدىن ئايرىلغان دوستىنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرۈپ خېلىلنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاقاتتى. ئامال قانچە؟ يىغا بىلەن ئىش ھەل بولمايتتى. ئۇ دوستلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئىككى ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. ئۇ ھەر قېتىم سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ساۋۇت بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭاتتى. قايتقاندا ئۇلارنىڭ كەم-كۈسىلىرىنى تولۇقلىغاچ كېلەتتى. مۇھتاجلىق ۋە غەمخورلۇق بۇ ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنى يىللىق ھېسسىيات سۈيى بىلەن سۇغىرىپ، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قىلىۋەتتى. ساۋۇتنىڭ كىچىك قىزى خېلىلنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى. خېلىلنىڭ ئوغلى ساۋۇتنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى. خېلىل ھەر قېتىم سەپەردىن كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئوغلى بىلەن ساۋۇتنىڭ كىچىك قىزىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالاتتى-دە، مەڭزىلىرىگە ساقاللىرىنى سۈركەپ ئەركىلىتەتتى.

ئەمما بۇ يېقىنلىق ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. تۇرمۇش دولقۇنلىرى بۇ تىنچ ئېقىننى ئارامىدا قويمىدى. بىر كۈنى ساۋۇتنىڭ خوتۇنى ھۆرىخان تونۇرغا ئوت سېلىۋېتىپ، خېلىلنىڭ خوتۇنى نۇسرەتنىڭ چالۋاقاپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى:

— سەن كىمنى كۆزۈڭگە ئىلمايسەن؟ ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ خەقنىڭ ئۆيىدىن چىقمايسەن، مەقسىتىڭ نېمە؟ ئۇنىڭ مايلىق توقچى ئەقلىڭنى بۇلغىۋەتتىمۇ-يە؟!...

بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى.

بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئىدارە خېلىلغا يۈك توشۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. نۇسرەت ئېغىر ئاياغ بولغاچقا، ھۆرىخان يول تەييارلىقىنى قىلىپ مايلىق

توقاچ يېقىپ بەردى. شۇ كۈندىن باشلاپ
نۇسرەتنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، ھۆرىخاننى
كۆرسىلا قاپىقىدىن قار ياغىدىغان بولۇۋالدى.
ئۇنى ئاز دېگەندەك، خېلىل ۋەزىپىنى تۈ-
گىتىپ قايتقاندا ئىككى تاغار قوغۇن ئال-
غاچ كەلگەندى. ئۇنىڭ بىر تاغىرىنى سا-
ۋۇتقا چۈشۈرۈپ بەردى. بۇنى كۆرگەن
نۇسرەتنىڭ ئىچىگە ئوت كەتكەندەك بولدى.
مانا بۈگۈن خېلىلنىڭ يەنە ۋەزىپە بىلەن
يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ نۇسرەت نې-
مىندۇر باھانە قىلىپ، خېلىلنى خېلى ئۇ-
زۇنغىچە تىللاپ چىقتى.
— ھەي، ئىزا تارت! — دەيتتى
خېلىل خىجىللىقتىن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇ-
تۇپ، — ساۋۇتنى ئايا! ئۇ ئاڭلىسا تېخىمۇ
ئازابلىنىدۇ!
—نېمە؟ ئازابلىنىدۇ؟ خوتۇنى ئاغ-
رىسى بىلەن ئوينىسا ئازابلانمايدۇ-يۇ، مەن
بۇزۇقچىلىقنى توسسام ئازابلىنامدىكەن؟! —
دېدى نۇسرەت ئىككى قولىنى بېقىنىغا تې-
رىگەن ھالدا سۆزلەپ. ئۇنىڭ كۆزىدىن
تاراملاپ ئاققان ياش چالپاق-چالپاق داغ
چۈشكەن يۈزىدىن سىيرىلىپ جاۋغايلىرىغا
كىرىپ كېتىۋاتاتتى. خېلىل ئۆيىنى تاشلاپ
چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئاي-كۈنى يېقىن-
لاشقانسېرى نۇسرەتنىڭ مىجەزى تولىمۇ
چۈسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خېلىلنى كۆر-
مىسە بېسىقىپ قالاتتى.
تام قوشنا بولغاچقا ھۆرىخان ھەممە
گەپنى ئېنىق ئاڭلىدى. بىر پارچە
ئوت ئۇنىڭ پېشانىسىدىن كىرىپ، تاپىنى-
دىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ يۈگۈ-
رۈپ كىرگىنىچە كارىۋاتتا ياتقان ساۋۇتنىڭ
ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ پاكىزدە يىغلىۋەتتى.
— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ساۋۇت
ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ، — يىغلىما،
مەن ساپ-ساق تۇرسام نېمىگە يىغلايسەن؟
مېنى ئازابلىماسۇن دېسەڭ يىغلىما!
— بىز بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتەيلى،
يىراقراق كېتەيلى. مەن سىزنى بىر ئۆمۈر
كۆڭلىڭىزدىكىدەك كۈتسەمەن، ئوبدان ساۋۇ-
تۇم ماقۇل دەڭ! مېنىڭ گېپىمگە كىرىڭ!
— ھۆرىخان نېمە بولدۇڭ؟ نېمانچە
يىغلايسەن؟ دېگىنە ساڭا كىم ئازار بەردى؟!
— ياق كۆڭلىڭىزنى يارا قىلىدىغان بۇ
گەپلەرنى سىز ئاڭلىماڭ. بۇ زەھەرنى مەنلا
يۇتۇۋېتەي، سىزنىڭ ئازابىڭىز يېتىپ ئاش-
تۇ، پەقەت ماڭا كۆچۈپ كېتىشكە ۋەدە
بېرىڭ! — ھۆرىخان يەنە ئىچى-ئىچىدىن
ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.
— ھۆرىخان، سەن مېنى ئايايمەن
دەپ ئازابلاۋاتىسەن، — دېدى ساۋۇت ئۇلۇغ-
كىچىك تىنىپ، — سەن بۇنداق يىغلاۋەر-
سەڭ، مەن يا سېنىڭ ئىچىڭدىكىنى
تاپالمىسام.
ھۆرىخان دېمىسە بولمايدىغان يەرگە
يەتتى. ئۇ مىشىلداپ تۇرۇپ ئاڭلىغان گەپ-
لىرىنىڭ ھەممىسىنى دېدى-دە، ئاخىرىدا
ئۇنى سىلىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا
باشلىدى.
— شۇنچىلىك ئىشمىدى، — دېدى سا-
ۋۇت ئۇنىڭ ياشلىرىنى قولى بىلەن سۈر-
تۈپ، يۈزىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاپ
تۇرۇپ، — سەن ماڭا ئاق، مەن ساڭا ئىش-
نىمەن، سەندەك خوتۇنۇم بولغىنى ئۈچۈن
پۇت-قولۇم كەم بولسىمۇ، يۈرىكىم پۈتۈن!
سەن نۇسرەتنىڭ گېپىنى ئېغىر ئالما، ئۇ
تولغاقنىڭ شەپىسى.
— ياق، ساۋۇتۇم، مېنىڭ كارىم
چاغلىق، سىزنى ئايىسا بولمامدۇ؟!

www.uyghurkitap.com

ساۋۇت يەنە چۈشەندۈرۈپ ئۇزاق سۆزلىدى.

— ھۆرىخان ئۆزۈڭ ئېيتاتتىڭغۇ، «ئايالىڭلارنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاشقاندا ئەرلەر قۇلىقىڭلارنى ئېتىۋېلىپ، گاچا بولىۋېلىڭلار» دەپ، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭكىنى ئۇنتۇپ قالما...

ساۋۇتنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا ھۆرىخان ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىۋالدى. ئەمدى ئۇ يالىلىق تەبەسسۇم بىلەن ساۋۇتقا تىكىلىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلىماقتا ئىدى. غۇۋا كۈلكە قونغان ياقۇتتەك لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بوش ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ چاغدا نېمە بولغانتىمكىن-تاڭ! — دېدى.

بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ھۆرىخان تۇنجى قىزىغا ھامىلدار بولغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ساۋۇتنى ئۆزىدىن سەت بىر خوتۇندىن كۈنلەپ، نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپ قوغلاپ چىقارغان، تېخى ئۇنى ئاز دەپ يوتقان-كۆرپىلەرگە ئوت قويۇۋەتكەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى ساۋۇت ھويلىغا مۆكۈنۈۋالغاچقا، ۋاقتىدا كىرىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغان، بولمىسا نېمە ئىشلار بولاتتىكىن. ھۆرىخان يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئويلىسىلا ئىزا تارتىپ ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتەتتى. ھازىرمۇ ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن ساۋۇتنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئىندىمەي يېتىۋالدى.

3

خېلىل نۇسرەتنى ھۆرىخانغا تاپىلاپ يولغا چىقىپ كەتتى.

خېلىل كېتىپ 3-كۈنى يېرىم كېچىدە نۇسرەتنىڭ تولغىقى تۇتتى. ھۆرىخاننى چاقىرىشقا ئۇنىڭ كۈندەشلىكى يول قويمىدى. ئۇنىڭ ھەمراھ بولۇپ بىللە قونۇشىنى رەت قىلغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ قورسىقىنى تۇتقىنىچە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭماقتا ئىدى. دوختۇرخانا يىراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىشقاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ ئاستا بېرىپ چىراغنى ياندۇردى-دە، تىمسىقىلاپ ئىزدەپ، ساندۇق كەينىدىن بىر تال تاننى تاپتى ۋە تورۇستىكى ئىلغۇچقا تەسلىكتە ئىلدى.

— ئاھ خۇدا، — دېدى ئۇ تولغاق ئازابىغا چىدىماي، — ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن!

تۇرۇپ ئاغرىقى پەسلەپ قالاتتى. «ھۆرەكنى چاقىرايمۇ-يە، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ، — ياق، دۈشمىنىمنىڭ ئالدىدا ۋاي داتلاپ ئۇنى خۇش قىلاتتىممۇ، نېمە بولسام ئۆزۈم بولاي.» ئۇ تاننىڭ ئاستىغا كۆرپە سالدى. بالىغا زاكا تەييارلىدى. ھەتتا كىندىك كېسىدىغان قايچىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى.

تولغاق يەنە باشلاندى. ئەمدى ئۇ چىدىيالماي ۋايجانلاشقا باشلىدى. تانىغا ئېسىلىپ ئۆزىنى ئىككى تەرەپكە تاشلاپ كۆچەپ ئىنجىقلايتتى. بىر پەستىن كېيىن ئاغرىق پەسلەپ قالدى. ئۇ ئەمدى ھەدەپ خېلىلنى تىللاشقا باشلىدى.

— بىلىپ تۇرۇپ مېنى تاشلاپ كەتكىنىڭ ئۈچۈن ماشىناڭ ئاغدۇرۇلۇپ ئۆلەرسەن، ئىلاھىم! خۇدا ئاسانلىقنى بەرسە مەنمۇ ئامان-ئېسەن بوشىنارمەن، ئالدىمغا يۈزۈڭنى داپتەك قىلىپ كېلەرسەن يەنە؟! خەپ، توختاپ تۇر!

ئۇنىڭ قورسىقى يەنە ئاغرىشقا باشلىدى. پۈتۈن ئىچ ـ باغرى گويا تويلىشىپ تۈۋەنگە قاراپ ئېقىۋاتقان تۇرمەلدەك تولۇلۇپ تولغىماقتا ئىدى. ئەمدى ئۇ چىدىماي تانىغا ئېسىلىپ قاتتىق چىرقىرىۋەتتى. ئوغلى چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، قورقىنىدىن يىغلاشقا باشلىدى، ئۇ قارا تەرگە چۆمگەنىدى. ئۆزىنى سىلكىپ كۈچەپ ئىنجىقلىغانىدى، تانا ۋارس قىلىپ ئۈزۈلدى ـ دە، نۇسرەت گۈپ قىلىپ يەرگە يىقىلدى...

ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ھۆرىخان بىلەن ساۋۇت تەڭلا ئويغىنىپ كەتتى. ھۆرىخان ئۆيدىن چىققاندا قاتتىق چاقماق چېقىپ، يامغۇر تېخىمۇ قاتتىق ياغماقتا ئىدى. ئۇ بىرىپ ئىشىكنى تارتتى. ئىشىك ئىچىدىن ئىلىقلىق ئىدى. شۇ ئەسنادا نۇسرەتنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھۆرىخان چەبدەسلىك بىلەن دېرىزىنىڭ تۈۋەن كۆزنىكىنى ئۇرۇپ چاقتى ـ دە، ئۆيگە كىردى. ئۇ كىرگەندە نۇسرەت ھوشسىز سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ھۆرىخان نۇسرەتنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. كالپۇكىنى ئۇۋۇلىدى، خېلى ئۇزۇن ھەپىلەشكەندىن كېيىن نۇسرەت خىرت قىلىپ تىنىپ، ھوشىغا كەلدى ۋە كۆزىنى يوغان ئېچىپ ھۆرىخاننى كۆرۈپ ئالايدى.

— ھوي ئىپلاس چىق ئۆيدىن! — دېدى ـ يۇ، يەنە ھوشىدىن كەتتى. ھۆرىخان قىلچە ئېغىر ئالماستىن ئۆزى بىلىدىغان بارلىق ئامالالارنى ئىشلەتتى، بولمىدى. ھۆرىخان ئۇنى ئاستا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئوقتەك ئېتىلىپ تالاغا چىقتى ـ دە، قەيەردىندۇر قول ھارۋىسى تېپىپ كەلدى. ئاندىن نۇسرەتنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

4

دوختۇرلار ئوپېراتسىيە قىلىپ بالىنى ئالغاندا، بالا ئۆلۈك ئىدى. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، تانا ئۈزۈلۈپ نۇسرەت يىقىلغاندا بالا زەخىملەنگەن ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن نۇسرەت كۈندىن كۈنگە ھالسىزلىنىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

— ھۆرىخان ھەر قانداق ئاداۋەتنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋەت، نۇسرەتكە ئۆزىنىڭ ئانىسىدەك قارا، شۇنداق قىلساڭ مەن سەندىن ئۆمۈرۋايەت رازى بولىمەن، — دەيتتى ساۋۇت ھەر كۈنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ھۆرىخان ئاپتاپتەك چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەپ. ئۇ ساۋۇتقا تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى.

ھۆرىخان ئىككى ئائىلىنىڭ ئاياللارغا خاس ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ئۈلگۈردى. ساۋۇت خېلىل ئەكىلىپ بەرگەن ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت بىلەن ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقىدا بالىلارغا قارىغاچ كۈندىلىك ئىشلارنى پىلانلايتتى. دوستلۇق رىشتى بىلەن باغلانغان بۇ ئىككى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر كۈلپەت، ئاچچىق ئازابلىرى بىلەن تولغان دولقۇنلىرىنى يېڭىپ، ھايات دېڭىزىدا خاتىرجەم ۋە ئەركىن ئۈزمەكتە ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

تاھىر تالىپ

# «جەننەت» كە ئەڭ يېقىن جايدا

(ئەدەبىي ئاخبارات)

قەشقەردىن قونجىراپ ئېغىزىغىچە 420 كىلومېتىر، قونجىراپتىن قەشقەرگىچە 420 كىلومېتىر. لېكىن بۇ يول ئادەتتىكى يول ئەمەس، بەلكى جۇڭگونى جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ... دىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ ئېگىز خەلقئارالىق تاشيول. ئافرىقىلىقلار، ياۋروپالىقلار ۋە ئامېرىكىلىقلارمۇ بۇ يول ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلەلەيدۇ؛ جۇڭگولۇقلارمۇ بۇ يول ئارقىلىق مەككە، مەدىنىلەرگە، ئافرىقىغا، ياۋروپاغا بارالايدۇ.

ئابلىز ماموت بۇ يولدا سانسىز قېتىم قاتنىغان، قونجىراب ئېغىزىغا كۆپ قېتىم بارغان، ھەر قېتىم بارغىنىدا قونجىراپ ئېغىزىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى قاراتاشنى ئۇزاق-ئۇزاق قۇچاقلىغان، سۆيگەن، تاش ئۈستىگە نۇرغۇن ياش تۆككەن ... ھەتتا 1986-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى جۇڭگو-پاكىستان چېگرىسىدىكى بۇ ئېغىز ئۈچىنچى دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەن كۈنىمۇ، ئۇ جۇڭگو تەرەپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارى سۈپىتىدە لېنتا كېسىش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋېتىپ، ئاشۇ تاشقا باغرىنى ياققان، ئاشۇ تاشنى سۆيگەن، ئاشۇ تاشنى كۆز ياشلىرى بىلەن ھۆللىگەن ... ئۇ مۇشۇ يولنى لايىھىلەش، ياساش، ئاسراش ئىشلىرىغا باشتىن-ئاخىر قاتناشقانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق قىلامدۇ؟ ياق، بۇ يەردە ئادەمنى بۇقۇلدىتىپ يىغلاتقۇدەك ئۇنتۇلغۇسىز ۋەقەلەر يۈز بەرگەن.

* * *

1948-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى. قار ئۇچقۇنداپ ئىزغىرىن شامال سۆڭەككە سانجىلىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇغقانلىرى بىلەن بىللە تاغ-داۋان، چۆل-ئېدىرلاردا ئۇزاق سەپەر قىلىپ ھالى قالمىغان 10 ياشلىق ئابلىز مىڭ تەسلىكتە دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆمىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن ئەنە شۇ قارا تاشقا يېپىشتى ھەمدە: «ئېھ، ئانا يۇرت! سېنى ئاخىر تاپتۇق، بىزنىڭمۇ ئۆز يۇرتىمىز، ئۆز ۋەتىنىمىز بار بولدى! ...» دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ تاشنى بىر كېچە قۇچاقلاپ ياتتى.

ئۇنىڭ ئانىسى، ئىككىنچى ئاكىسى ۋە ئاچىسىمۇ كېچىچە يىغلاپ چىقتى.

ئۇلار قەشقەرلىك بولۇپ، قەشقەردە خېلى كەڭ-كۇشادە ئۆي-جايلىرى بار ئىدى.

قەشقەردە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق يېغىلىقتا ئابلىزنىڭ دادىسى مامۇت ئاكىنىڭ ۋە پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ هاياتى خەۋپ ئاستىدا قالىدى. ئۇلار جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ هىندىستان، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق جايلاردا بىرنەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ يۈردى، ئاخىرى، هىندىستاننىڭ بومباي دېگەن شەهىرىدە تۇرۇپ قالدى.

ئابلىز ئەنە شۇ ئادەم مىغىلدايدىغان يات شەهەردە تۇغۇلدى. ئۇ ئەقلىنى تاپقان مەزگىللەردە ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان تىل بىلەن سىرتتا ئىشلىتىلىدىغان تىلنىڭ تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېزىپ، هەيران بولدى هەمدە ئۆزىمۇ ئوردۇ تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالدى. ئەپسۇسكى، كوچىدىكى تەڭتۇشلىرى ئۇنى كۆرگەن هامان: «قەشقىرى! قەشقىرى!» دەپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى. ئابلىز هېلىقى بالىلارنىڭ «قەشقىرى» دېگەن سۆزنى هاقارەت ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— ئانا، — دەپ سورىدى ئۇ بىر كۈنى ئانىسىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويۇپ، — بىزنىڭ ئۆز يۇرتىمىز يوقمۇ؟

— بار، بالام، بار. بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز جۇڭگو، ئانا يۇرتىمىز — قەشقەر.

— ئۇنداقتا بىز نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالغان؟

— ئۇ چاغدا بىر توپ غالچىر قاراقچىلار زورلۇق، زومبۇلۇق قىلىپ، قەشقەردە ئادەم ئۆلتۈرگەن، داداڭنىمۇ تۇتماقچى بولغانىدى، شۇڭا بىز قېچىپ چىققان ...

— ئانا، قەشقەرمۇ مۇشۇنداق ئىسسىقمۇ؟

— ياق، قەشقەر بۇنداق ئىسسىق ئەمەس، قىش كەلگەندە تېخى قار ياغىدۇ.

— قار دېگەن قانداق بولىدۇ؟

— قار دېگەن ئاپئاق، يۇمشاق، سوغۇق بولىدۇ.

— ئانا، قەشقەردە سۇ بارمۇ؟

— بار، بالام، بار. يولبويى شارقىراپ ئاقىدىغان ئەزىم دەريالار بار.

— قەشقەردە يەنە نېمىلەر بار؟

— بىزنىڭ هويلا - ئارام، باغ - ۋارانلىرىمىز بار. بېغىمىزدا شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت، ئۈزۈم، ئانار، گىلاس، ئەنجۈر ... لەر بار.

— ئۇ يەردە هازىرمۇ يېغىلىق بولۇۋېتىپتىمۇ؟

— ئاڭلىشىمىزچە، يېغىلىق توختاپتىمىش.

— ئەمىسە نېمىشقا كەتمەيمىز؟ كېتەيلى ئانا، قەشقەرگە كېتەيلى! خەق بۇ يەردە مېنى «قەشقىرى» دەپ هاقارەت قىلىدىكەن.

— كېتەيلى، بالام، كېتەيلى. سېنى ئابلىز دەپ ئاتايدىغان ئانا يۇرتىمىزغا كېتەيلى ...

— ئوبدان ئانام ...

* * *

چاترال دېگەن يەردە نۇرغۇن ئېتى بار بىر سودا كارۋىنى بولۇپ، كارۋان بېشى قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئىدى. مامۇت ئاكا ئۇلارنىڭ 13 ئېتى بىلەن بىر ئېشىكىنى يالىدى -

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دە، خوتۇنى ۋە باللىرىنى قەشقەرگە يولغا سالدى.

مامۇت ئاكا بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئابلىزنىڭ ئانىسى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرى مامۇت ئاكا بىلەن ھازا ئاچقاندەك يىغلىشىپ خوشلاشتى.

ئۇلار قونجىراپ داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغان چاغدا، ئابلىزنىڭ ئانىسى يىغلىۋەتتى. ئابلىز بولسا خۇشاللىقىدىن ئاپئاق قار ئۈستىدە يۇمۇلايتتى، موللاق ئاتاتتى، قارلارنى ئۇچۇملاپ يەيتتى.

بىر كۈنى ئۇلار كىيىم ـ كېچەككە ئوزۇق ـ تۈلۈك تېگىشىش ئۈچۈن تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان بىر يېزىغا باردى. ئابلىز قەھرىتان سوغۇق كۈنلەردىمۇ تاجىك باللىرىنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالدا يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئەجەبلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردىكىلەر بىر خىش چايغا بىر قوي، بىر تال يىڭنىگە بىر كاللەك قۇرۇت تېگىشىپ بېرەتتى.

— ئانا، — دېدى ئابلىز ھەيران بولۇپ، — بۇ ھېچقانداق مال تېپىلمايدىغان يەركەنغۇ؟ ئۇلار نېمىشقا بۇنچىلا كەمبەغەل؟

— يول بولمىغاندىكىن، مال ئېپكەلگىلى بولمايدۇ ـ دە، بالام.

سەبىي ئابلىز كۆزلىرىنى چىملداتقىنىچە ئۇزاققىچە گەپ قىلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر گۈزەل ئارزۇ پارلاۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

— ئانا، مەن چوڭ بولغاندا مۇشۇ يەرگە بىر چوڭ يول ياساپ، تاجىكلارغا چاي ۋە كىيىم ـ كېچەك توشۇپ بېرەي. بىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ دادامنى، ھاممامنى، چوڭ ئاچامنى، كىچىك ئاكامنى ۋە سىڭلىمنى قايتۇرۇپ كېلەيلى. ماقۇلمۇ؟

ئانا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بەخت يېشى تۆكۈلۈۋاتاتتى.

* * *

بىزدە «ياخشى نىيەت — يېرىم دۆلەت» دېگەن گەپ بار. بۇ يەردىكى «يېرىم» لىق ياخشى نىيەتنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەپسۇسكى، كۆپ ھاللاردا، خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ «يېرىم» مۇ كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئابلىز مامۇتنىڭ سەبىي قەلبىگە يىلتىز تارتقان «يولچى» بولۇش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ قالغانلىقىنى «مۆقەررەرلىك» دېمەي «تاسادىپىيلىق» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىپ گەتكىلى تاس قالغانىدى. لېكىن، ئۇ باشقىلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى ۋە ياردىمى ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىنى «قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.»

1951 ـ يىلى ئابلىز قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتاتتى. شۇ چاغدا شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلار كېلىپ قالدى. ئابلىز ئوغرىلىقچە ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈپ، بۇ مەكتەپتە بوغالتىرىيە، ئىبابەتچىلىك، قانۇن، قاتناش قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. بولۇپمۇ، «قاتناش» كەسپىدە مەخسۇس يول ياساش تېخنىكىسى ئۆگىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن ئابلىزنىڭ يۈرىكىنى ياپىرىتىۋەتتى. ئابلىز يەنە «ئوغرىلىقچە» تىزىمغا ئالدۇردى ھەمدە ئىمتىھاندىن ۋىلايەت بويىچە ئىككىنچى بولۇپ ئۆتتى.

لېكىن ئابلىزنىڭ كادىرلار مەكتىپىگە بېرىشىغا دارىلمۇئەللىمىن رەھبەرلىرى قوشۇل-

ىمدى. بۇ چاغدا يەنىلا كادىرلار مەكتىپىدىن كەلگەنلەر ئەقىل كۆرسەتتى:

— بىز ئۆرۈمچىگە ماڭىدىغان كۈنى سىز سەھەر تۇرۇپ، يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنى بىزنىڭ ئاپتوموبىلىمىزغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىڭىز ئايرودروم يېنىدىكى يولدا كۈتۈپ تۇرۇڭ ...

ئابلىز ئۇلارنىڭ ئۆگەتكىنىدەك قىلدى.

گۈزەل ئارزۇ ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت، قول - قانات بولدى. شۇڭا، ئۇ قەشقەر - ئۆرۈمچى ئارىلىقىدىكى يىراق، مۈشكۈل سەپەردىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى؛ ئوقۇش جەريانىدىكى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىدى. 1953 – يىلى ئابلىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنى شىمالىي شىنجاڭدىكى چۆل - جەزىرىلەردە يول ئۆلچەش - لايىھەلەشكە ئەۋەتتى. ئۇ بىر كۈنى ئەترەت باشلىقىدىن:

— ئەترەت باشلىقى، بىز جەزىرىلەردە قاچانغىچە تۇرىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئەترەت باشلىقى ھەيران بولۇپ، — جاپادىن قورقۇۋاتامسەن؟

— ياق! مەن باشقا بىر يول ياسىماقچىدىم ...

— شىنجاڭ دېگەننىڭ ئېتىكى كەڭ، ساڭا يېتىپ ئاشىدۇ. ھە، نەگە يول ياسىماقچىدىڭ؟

— پامىرغا! تاشيولنى پامىرغا تۇتاشتۇرماقچىدىم.

— نېمە سەۋەبتىن بۇ نىيەتكە كېلىپ قالدىڭ؟

ئابلىز ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئەترەت باشلىقىغا تىكىلدى، لېكىن كۆڭلىدىكى گەپنى دېيەلمىدى.

* * *

ئابلىزنىڭ پامىردا يول ياساش ئارزۇسى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. 1956 – يىلى يازدا قەشقەر - قونجىراپ تاشيولى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ، تەشكىل ئابلىز تۇرغان ئەترەتنى پامىرغا ئەۋەتتى.

پامىر ئېگىزلىكىدىكى سەلتەنەتلىك مۇز تاغ چوققىسى، ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ ئېقىۋاتقان گەز دەرياسى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئات - قېچىرلىرىنىڭ ئىزلىرىدىن ھاسىل بولغان ئەگرى - بۈگرى چىغىر يول — يىپەك يولى! ئابلىز مانا شۇ يەرگە يول، كۆۋرۈك ياسايدۇ! قەدىمىي يىپەك يولىنى زامانىۋى يىپەك يولىغا ئايلاندۇرىدۇ! دادىسى ۋە باشقا قېرىنداشلىرى مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەللەرگە تۇتىشىدىغان يول ياسايدۇ!

1000 كۈن ئاز ۋاقىت ئەمەس. ئابلىز قارنى ئېچىپ ئىچىپ، توڭلاپ كەتكەن ناننى يەپ، دائىم تاش بىلەن ھەپىلىشىپ، قارلىق جىلغىدا تۈنەپ 1000 كۈننى ئۆتكۈزدى. ئۇ دەسلەپتە قۇرۇلۇش ئەترىتىدە تېخنىك بولۇپ ئىشلىدى، كېيىن تەشكىل ئۇنى تېخنىكا گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. شۇ چاغدا تەشكىل ئۇنىڭ قەشقەرگە كېلىپ توي قىلىۋېلىشى ئۈچۈن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت بەردى. كېيىنچە ئۇ دوختۇر ئايىلىنى پامىرغا يۆتكەپ بېرىپ، چېدىرنىڭ يېرىمىنى دوختۇرخانا، يېرىمىنى ئۆي قىلىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئايالىمۇ ئابلىز بىلەن تەڭ جاپا تارتىپ، ئاخىرىدا ئابلىز بىلەن بىللە تاشيول ئىدارىسى بويىچە خىزمەت ئىلغارى بولۇپ باھالاندى.

شۇ چاغلاردا مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەن: بىر كۈنى ئابلىز ماموت بىرنەچچە كىشىنى باشلاپ يول ئۆلچەشكە چىقتى. ئۇلارنىڭ تاشقورغان دەرياسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. دەريانىڭ كەڭلىكى 300 مېتىردىن ئارتۇق ئىدى. ئېقىم بەك تېز بولغانلىقتىن، دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ، ياۋايى ھايۋاندەك ھۆركىرەيتتى. بۇنداق يەردە نەدىمۇ كۆۋرۈك بولسۇن! ئابلىزلار ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر كونا ئاسما كۆۋرۈكنى تاپتى. ئۇمۇ كۆۋرۈك ئەمەس، پەقەت داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر سىم ئىدى، خالاس. ئۇنىڭ بەزى جايلىرىدا تېخى چۇشۇپ كەتمىگەن تاختايلارمۇ بار ئىدى.

— بۇ يەردىن ئۆتكىلى بولمايدۇ، باشقا ئامال تاپايلى، — دېدى ئابلىزنىڭ سەپداشلىرى.

— ياق، باشقا ئامال تېپىش مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ئابلىز كەسكىنلىك بىلەن، — قېنى، مەن سىناپ باقاي...

ئابلىز بېلىگە بىر ئارغامچىنى باغلىدى ـ دە، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى سەپداشلىرىغا تۇتقۇزدى:

— مەن يىقىلىپ كېتىپ قالسام، سىلەر دەرھال تارتىڭلار، لېكىن بەك ھودۇقۇپ كەتمەڭلار، چۈنكى، مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلىمەن...

شۇنداق قىلىپ، ئۇ «كۆۋرۈك» كە قەدەم قويدى. تاختاي بار جايلاردا ئۆمىلىدى، تاختاي يوق جايلاردا سىمغا ئېسىلىپ ئىلگىرىلىدى. بۇ ئەھۋالدا، چوڭراق نەپەس ئېلىشقىمۇ، پەسكە قاراشقىمۇ بولمايتتى. ئۇ ئۈچ سائەت ھەپىلىشىپ، ئاخىرى 300 مېتىرلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى...

كېيىنچە، بۇ «كۆۋرۈك» ئۇلار ئۈچۈن «قوغۇنلۇق يولى» دەك بولۇپ كەتتى. ئابلىز ماموت يېتەكلىگەن 200 نەچچە كىشىلىك قۇرۇلۇش قوشۇنى مۇشۇ «كۆۋرۈك» ئارقىلىق قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ يول لىنىيىسى ئۆلچىدى، تاغۇ تاشلارغا تۆشۈك ئېچىپ، پارتلىغۇچ دورا كۆمدى، تاغ پارتلاتتى، تاش ـ شېغىللارنى يۆتكىدى. ئابلىز ماموت قول ئاستىدىكى 15 مەشغۇلات گۇرۇپپىسىغا ئىنچىكە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ تۇردى. ئۇزۇمۇ سەپداشلىرىدىن ئايرىلماي، 18 قاداق كېلىدىغان بولقا بىلەن تاغ تەشتى، 100 كىلوگرام كەلگۈدەك قورام تاشلارنى خۇددى بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلىدى. شۇڭا ئەترەت ئىچىدە ئۇنىڭ بۇيرۇقىدىن باش تارتىدىغانلار چىقمىدى.

* * *

ئابلىز ماموتنىڭ باللىق ۋاقىتلىرىدىكى ئارزۇلىرى ئاخىرى ئىشقا ئاشتى. ئۇ قەشقەر ـ قونجىراپ يولىنى ياساپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭغارىيە داللىرىدا، ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدا، كۆكتوقاي كان رايونىدا، ئۇلۇغچات چېگرىسىدا قان ـ تەر ئاققۇزۇپ يول ياسىدى.

ھەيۋەتلىك يەكەن دەريا كۆۋرۈكىنى لايىھىلەش - ياساشقا قاتناشتى. مانا ئەمدى يول ئاسراش ئۇنىڭ يېڭى ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. 1963 - يىلى تەشكىل ئۇنى قەشقەر تاشيول ئاسراش باش ئوچاستكىسىغا يۆتكىدى. بۇ ئوچاستكىدىكى 1200 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى 876 كىلومېتىر تاشيولنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئابلىز ماموتنىڭ «قول بالىسى» — 420 كىلومېتىرلىق قەشقەر — قونجىراپ يولىمۇ بار ئىدى. ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك - ھە!

ئۇيغۇرلاردا «يول، كۆۋرۈك ياسىغان ئادەم ئۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئابلىز يەنە كىشىلەردىن: «ئانا يۇرت جەننەتكە ئەڭ يېقىن» دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىغان. ئۇ ئەنە شۇ «جەننەتكە ئەڭ يېقىن» جايغا كېلىپ، ھاردىم - تالدىم دېمەي، يول، كۆۋرۈك ياسىدى. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋاقتىدا ئۇ نەق دوزاخنىڭ ئۆزىگىلا ئىتتىرىۋېتىلدى. جىنايەتچىلەر ئۆزگەرتىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئاپىرىپ قويۇلدى.

ئۇ «ئۆزگىرىش» جەريانىدا بىر قېرى تەرجىمان بىلەن بىر قوتاندا يېتىپ، خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگەندى، ئۆز كەسپىگە ئائىت يوغان - يوغان كىتابلارنى ئوقۇدى. تاشيول باش ئوچاستكىسىدا بەزىلەر قېرىپ سەپتىن چۈشۈپ قالغان، بەزىلەر ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، تېخنىكا خادىملىرى جەھەتتە ئۈزۈكچىلىك پەيدا بولغانىدى. شۇڭا، يېڭى تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەش كېرەك ئىدى. ئابلىز ماموت 1977 - يىلى ئەتىيازدا ھېلىقى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن دەستە - دەستە قالپاقلىرى بىلەنلا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، 32 نەپەر ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، قىرغىز ئىشچى قاتناشقان تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا مەسئۇل قىلىندى. ئۇ دەرسلىكنى ئۆزى تۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىغا ئۇيغۇر تىلىدا، خەنزۇلارغا خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتتى ھەمدە تۇنجى تۈركۈم ئىشچى تېخنىكلارنى «ئۇچۇرما» قىلىپ، شەرەپ قازاندى.

1977 - يىلى يول ئاسراش باش ئوچاستكىسى پامىر ئېگىزلىكىدىكى چېگرىدا تاغ يولى ياساش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ يەرگىمۇ يەنە بەل، پۇت ئاغرىقى بىلەن ئۆيىدە داۋالىنىپ دەم ئېلىۋاتقان ئابلىز ماموت مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئادەم دېگەن غەلىتە مەخلۇق ئىكەن، ھەرقانداق چاغدا يامانلىقلارنى ئۇنتۇپ، ياخشى كۈنلەرنى ئويلايدىكەن. ئۇ يەنىلا تاغ - دالىلاردا چەككەن جاپالىرىنى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋاقتىدا تارتقان خورلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ، ۋەزىپىنى مەردانىلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

ھازىر ئۇ قەشقەر تاشيول باش ئوچاستكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. 1982 - يىلى ئالىي ئىنژېنېر ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئابلىز ماموت زېھنىي كۈچىنى ئوچاستكىدا يېڭىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش، سىناق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشقا سەرپ قىلدى. بۇ تۈزۈلمە ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئوچاستكا بىر مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زاپاس تەرەققىيات مەبلىغى ۋە پاراۋانلىق مەبلىغىگە ئىگە بولدى، ئىش-

www.uyghurkitap.com



چى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ باشچىلىق قىلىپ تۈزۈپ چىققان يېڭىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى لايىھىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تونۇشتۇرۇلدى. 1989 - يىلى 12 - ئايدا گوۋۋيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى بىلەن جۇڭخۇا مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ئۇنىڭغا «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر زىيالىي» دەپ نام بېرىپ، شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئەۋەتتى.

مەن ئابلىز ماموت بىلەن ئۇنىڭ ئاددىي ئىشخانىسىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشتىم. ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى ئىزدەپ كىرگەن ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، ئۇنى ئەينى چاغلاردىكىدىنمۇ بەك ئالدىراشكەن دەپ ھېس قىلدىم.

— يولىڭىز ياساپسىز، ئاخىرى دادىڭىز ۋە چەت ئەلدىكى قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1973 - يىلى دادام قازا قىلىپتۇ. ئۇ چاغدا ئۇيەرگە بېرىشنى ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى، — ئۇ جاۋاب بېرىۋاتقاندا ئاچچىق ئەسلىمىلەر يۈرىكىنى ئەزدى بولغاي، ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەندەك بولدى، — كېيىن بىر ئاكام ۋاپات بوپتۇ. مەن 1984 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا باردىم. ئىككى ئاچام، بىر ئاكام، بىر سىڭلىم ھايات ئىكەن، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان گەپلەرنى دېيىشتۇق. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ مۇھاجىرلار سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. بەزىلەر ماڭا: «سىز سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېلىڭ، 3 مىڭ رىيال مائاش بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرايلى» دېيىشتى. مەن: «يۇرتداشلار مېنى قوينىغا ئالدى، ھۆكۈمەت تەربىيىلەپ ئادەم قىلدى. ماڭا ۋەتەن كېرەك، ۋەتەندىن ئايرىلالمايمەن، ۋەتەندىكى تاشيوللىرىمىدىن ئايرىلالمايمەن... ئەڭ ياخشىسى، سىلەر يېڭى جۇڭگونى، يېڭى قەشقەرنى كۆرۈپ بېقىڭلار!» دېدىم. بۇ چاغدا، ئاكام ھاياجانلىنىپ كېتىپ: «بۇ يەردىكى پۇل - پۇچەكنى قەشقەرنىڭ بىر شاپتۇلىغىمۇ تېگىشكىلى بولمايدۇ» دەۋەتتى. شۇنداق، قەشقەر ئەزىز يۇرت، ھەر بىر گىياھ، ھەر سىقىم تۇپرىقى ئالتۇن، تىللادىن ئەتىۋار. بۇ جەننەتتەك يېقىن يۇرت — مېنىڭ ئانا يۇرتۇم. مەن بۇ يۇرتنى — جەننەتتەك يېقىن يۇرتنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆمۈرلۈك بەختىم دەيمەن...

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

### ئۆمەرجان مۇھەممەدى

## دىلىمدىكى ئۈنسىز ناخشىلار

### ۋىسال ئىشقى

مەنزىلىم تۇتاشقان يولدا مەن،
دىلىمدا بىر ئۈمىد پارلايدۇ.
تىنىمسىز قەدەملەر ئاستىدا
بىچارە خازانلار زارلايدۇ.

ئېچىندىم خازانلار ھالىغا،
تىترىدى دىلىمنىڭ تارىسى.
ۋە لېكىن ئۈندەيدۇ مېڭىشقا
ۋىسالسىز قەلبىمنىڭ نالىسى.

شۇ سەۋەب تىنىمسىز قەدەملەر،
(يىراقتۇر مەنزىلىم ئارىسى.)
بۇ تەشنا دىلىمنىڭ تېپىلماس
ۋىسالدىن ئۆزگە ھېچ دارىسى...

كەچۈرگىن خازانلار، كەچۈرگىن،
مەن تېخى ھاياتقا بىرسەبى،
يېتەلمەي ھالىڭغا،
يول ئالدىم،
قالماي دەپ بۇ يولدا سەن كەبى.

### «مېھمان» غا

دىل خانەمنىڭ تەنھا مېھمىنى،
ئاھ، ئەجەبمۇ زار قىلدىڭ مېنى.
كۆتۈشلەرگە بەرمەي خاتىمە،
ياكى چىقسۇن دېدىڭمۇ جېنى.

ياكى چىقسۇن دېدىڭمۇ جېنى،
راست سۆزۈڭنى ئېيتقىنا قېنى.
تەشنالىقتا يۇمۇلسا كۆزۈم،
كىممۇ مەندەك كۈتەتتى سېنى؟!

### مەتسىمىن بارى

## كۆڭۈلدىكى گەپلەر

### دوختۇر

ۋۇجۇدىغا يېپىشقاچ ئاغرىق،
ئازابلىنىپ يىغلايدۇ بالا.
مەنلا تارتسام، دەيدۇ ئازابنى
بالا ئۈچۈن مېھرىبان ئانا.

باغرىغا چىڭ تىڭىپ گۆدەكنى،
ئۇ يىغلىسا يىغلايدۇ ئانا.
ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەردىن
رەھىم - شەپقەت تىلەيدۇ ئانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرپىك قاقماي تۈنلەردە ھەتتا،
بار ئامالنى ئىشلەتتى دوختۇر.
بىردەم نېرى كەتمەي بالىدىن،
مېھر - شەپقەت يەتكۈزدى چوڭقۇر.

ھايات نۇرى چاقنىدى قايتا،
داۋالىغاچ دوختۇر كۆيۈنۈپ.
يەڭگىللىگەچ بالا ئازابتىن،
ئانا كۆڭلى كەتتى سۆيۈنۈپ.

## سەپەرداش

يانمۇ يان ئولتۇردۇم يېنىڭدا، بىراق،
بولالماي مەن ھەمدەم ئېغىر ئىشىڭغا.
ئوقۇسام تەكرارلاپ بىر خىل ناخشىنى،
نېمىلەر كەلدىكىن سېنىڭ ئېسىڭغا؟

سەپەرنىڭ ھاردۇقى يەتسىمۇ گەرچە،
خاتىرجەم رول تۇتۇپ كەلدىڭ توختىماي،
ئاخشىمى ئەتىنىڭ غېمىنى غەملەپ،
تاڭلارنى ئاتقۇزدۇڭ تۈندە ئۇخلىماي.

كاتاڭدا ئاۋايلاپ، تۈزدە سىلكىمەي،
ياراتتىڭ سەپەردە ئوڭۇشلۇق ماڭا.
مېھرىڭنىڭ تەپتىدە سۇ ئىچتى كۆڭلۈم،
ئەسلىدە ناتونۇش ئىدىم مەن ساڭا.

مۇھەببەت رىشتىمىز چېگىلدى مەھكەم،
تۇغقاندەك سىرداشتۇق سەپەر ئۈستىدە.
قالمايدۇ ھېچقانداق كۆڭۈلدە غەشلىك
يولۇچى شاد - خۇرام يەتسە ۋەسلىگە.

## كەلمىدىڭ

كەلمىدىڭ، ئېسىڭدىن قالدىممۇ چىقىپ،
ئىنتىزار بوپ سېنى كۈتكىلى نىكەم.
يولۇڭغا كۆپ قاراپ تالدى كۆزلىرىم،
ئەسلەپمۇ قويمىدىڭ چەكسەم دەرت - ئەلەم.

ئامرىقىم قېشىڭغا كەلدىم يەنىلا،
قويماستىن مەن سېنى ھىجران - پىراقتا،
تەلپۈنەر يۈرىكىم پەقەت ساڭىلا،
پەرۋانە ئىنتىلگەن كەبى چىراغقا.

كىشىنى كۈتمەكلىك نەقەدەر ئازاب،
دېسەم ھەم دېمىسەم بىلىسەن ئۇنى.
قەلبىمنى بىر ساڭا قىلغىنىم ئىزھار
گۇناھمۇ، بىھۇدە قىينىما مېنى.

مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجى

## ئاپتورلار *

بۈگۈن مېنىڭ يۇرتۇمدا يازغۇچى ھەم شائىرلار،
ئىجادىيەت يىغىنى ئاچتى سۆزگە ماھىرلار.
بىلىم ئېلىپ ئەۋلادلار ئۆلكىمىزدە يېتىشتى.
ئىجادىيەت يولىدا قەيسەر بولۇپ تىرىشتى.
ياش يازغۇچى بولبۇللار يېزىپ چىقتى كۆپ ئەسەر،
تەسىرلىنىپ ئۇنىڭدىن كۈلدى بارلىق خەلقلەر.

* يولتۇز خوتەندە ئېچىلغان ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتناشقان ئاپتورلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يىراقلاردىن كەلمەكتە نۇرغۇن ئاپتور مېھمانلار،
ئۆركەشلىگەن دەريادەك سۆيۈنمەكتە بۇ جانلار.
دىدارىنى كۆرۈشكە مۇشتاق ئىدىم داۋاملىق،
خۇش ئېچىلغان گۈللەردەك ئولتۇرۇشتى چىرايلىق.
گېزىت ـ ژۇرنال ئارقىلىق ئاڭلار ئىدىم ئىسمىنى،
ھەل بولدىلەر تىلىكىم، كۆردۈم ھازىر جىسمىنى.
چىمەندىكى بۇلبۇلدەك سۆزلەپ ئۆتتى بىر بىرلەپ،
ئەجەب گۈزەل ئەخلاقلىق تۇرغان گۈلدەك پورەكلەپ.
سۆھبىتىنى زەپ ئارزۇ قىلار ئىدىم دىلىمدا،
خىيالىمدىن كۆپ ئارتۇق ئىكەن ھەممە ئىلىمدە.
بۇلاق يەڭلىغ قايىندى ئەدەبىيات يۇرتۇمدا،
ئۇرغۇپ كەتتى خۇشاللىق بۇگۈن مەھزۇن كۆڭلۇمدە.

ئەخمەتجان ئوسمان كىچىك

## سەھەردىكى سىم ـ سىم يامغۇرلار

**شامال**

دەرەخلەردىن سوراپ باھارنى،
ناخشىسىنى ئېيتىپ كۈزنىڭ ھەم،
سالاملارنى يىغىپ خالتاڭغا،
يىراقلارغا كېتىسەن ھەر دەم.

ئەگىشىدۇ ئاق قۇشقاچ ساڭا،
يۇمران شاخقا قونار ھارغاندا.
بىر جۇپ كەپتەر قويار ئۇزۇتۇپ،
ئاق يولۇڭنى تىلەپ ئاسماندا.

يىراقلارغا كېتىسەن ھەردەم،
ئاق قۇشقاچتەك ساڭا ئەگىشىپ
كېتەر قەلبىم بىللە سەن بىلەن،
مۇڭ ئېيتىشىپ دىلدىن سىردىشىپ.

سەن توختايسەن سېھىر كۈچىدە،
ئەشۇ جايدا ئۆسكەن مەجنۇنتال.
دىلبىرىم بار تۇۋىدە ئۇنىڭ،
سۆيۈپ قويغىن، سۆيگىن بىمالال،
سالام بېرىپ مەن ئۈچۈن ئاۋال.

**تارتىنما بۇ يولدا، يىقىن كەل ماڭا**

تارتىنما بۇ يولدا، يېقىن كەل ماڭا،
ئورمانلار قوشۇنى بىزگە باشپاناھ.
ئېقىنلار بويىدا تۇرايلى بىر پەس،
سايرىشىن تورغاينىڭ ئاڭلايمىز يانا.

ئاۋازى كاككۇكنىڭ قىلمىسۇن يېرىم،
كۆڭلۇڭنى، سۆيگۈدە ياشا بەختىيار.
بىز ماڭغان يوللاردا ئۈنەر قىزىل گۈل،
ئەتىنى ئۈنۈتما، ئۈنۈتما زىنھار.

مەجنۇنتال بىز ئۈچۈن باش ئەگكەن ھامان
ياپراقلار شىلدىرى بىزنىڭ ناخشىمىز.

www.uyghurkitap.com

قاراپ باق قۇياشقا، ئۇنىڭ يۈزىدە
تاڭ سەھەر چاقنايدۇ بىزنىڭ ئىسمىمىز.

### سۆيگۈ بىلەن

تاڭ سەھەر شەپەق سۆيدى، سۆيدۇم ئۇنى،
لەۋلىرى قىزارغىچە ئىشقىم تۆكۈپ.
يۈزىنى توسۇۋالدى ئالقىنىدا،
زەر قۇياش كۈلۈشىنمۇ قالدى ئۇنتۇپ.

چوققىدا قىقاس سالدى بۈركۈت شۇچاغ،
ئۈركىدى شامال ئۇنىڭ ئاۋازىدىن.
داللار سۆيگىن، دېدى ئەزىز ئوغلۇم،
ئالقىشلار نېسىپ بولسۇن ساڭا شاندىن.

تەۋرەشتە ئورمانلارمۇ دېدى شۇنداق،
سۆيۇۋال كىمنى سۆيگۈڭ كەلسە ئەگەر.
زېمىننىڭ مەۋجۇتلۇقى سۆيگۈ بىلەن،
سۆيگۈمۇ باتۇرلۇققا ئەل بوپ كېلەر.

### گۈگۈم

ئاستا ــ ئاستا يۇتۇپ كۆزۈمنى،
خىرە پەردە ياپار زېمىنغا.
شوخ شۇۋىرلاپ نەدىندۇر شامال،
چىمەنلەرنى سالار ئۇسسۇلغا.

ئۈزىتىشىپ ئېقىنلارغا قول،
مەجنۇنتاللار ئالار خوشلىشىپ.
ئەگىشىدۇ ئاق قۇشقاچ خىلى،
قالالمايدۇ بىراق توختىشىپ.

يىراقلاردا مەغرۇر چوققىلار،
پەيملەيدۇ گۈگۈم مۇلايىم.
كونا بۇ ئىش، بىراق يۈرەكتە،
مۇھەببەتتەك بىر تاتلىق سېزىم.
قوزغىلىدۇ يېڭى تىلەكتە.

جالالىدىن ئابدۇمانناپ

### كۆلكەمدە قۇرارمەن يېڭىدىن سۆيگۈ

قەلبىمدە تۈيۈقسىز چاقماق چېقىلىپ،
گۈياكى كۆك ئاسمان سۆپەت كۆزۈڭدە
يامغۇرلار قۇيۇلدى، ياساپ مۇھەببەت.
ئېقىپ ھەم بېغىمغا چىقىپ ئەۋجىگە،
ئۈيقۇچان ھالەتتىن تۇرغۇزدى چەبدەس،
ئۇرغۇدى شۇ ھامان يېڭى بىر ھەۋەس.

ئېچىلغان گۈللەرگە سىڭگەن ھىدىڭنى
مەستلىكتە تۇيالماي يۇراپ تەمتىرەپ
ئۆزەمنى ئۆزۈم ھەم بولماي پەيملەپ.
يۈردۈڭغۇ تەشۋىشلىك ئىچىدە ياشاپ،
ئۆمىدىم ئەشۇ دەپ قۇياشقا قاراپ.

باھار ناخشىسىنى ئېيتىپ غەم بىلەن
تۆكۈلدى ياپراقلار نەچچە رەت ئۇدا.
سولاشتىڭ سەن يەنە بىغۇبار شۇنداق،
قەلبىمدە سېغىنىش، ئىنتىلىش يانا.
قول سوزماق مەن ئۈچۈن تۇيۇلۇپ گۇناھ
شۇمشەيدىم قىشتىكى ئاپتاپ بوپ گويا.

چىرمىشىپ يېنىڭدا ئۆسكىنى بىراق
پارازىت بىر چۆپقۇ سۆيگۈسىز، بىغەم.
كۈلدۈرەر ئۇ سىنى، كۈلدۈرەر ھارماي،
قانداقچە ناخشاڭغا بوپ قالدى ھەمدەم؟
مەن ئۈچۈن پەرىشتەم يوقالدى تولۇق
قىلىپ ئۇ سۆيگۈمنى چۈشۈمگە يوللۇق.

ئۇ رەقىب، ئۆمىنى پايلىغان تولا،
يولۇمدا زەھەرلىك كۆزى نۇر چاچقان.
سۆيەرمەن ئۇنىمۇ،
ئۇ غالىپ جەسۇر
تاڭ سەھەر پەيتى بۇ، تارايدۇ تۇمان.
كۆلكەمدە قۇرارمەن يېڭىدىن سۆيگۈ،
خۇدانى ئەلچى قىلىپ يۈرمەسمەن مەڭگۈ.

## ئىككى شېئىر

### كەچقۇرۇن

غەرب بىلەن جەنۇب تەرەپنىڭ
چېگرىسىدا سۇس بىر قىزىللىق.

سىماسى بۇ كەچكى شەپەقنىڭ،
كۆرۈنمەيدۇ ئانچە بېقىملىق.

قاتار - قاتار تاغلار تىزمىسى
ئاران - ئاران كۆرۈنەر غۇۋا.
ئاجىزغىنا شەپەق جىلۋىسى
يىراقلاردا قىلالماس جىلۋا.

جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ناگاندا،
هويلىلاردا قاۋايدۇ ئىتلار.
سۇس تۇمانلار لەيلىگەن كۆكتە
زەر تەڭگىلەر كۆرسەتتى دىدار.

بولدى قۇشلار ئۇۋىغا مەھكۇم،
غۇۋالاشتى يېقىن - يىراقلار.
ئاستا - ئاستا يېپىلىپ كۆزۈم،
مەلىلەردە ياندى چىراغلار.

مەلىلەردە ياندى چىراغلار،
داۋام ئېتەر كۆڭۈللۈك هايات.
پىنهانلاردا ئەركىن - ئازادە
ۋىسال قۇشى قاقماقتا قانات.

**توختاش بەكرى**

## دەرەخلەر

مۇڭلۇق كەچكۈز،
دەرەخلەر - قاقشال
هازىرداردەك هۇۋلايدۇ بوغۇق،
ئاه، تىنىمسىز ساۋايدۇ شامال،
مۇزلىتىدۇ مېهرىسىز سوغۇق.

گاه ئۈستىدىن قارا بۇلۇتلار
يامغۇر بىلەن قاتتىق قامچىلار.
(ياش تۆكىشەر يالىڭاچ شاخلار،
سانسىز قەترە يەرگە تامچىلار).

ئىڭاڭلايدۇ دەرەخلەر هەريان،
يوق چاۋاكچى يوپۇرماقلىرى.
گاه پۇلاڭلاپ چۈشىدۇ (سەرسان)
ياش بەرگلەر،
يۇمران شاخلىرى.

قېنى، ئۇنىڭ يېشىل باهارى؟
قېنى، ئۇنىڭ غۇرۇرى - ياپراق؟!
كاككۇكلارنىڭ يوقتۇر دىدارى،
دەرەخلەرنى قىينايدۇ پىراق.

## ساتىرلار

### يولنىڭ زارى

يول ئىدىم، يولۇچىغا يولداش ئىدىم،
قىش - يېزى ئۆتكۈنچىگە قولداش ئىدىم.
ئۇلجىنىڭ ئاغزىدا مەن بىر چاغلاردا
پارقىراق، نەق ئەينەككە ئوخشاش ئىدىم.
ئەل ئۇ چاغ مەندىن بەكمۇ شادلىناتتى،
ئالقىشلار بەسلەشكەندەك باشلىناتتى،
يول دېگەن مانا مۇنداق بولمامدۇ، دەپ،
چامدىمى يوغان - راۋان تاشلىناتتى.
ئۆتۈشتى تالاي يىلىم تەنتەنىلىك،
راستىنى ئېيتسام شۇنچە كۆپ مەنىلىك،
نە بەخت بولسۇن ماڭا بۇندىن ئارتۇق،
كۆڭلىرىم ئۆتتى شۇنداق دەبدەبىلىك.
مىڭ ئەپسۇس، هازىر هالىم بەكمۇ خاراب،
ئۆتكۈنچى ئۆتەر هەر كۈن تىللاپ - قارغاپ.
پۇقرالار نالىسىنى دېمەي تۇراي،
رەنجىيدۇ مەندىن هەتتا بەزەن جاناب،
ماڭدامدا ئورەك ئوخشاش نەچچە كاناڭ،
هارۋىلار تۇرۇپ كېتەر مالىماتاڭ.
ماشىنا، تراكتورلار دۈدۈتلىشىپ،
ئىڭاڭلاپ ماڭار ئەگىپ، قىستا - قىستاڭ.
پىكاپ ۋە موتسىكلىت پەي - پەي ئېتىپ،
ماڭىدۇ مىڭ جاپادا يولنى ئېچىپ.
بارچىنىڭ ئىشى مۇهىم بىر - بىرىسىدىن،
ئالدىرار مەنزىلىگە تېزىرلىشىپ...

www.uyghurkitap.com


تۇغۇتلۇق ئايال ياكى ئىغىر كىسەل
مېنىڭدىن ئۆتكىچىلا تىلەر ئەجەل.
سەۋەبى خۇددى كىپەك تاسقىغاندەك،
تاسقىلىپ جانغا تەۋە تۆلەر بەدەل...
ئاھ-زارلار جانغا پاتتى،
چاك-چاك كەتتىم،
جاراھەت باستى دېمەك، ئازاب چەكتىم.
چۈشمىدى كۆزى بىرەر سېخىنىڭمۇ.
ئۆتمىدى كاتتا باشلىق، دەردىنى دەيتتىم،
نىمبولدى؟
باشلىقلارغا، ئادەملەرگە؟!
يول-كۆۋرۈك دېسە تەقتى ياردەملەرگە.
ئۇكشامدۇ؟
بىلمىدىم ھېچ، تۆگىنىڭكى
قۇيرىقى يەتكەن چاغدا بىراق يەرگە.
شۇنداقمۇ بولامدىغان سەن-مەن سالۇ،
بارمىدۇ بۇ ئىشلاردىن ھېساب ئالۇ؟!
سېنتىبىرال، قۇلاق سېلىڭ،
ئۇلاپ بېرىڭ!
چوڭ باشلىق شتابىنى!
ئاللۇ-ئاللۇ!

## دوقمۇشاخۇن

«دوقمۇشاخۇن» دەيدىكەن ئەل سېنى ئاداش،
سۈرۈشتۈرسەم بۇمۇ بىكار گەپ ئەمەسكەن.
باھار، يازلىق دوقمۇشتىلا ئۆتىدىكەن،
بۇ سەن ئۈچۈن ئانچىلامۇ سەت ئەمەسكەن.
تۇراركەنسەن بۇرۇت سىيپاپ،سۆڭگەچ تۇتۇپ،
بارچە ئادەم ئاقسا جۇشقۇن ئېتىز تامان،
قونىقىڭنى ئۇتتىپسەن ئادەم ياللاپ،
ئايالىڭنى بىزار قىپسەن ئېيتىپ يالغان.
راسلاركەنسەن ۋەدىلەردىن ھەر كۈن خامان،
ئاغزىڭدىلا سوقۇپ نەچچە سېپىل-قورغان.
چىمىلداپمۇ قويمايدىكەن يۈزۈڭ كاشكى،
ئۇيلا، قاچان قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرغان؟!
بېدەڭ خوراپ ئۇرۇقلاپتۇ ئوردىماپسەن،
قوشناڭ بەرگەن تەكلىپكە باش بۇردىماپسەن.
موزدىيىڭمۇ سۆگەك بوپتۇ چۆپ بەرمەستىن،
تۇل خوتۇنمۇ باي بولۇپتۇ، دوردىماپسەن.
ئالتە مودەك بۇغدىيىڭنى كومبايىنغا
بېرىپسەنۇ، ئورغاق تۇتۇپ ئورىماپسەن.
ھويلاڭدىكى ئالماڭغىمۇ قۇرت چۈشسە،
دورا چېچىپ ئاپەتنى ھېچ توردىماپسەن.
پەقەتكىنە دوقمۇش ساقلاپ، ئۆتكەنلەرنى
تەرىك ئەتمەي سۆزگە تۇتۇپ تۇراركەنسەن.
موخۇركا ۋە قەغەز بىلەن سەرەڭگىنى،
تەپ تارتماستىن كىچىك-چوڭدىن
سوراركەنسەن.
ئۆزگىلەرنىڭ ئىسمى يوقلا «گاداي» ئىكەن،
ئۇقسانغا قاپ كۆتۈرۈپ يۈگۈرەركەنسەن.
بىرنى ئىبگىز،
بىرنى مەس،
بىرىن پەس، دەپ
ئۆتكۈنچىدىن — ئەل ئۈستىدىن كۈلەركەنسەن.
قىش كەلسىچۇ؟
توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ پۇتنى،
ئامال قانچە؟!
دوقمۇشىڭدا تۇراركەنسەن.
قوشنىلارنىڭ تۇرخۇنىدىن كۆز ئۈزمەستىن،
قورۇملار بۇسلىرىنى پۇراركەنسەن.
ئېتىز، بازار ئەھلى سېنى «دوقمۇشتا» دەپ،
بەس قويۇشسا جەزمەن ئۇتۇپ چىقىدىكەن.
تولا ئىكەن سېنىڭ قىزىق تەرەپلىرىڭ...
كىم بولمىسۇن بەكمۇ چوڭقۇر بىلىدىكەن.
«مەھەللىنىڭ قاراۋۇلى-قۇلۇپى» دەپ،
كېتىۋېرەر ئىكەن ئىشقا ئەل-جامائەت.
ئۆز ئۆيۈڭنى ئوغرى سىيپاپ كېتىپتىغۇ؟!
تۇرۇۋەرگەچ دوقمۇشتىلا سەن ھاماقەت،
شۇڭا سېنى «دوقمۇشاخۇن» ئاتىشىپتۇ،
بىمەنىلىك، ھورۇنلۇقتا قارغىشىپتۇ...
ئىش-ئەمەلىڭ ئاشۇ بولسا «جېنىم ئاداش»
رەنجىمەسەن، لەقىمىڭ راست قامىلىشىپتۇ؟!

# گۈلىستاندىن گۈلدەستە

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۆتكەن يىلى 7 ـ ئايدا قۇمۇلدا ئىجادىيەت يىغىنى چاقىرغان ئىدى، بۇ ساندا يىغىنغا قاتناشقان بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىنى تاللاپ باستۇق.

تەھرىردىن

بەگمەت يۈسۈپ

## ئاشۇ كېچە، ئاشۇ شېرىن چۈش

### ياز كېچىسىدىكى چۈش

مەپتۇن قىلار كۆزلەرنى لېۋىڭ،
جامالىڭغا قارىسام قانماي.
قەلبىم ئەسىر بولدىمۇ ساڭا،
كۆزۈم سېنى ئىزدەيدۇ تىنماي.

ئاۋارىمەن سېنى تاپالماي،
سۇ بويىغا كېلىمەن گاھ ـ گاھ.
قۇياش بۇندىن خوشلاشقان چاغدا،
خالى قالار كەچلىك سەيلىگاھ.

كۆپ ساقلىدىم ئۇندا سېنى مەن،
ھېچ كەلمىدىڭ، چىقتى تولۇن ئاي.
مۆگدەك باستى خىياللىرىمنى،
يۈرەك ئوخچۇپ سوقىدۇ تىنماي.

ماڭا پەقەت لەززەت شۇ كۈتۈش،
ئاشۇ كېچە، ئاشۇ شېرىن چۈش.
ئاھ، نەقەدەر تاتلىق ئىدى ـ ھە،
پاك، نومۇسچان تۇنجى سۆيۈشۈش.

تۇنجى سۆيگۈ نەقەدەر يۈكسەك،
شېرىن چۈشتەك، چاقماقتەك سېزىم.
يەتسەم دەيمەن شۇنداق سۆيگۈگە،
يەنە بىر رەت غۇبارسىز پېتىم.

### گۈلنىڭ يېشى

گۈلچى بوۋاي سۇ قۇيدى
تەشتەكتىكى گۈللەرگە.
گۈل ئېچىلىپ سىن قوشتى
هويلا ـ ئارام ئۆيلەرگە.

شۇئان كەپسىز بىر بالا،
گۈلنى ئۈزۈپ ئەپقاچتى.
سۇندۇرۇلغان شۇ شاختىن
تارام ـ تارام ياش ئاقتى.

### مۈڭغا چۆككەن قىز

بۇلاق سۈيى تىنچ ۋە سۈزۈك،
ناخشىمۇ يوق ئۇندا جاراڭلىق.
گۈگۈم پەيتى،
يىراققا قاراپ
ئولتۇرىدۇ قىرغاقتا بىر قىز،
قىز قەلبىدە يوقتۇر ئاراملىق.

بۇلاق سۈيى تىنچ ۋە سۈزۈك،
ئاقار تۆۋەن قىرغاقنى بويلاپ.
سۇ يۈزىدە سولغان يوپۇرماق،
قىز تاشلىغان ئۇنى ھېلىلا
ئاھ نېمىشقا، نېمىنى ئويلاپ؟

www.uyghurkitap.com

سارغىيىپ قالغان ئاشۇ يوپۇرماق
كەتتى يىراققا قىرغاقنى بويلاپ.
ئېقىپ كەتتى بۇندىن ھەممىسى،
قىز كۆزىدە ھەسرەت ئەلەم بار
ئاقتى يېشى مەڭزىنى بويلاپ.

ئەمەسمىدى تۇنۇگۇن ئۇنىڭ
ئۇن بەش يېشى پاك ۋە غۇبارسىز.
ئالداپ كەتتى بۈگۈن بىر يىگىت،
مۇڭغا چۆكتى قىز قەلبى شۇتاپ،
ئۈمىدلىرى كەلدى ۋاپاسىز.

مۇھەممەت ئەخەت

## بىر شېئىرنىڭ شىكايىتى

خام قالسا ھەم ئوخشىمىسا دېگەي نان:
گۇناھ مەندە ئەمەس، پەقەت شۇنەردە.
مەن قەلەمدىن تۆرەلگەن بىر مەھسۇلات،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

مېنى يازدى تېرىپ ئۇ يەر، بۇ يەردىن،
ھېس ـ ئىلھامنى ئالدى تەييار ئەسەردىن.
چەتلەپ كەتتى تۇرمۇش دېگەن گۆھەردىن،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

تۇرمۇش دېگەن بولىدىغۇ رەڭگا رەڭ،
زامان بەرسە بىزگە شۇنچە ئىمكان كەڭ.
مەن بەزىدە بولۇپ قالدىم بىرلا رەڭ،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

يۆتكىسىمۇ كىيگەن كونا بۆكۈمنى،
يۆتكەلمىدى مېنىڭ تەقدىر ـ تۇرقۇمنى.
يەرگە ئۇردى شۇنچە ئېسىل كۆركىمنى،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

كالېندارغا قاراپ بەزەن تىزىلدىم،
شۇ كالېندار بىلەن تەڭ مەن يىرتىلدىم.
بۇ ھالىمغا مەن ئەجەبمۇ ئېچىندىم،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

ھايات گۈللەپ ئۆستى، ئەمما ئۆسمىدىم،
بىر ئىزىمدا پىرقىرىدىم، كۆچمىدىم.
سەپەردىكى ئۆتكەللەرنى بۆسمىدىم،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

تولا چايناپ ھېچ قويمىدى ھالىمنى،
ئېغىزغا بىر تېتىغۇدەك تەمىمنى.
سوغۇلدۇردى سېھىرلىك كۈچۈم ـ پەممىنى،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

شۇنىڭ بىلەن بولۇپ قالدىم مەنىسىز،
مەنە دېگەن بولغاندىمۇ مەززىسىز.
يوق بوپ قالدىم مەن ھاياتتا ھەسسىسىز،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

تۆرەلمىسەم يۇرەكتىكى قان بىلەن،
قان كىرمىسە قانداق بولار جان دېگەن.
شېئىر بولاي قانداقسىگە سان بىلەن،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

ئۆز ـ ئۆزىنى دەپ يۈرگەنلەر «شائىرمەن»
ئوقۇۋالسۇن، بەلكىمۇ قىيىن ژانىرمەن.
چۆكسە تىرەن سىر بېرەرمەن ئاخىر مەن،
گۇناھ مەندە ئەمەس، گۇناھ ئىگەمدە.

مېنى قەلەم ۋىجدان ئىشى دەپ بىلسە،
جىسمىمدىن نۇر، ھۆسنۈمدىن گۈل تۆكۈلسە.
ئوقۇغانىنىڭ قەلب تارى چېكىلسە،
شان ـ شەرەپلەر كەلتۈرەرمەن ئىگەمگە.

ئابلىمىز ئۆمەر ھاجى

## سۆيگۈ لىرىكىسى

1

مەۋھۇم بىر سۆيگۈنى ئىزدەپ ئۇزاقتىن،
تۈنجۇققان ھېسلاردا چەكتىم ئىزتىراپ.
تۈيسىمۇ يۈرىكىم، كۆرمەيدۇ كۆزۈم،
ئىلاھى بىر نىگاھ سالغاچقا ئازاب.
بۇ نىگاھ ئىگىسى بارمۇ جاھاندا،
بىلمەيمەن بۇنى ھەم تۇرمىغاچ ئۇچراپ.
ۋە لېكىن كۈتىمەن غايىب سۆيگۈنى،
قەلبىمگە مۈلك تاراپ، مۇھەببەت تاراپ.
ئەي سۆيگۈم ئىلاھى، قەلبىم خۇداسى،
قايدىسەن ماڭا تېز بەرسەڭچۇ جاۋاب؟
مۇشۇنداق چۇقانلار سالىمەن گاھى،
بولغاچقا دىلدا ئوت، ھالىم بەك خاراب.
قاياقتىن چىقاركىن سۆيگۈ قۇياشىم،
ئۇيۇقىم قايدا ھەم بىلمەيمەن شۇ تاپ.

2

ئون سەككىز يېشىمدا باشلانغان سەپەر،
يىگىرمە ئۈچ يېشىمدا بولمىدى تامام.
ۋۇجۇدۇم يېڭى بىر ناخشا تۇغقاندا،
قۇياشقا قانداقمۇ قىلمايمەن سالام.
خەتەرلەر يولۇمغا قۇرسىمۇ توسۇق،
بۇ ئۇزۇن سەپەرنى ئېتىمەن داۋام.
كەل مېنىڭ قۇياشىم ئوماق دىلرەبا،
نۇرلىرىڭ مەي بولسۇن، قەلبىم تولماس جام.
سۆيگۈڭدە قۇياش بوپ ياناي مەنمۇ ھەم،
جۈپ قۇياش قوشۇلۇپ يورۇسۇن ئاخشام.

ھۆرىيەت راخمان

## ئىككى شېئىر

### ياشىماق بولساڭ

بەختىيار ياشاشنى خالىساڭ ئەگەر،
ئۆمرۈڭنى بىھۇدە قىلمىغىن قۇربان.
تەر تۆكۈپ ھاياتنى بېزە ئەجرىڭدە،
ياراتقىن چۆللەردە گۈزەل گۈلىستان.

بىلمىدۇر ئىنساننىڭ ھايات قىممىتى،
ئۆرلەشچۈن پەللىگە قىلغىن جاسارەت.
نادانلار مۇشكۈللۈك ئالدىدا خەستۇر
بىلىمدىن ھەل بولار ئارزۇ، سائادەت.

ئىنساننىڭ ئۇزلىقى چىرايدا ئەمەس،
كىيىمگە قىلمىغىن ئۇنچىلا ھەۋەس.
بىلىمدۇر گويا كى ئۇخچىغان بۇلاق
ئۇنىڭ مول مەنبەسى تۈگىمەس - پۈتمەس.

ئىلىم - پەن ئەقىلنىڭ نۇرلۇق چىرىغى،
ئۇنىڭسىز ھاياتنىڭ مەنىسى بولماس.
نادانلىق دەشتىدە بولسا خار كىشى،
ئۆمۈرنىڭ باھارى گۈللەرگە تولماس.

### ئايدىڭ كېچە

ئەجەبمۇ چىرايلىق بۇ ئايدىڭ كېچە،
قېنىق كۆك ئاسماندا يۇلتۇزلار ئېنىق.
سەيلىگە چىقسامىمەن پەرزەنتىم بىلەن
ئۇچراشتى بىر جۈپ ياش پاركى قىزىق.

كەلدى كۆز ئالدىمغا ياشلىق چاغلىرىم،
مەنمۇ ھەم ئىدىمغۇ شۇنداق ھېسسىياتچان.
سەيلىگە چىققاندا ئامرىقىم بىلەن
باقاتتى كۆزلىرىم يارغا ئۇياتچان.

كۆز سالسام مەن شۇدەم ئاسمانغا بىر پەس،
ھەمراھكەن يۇلتۇزلار ئايغا ئاسماندا.
شادلاندىم، كۆڭلۈممۇ بولمىدى يېرىم،
ئۇمىد يۇلتۇزلىرىم تۇرغاچ يېنىمدا.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى دەمتىمىن بارى

www.uyghurkitap.com

## ئاپتور ۋە ئەسەر

ئەزىز ئابدۇراززاق (سوۋېت ئىتتىپاقى)

# «ئۆتكەن كۈنلەر» توغرىسىدا ئەسلىمە

جازالاش شامىلى ماڭىمۇ ئاز-تولا تېگىپ ئۆتكەن. بىراق مەن ئۆزۈمنى بەختلىك دەپ ھېسابلايمەن. چۈنكى ئەڭ دەسلەپتە ئۇلۇغ يازغۇچى ئابدۇللا قادىرى تۈپەيلىدىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانمەن. ئۇ چاغدا تېخى ئون يەتتە ياشقىمۇ كىرمىگەن ئۆسمۈر ئىدىم. لېكىن ئاشۇ ۋاقىتلاردا مېنى سوراققا تارتقان كىشىلەر مېنىڭ ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانى بىلەن توققۇز ياش ۋاقتىمدىلا ئۇچراشقانلىقىمنى بىلمەيتتى. بۇ، 1937-يىلىدىكى ئىش. ئۇ چاغدا چوڭ ئاكام سالىھ ئابدۇراززاقوۋ تېخى بويتاق ئىدى. مەن بولغۇسى يەڭگەم رەھىمە ئاچامنىڭ ئىنجىقئاۋاتتىكى ئۆيىگە پات-پات بېرىپ تۇراتتىم. ئۇ يەرگە ئاكامنىڭ خېتىنى ئاپىرىپ، رەھىمە ئاچامدىن جاۋاب خەت ئېلىپ كېلەتتىم. بۇ ئىشىمدىن ئاكاممۇ، بولغۇسى يەڭگەممۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇلار «ئۆتكەن كۈنلەر» ۋە «مېھرابتىن چايان» نى تولا ئوقۇۋەرگەچكە، بىرى ئۆزىنى ئاتابېك ياكى ئەنۋەرگە ئوخشاتسا، يەنە بىرى ئۆزىنى كۈمۈش ياكى رەنا دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

شۇ ۋاقىتلاردا رەھىمە ئاچام «ئۆتكەن كۈنلەر» نى قولىدىن چۈشۈرمەيتتى، دوستلىرىنى يىغىپ قايتا-قايتا ئوقۇپ بېرەتتى، كېچىدە ياستۇقىنىڭ ئاستىدا قويۇپ ئۇخلايتتى. كىتابنىڭ بەزى جايلىرىنى ئوقۇغاندا يىغلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ بۇقۇلداپ يىغلىشاتتى. مېنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىم غەش بولۇپ، ئۇلارغىمۇ، كۈمۈش بىبىگىمۇ ئېچىناتتىم.

مەن ئابدۇللا قادىرى بىلەن مۇشۇنداق تونۇشقان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن. كېيىن، 1938-يىلى رەھىمە ئاچام بىزنىڭكىگە كېلىن بولۇپ كەلدى. ئۇ ئوقۇلۇۋېرىپ تىتىلىپ كەتكەن ئاشۇ «ئۆتكەن كۈنلەر» نى قىممەتلىك «كېلىن مېلى» سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنى ئۆزۈم مۇستەقىل ئوقۇپ چىقماقچى بولدۇم. لېكىن ماڭا تەربىيەچىلىك نەزەرى بىلەن قارايدىغان ئاكام رۇخسەت قىلمىدى. چۈنكى مەن بەك كىچىك ئىدىم. بەختىمگە يارىشا يەڭگەم ئىجازەت بەردى.

— سىز ماڭا خەۋەرچىلىك قىلغانىدىڭىز. مەيلى، ئوقۇڭ، — دېدى ئۇ، — لېكىن ئاكىڭىز بىلىپ قالمىسۇن.

شۇنداق قىلىپ، ئون ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىنى باشتىن

ئاياغ ئوقۇپ چىقتىم. كېيىن يەنە قايتا ـ قايتا ئوقۇدۇم. يەنە ئوقۇماقچىمەن.

1939 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە «ئۆتكەن كۈنلەر» بىلەن «مېھراپتىن چايان» بىزنىڭ ئائىلىمىزدە قايتا ـ قايتا ئوقۇلدى. بۇ ئىككى كىتابنى ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا مەن يايراپ كېتەتتىم.

1938 ـ يىلى ئىيۇن. ئابدۇللا قادىرىينىڭ سەمەرقەنت دەرۋازىسىدىكى بېغىنىڭ يېنىدا ستالىن نامىدىكى پىئونېرلار لاگېرى بار ئىدى. شۇ چاغدا مەن ئاشۇ لاگېردا دەم ئېلىۋاتاتتىم. بىر كۈنى ناشتا ۋاقتىدا تۇيۇقسىزلا چۇقان ـ سۈرەن ۋە داد ـ پەرياد ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. ئابدۇللا قادىرىينىڭ بېغىدا بىر ئايال ئاۋازىنىڭ بارىچە نالە قىلىۋاتاتتى، بىز باللار شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ باردۇق. قارىساق، باغنىڭ ئەتراپىنى ساقچىلار قورشىۋالغانىكەن. ھەربىي كىيىم كىيگەن ئۈچ ـ تۆت كىشى ئۆگزىنىڭ قاقاللىرىنى قايرىپ، نېمىدۇر بىر نەرسە ئىزدەۋاتاتتى. باغدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان ھويلىدا ئەدىبنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن رەپىقىسى قوللىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— داد! ھۆكۈمەتنىڭ دەستىدىن داد! — دەپ نالە قىلىۋاتاتتى. كوچىنى ئادەم قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاماشا كۆرگىلى كەلگەن كىشىلەر ئىدى. ساقچىلار ئۇلارنى ھەيدەپ تۇراتتى. كىشىلەر بىردەملىككە تارقىلاتتى ـ يۇ، يەنە قايتا توپلىناتتى. ئومۇمەن، دەھشەتلىك مەنزىرە شەكىللەنگەنىدى.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن يېنىمدا تۇرغان ساۋاقدىشىمدىن.

— ئابدۇللا قادىرىينىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى بولسا كېرەك، شۇنى ئىزدەۋاتىدۇ، — دېدى ساۋاقدىشىم.

بۇ گەپكە ھەممىمىز ئىشەندۇق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بىز كىچىك ئىدۇق، ئىككىنچىدىن، شائىر ـ يازغۇچىلار ناھايىتى باي بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدۇق.

1967 ـ يىلى ئاشۇ دەھشەتلىك ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىسى بولغانلىقىمنى ھەبىبۇللا قادىرىغا ئېيتتىم.

— خاتىرىڭىزگە قايىلمەن، — دېدى ئۇ كىشى، — ھېچ نەرسىنى قوشماستىن ئېنىق ئېيتىپ بەردىڭىز.

ھەبىبۇللا ئاكا ئېيتقانلىرىدەك ھەممە تەپسىلاتلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ، ھويلىدا نالە قىلىۋاتقان ئانىمىزنىڭ كىيگەن كۆڭلىكىدىن تارتىپ، كۆڭلىكىنىڭ رەڭگى ۋە گۈللىرىگىچە ئېنىق تەسۋىرلەپ بەرگەنىدىم. دېمىسىمۇ، باللىقتىكى خاتىرىلەر باشقىچە بولىدىكەن.

— شۇ چاغدا ئابدۇللا قادىرىيدىن نەپرەتلەنگەن بولساڭلار كېرەك، — دېدى ھەبىبۇللا ئاكا.

ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

— ھەئە، — دېدىم مەن، — كىتابلىرىنى ياخشى كۆرەتتۇق، لېكىن ئۇنىڭ خەلق دۈشمىنى ۋە مىللەتچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدۇق. چوڭلار بىزنى ئىشەندۈرگەنىدى.

— شۇ چاغدا ئۇلار ھېچقانداق ئالتۇن ـ كۈمۈش تاپالمىغان، — دېدى ھەبىبۇللا

ئاكا، — ئۆيىمىزنى تارتىۋېلىپ، بىزنى كۆچۈرۈۋەتمەكچى بولغان.

دەھشەتلىك جازالار ۋاقتىنچە توختىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى دەھشەتلىك ئۇرۇش، فاشىستلار باشلىغان قىرغىنچىلىق ئىگىلىدى. جەڭ مەيدانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، گېزىتلەردىن ئوقۇپ تۇراتتۇق، بىراق فرونتنىڭ ئارقا تەرىپىدىمۇ تۇرمۇش ئۇنچىۋالا باياشات ئەمەس ئىدى. ئاچ ـ زارلىق ۋە جۇدالىق ئازابلىرى كىشىلەرنىڭ مادارىنى قۇرۇتۇۋەتكەنىدى. كىشى بېشىغا ئۈچيۈز گىرامدىن نان بېرىلەتتى. شۇ چاغدا ھەزرىتى ئىمام بازىرىدا كىنىشكىگە ئېلىنغان نانلارنى سېتىپ، پۇلىغا ئابدۇللا قادىرىنىڭ كىتابلىرىنى سېتىۋالغان ئادەملەرنى كۆرگەنمەن. دېمەك، كىتابنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمايدىكەن.

شەيخانتاۋۇر دەرۋازىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە تاغىلىرىمنىڭ كىچىك ـ كىچىك كاتەكتەك ھويلىلىرى بار ئىدى. ئاشۇ ھويلىلارنىڭ بىرىدە ئانامنىڭ ئاكىسى روزى ئاكام ئولتۇراتتى. مەن ئاشۇ ھويلىغا پات ـ پاتلا بېرىپ تۇراتتىم. بۇ 1942 ـ يىلىدىكى ئىش. روزى ئاكام ھازىرقى «شاستىرى» ناملىق 24 ـ مەكتەپتە فىزىكىدىن دەرس بېرەتتى. ئۇ بەكمۇ كىتاب خۇمار، ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە، دەرۋىش سۈپەت ئادەم ئىدى. ئۇ 78 يىل ياشاپ ئۆيلەنمەي ئۆتكەن. ئۇ كىشى ماڭا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كىتابلارنى دۇدۇقلىماستىن ئوقۇشنى ئۆگەتتى. تىبابەت ئىلمىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى بەردى، ئوقۇدۇم. ماڭا ئابدۇللا قادىرى، چولپان، فىترەت، باتۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئابدۇللا قادىرىنىڭ «مېھرابتىن چايان» رومانىنى، چولپاننىڭ «تاڭ سىرلىرى»، «كېچە ۋە كۈندۈز» ناملىق كىتابلىرىنى ئاشۇ كىشىدىن ئېلىپ ئوقۇغانىدىم. ئەپسۇسكى، روزى ئاكام 1945 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىدە قاماققا ئېلىندى. 1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا سوت قىلىندى. ئۈچ كۈن داۋام قىلغان سوت يىغىنى ئۇنى بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ سوۋېت ئۆزبېكىستانى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 66 ـ ماددىسى بويىچە ئەيىبلەندى. ئەيىبنامىدە ئېيتىلىشىچە، روزى ئاكام سوۋېتكە قارشى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ساقلىغان ۋە تارقاتقان. سوۋېتكە قارشى ئەدەبىيات دېيىلگىنى پەقەت ئابدۇللا قادىرىنىڭ كىتابلىرى ئىدى. ئاختۇرۇش ۋاقتىدا روزى ئاكامنىڭ ئۆيىدىن باشقا كىتابلار تېپىلمىغان.

روزى ئاكام بىلەن بىللە يەنە تۆت كىشى قامالغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى مۇھەممەتجان ئىسىملىك قىرىق ياشلاردىكى نامرات بويتاق كىشى ئىدى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا بازاردا كىتابپۇرۇشلۇق قىلاتتى. بەزىدە تۇمار يېزىپ ئاياللارغا ساتاتتى. ئىككىنچىسى، چىرايلىق بۇرۇتى بار قارىي ئىسىملىك ئېگىز بويلۇق كىشى ئىدى. ئۇ، كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش پونكىتىدا ئىشلەيتتى. يىغىۋېلىنغان كېرەكسىز قەغەزلەر ئارىسىدىن ئامىبابراق كىتابلارنى ئىلغىۋېلىپ ساتاتتى. ئۈچىنچىسى، شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ خەتتاتى ئابدۇللا ناسىروۋ. تۆتىنچىسى، تاشكەنت مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇللا پولاتوۋ بولۇپ، ئۇ كەمبەغەل ئەمما كىتابخۇمار يىگىت ئىدى.

روزى ئاكام بىلەن ئالاقىدار بولغان بۇ كىتابخۇمارلاردىن مۇھەممەتجان ئاكا ئالتە يىللىق، قارىي ئاكا بەش يىللىق، ئابدۇللا ناسىروۋ بىلەن ئابدۇللا پولاتوۋ ئۈچ يىللىق

قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. كېيىن ئابدۇللا ناسىروۋ بىلەن ئابدۇللا پولاتوۋنى قايتىدىن سوتلاپ، ئاقلاپ قويۇۋېتىشتى، قالغان ئۈچ كىشى جازا مۇددىتىنى تاماملاپ قايتىپ چىقتى.

شۇ چاغدا ئابدۇللا ناسىروۋنىڭ ئادۋوكاتىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولغانىدىم. ئۇ ياۋرو-پالىق يەھۇدى بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ، ئابدۇللا ناسىروۋنىڭ شەرقنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتى ئۈچۈن كېرەكلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى، كونا قول يازمىلارنى قولدا كۆچۈرۈش شەرەپلىك سەنئەت ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكىتلىگەنىدى.

ئەمما ئۈچ بەختسىز كىشى بىكاردىن بىكار قامىلىپ كېتىۋەردى. شۇندىن كېيىن مۇھەممەتجان ئاكىنى قايتا كۆرمىدىم. قارىي ئاكىنى بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى چىلانلىقتا كۆرۈپ قېلىپ، بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشەلىدىم، خالاس.

روزى ئاكام ۋاپات بولۇشتىن بىر-ئىككى يىل ئىلگىرى ئەقلىدىن ئېزىپ ئالجىپ قالغانىدى. ئابدۇللا پولاتوۋ ئەنجاندا دوختۇرلۇق قىلاتتى، ئۇ ئىچىملىككە بېرىلىپ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئابدۇللا ناسىروۋ يېقىندا ۋاپات بولدى. ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن شەرەپلىك ئىشلارنى قىلدى. دېمەك، ئادۋوكاتنىڭ بېشارىتى توغرا چىقتى.

روزى ئاكام قامالغاندىن كېيىن، 1945-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا قانۇن ئورۇنلىرى مېنى گۇۋاھلىققا چاقىرىشتى. ئۇ يەرگە بىركۈن، ئىككى كۈن ئەمەس بىر قانچە كۈنگىچە باردىم. مېنى بەزىدە كۈندۈزدە، بەزىدە كېچىدە چاقىرىشاتتى. سوراقخانىدىن بەزىدە ئاخشامدا، بەزىدە يېرىم كېچىدە، بەزىدە تاڭ ئاتقاندا ئۆيگە قايتاتتىم. ئۇيقۇسىز قالغاننىڭ ئۈستىگە ھېرىپ-ئېچىپ، ھالىمدىن كېتەتتىم.

سوراقچى يىگىرمە ئالتە ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى زوتوۋ ئىسىملىك يىگىت ئىدى. يۈزى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ تۇراتتى، تېنى ساغلام ئىدى، لېكىن چىرايى ئېچىلمايتتى، ئاسانلا ئاچچىقلىناتتى ۋە ھەدېسىلا كىشىگە ۋارقىرايتتى.

— راست، بەك ۋارقىرىغاق ئىدى، — دېدى ھەبىبۇللا ئاكا يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

زوتوۋنىڭ يېنىدا ھەر دائىم بۇغداي ئۆڭلۈك، دوغۇلاق، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان بىر ئۆزبېك يىگىت بىللە بولاتتى. زوتوۋنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي قالسام ئاشۇ يىگىت تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى.

— ئەمدى بىر سوئالغا جاۋاب بەر، — دېدى زوتوۋ بىر كۈنى كېچىسى، — ھۆسەنوۋ سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىتاب ئېلىپ بارغانمۇ؟

— ھە ئېلىپ بارغان، — دېدىم، — ئۇ كىشى دائىم كىتاب قولتۇقلاپ يۈرەتتى. بىزنىڭ ئۆيگە قاچانلا بارسا قولىدا كىتاب بولاتتى.

— ياق، سەن ئۇنىڭ 1944-يىلى يازدا قانداق كىتاب ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيت!

— بۇ ئېسىمدە يوق.

— ئەسلە، — دېدى زوتوۋ، — ئوبدانراق ئەسلەپ باق، ئۇ گېزىتكە ئورالغان چوڭلا بىر كىتابنى ئاپىرىپ ساڭا بەرگەن. ئەتىسى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن.

مەن قەستەن گاڭگىراپ بولۇۋېلىپ، ئىقرار قىلمىدىم. ئېسىمدە يوق، دېگەن سۆزنى تەكرارلاۋەردىم. شۇ چاغدا تەرجىمان گەپكە ئارىلاشتى:

— ئۆرۈك پىشىشقى ئىدى، ھويلىدا ئۇكا ـ سىڭىللىرىڭ بىلەن ئۆرۈك يەپ، ئۇرۇقـ چىسىنى چېقىپ ئولتۇرغانىدىڭ، ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟

— ياق، ئېسىمدە يوق.

تەرجىمان ئاشۇ ۋەقەنىڭ ئاي ـ كۈنى، سائەتلىرىگىچە ئېنىق ئېيتىپ بەردى. مەن ئېسىمدە يوق، دېگىنىمچە بېزىرىپ ئولتۇرۇۋەردىم. بىراق خىيالىمدا ئاشۇ كۈندىكى مەنـ زىرە جانلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئەتىياز پەسلىدىكى پىژغىرىم ئىسسىق كۈنى ئىدى. بىردىنلا ھويلىمىزنىڭ ئىشىكى تاقىلدىدى. ئىشىكنى ئاچتىم. روزى ئاكام گېزىتكە ئورالغان قېلىن بىر كىتابىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتكەنىدى.

— ماۋۇنى يوشۇرۇپ قوي، ئەتە ئېلىپ كېتىمەن، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

مەن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغان بولساممۇ كىرگىلى ئۇنىماي، كىتابنى ماڭا بېرىپلا ئارقىسىغا قايتقانىدى.

— ئەمىسە، ھۆسەنوۋ بىلەن يۈزلەشتۈرەيمۇ؟ — دېدى زوتوۋ غەزەپلىنىپ.

— يۈزلەشتۈرۈڭ، — دېدىم.

مەن شۇ باھانە بىلەن روزى ئاكامنى كۆرۈۋالماقچىدىم. بىردەمدىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، روزى ئاكام پەيدا بولدى. قوراللىق ساقچى روزى ئاكامنى يەلكىسىدىن ئىتتىرىپ ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن، كۆزـ لىرىمگە ئىشەنمەي قېتىپ تۇرۇپ قالدىم، چۈنكى روزى ئاكام ئىششىپ، تونۇغۇسىز دەرىـ جىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

سوراق باشلاندى.

— ھە، ئۇ كىتابنى ئەزىزگە ئاپىرىپ بەرگەنىدىم، — دېدى روزى ئاكام زەئىپ، ھارغىن ئاۋازدا، — ئۇنى مەن كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىشتۇرۇش پونكىتىغا تاپشۇرۇپ بەرـ مەكچىدىم، — كېيىن ئۇ يۈزىنى مەن تەرەپكە بۇرىدى، — ئېسىڭدە بارمۇ، گېزىتكە ئورالـ غان چوڭ كىتاب ئىدى.

مەن ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە ئېيتقىن، — دېدى كېيىن روزى ئاكام، — ماڭا تاماق ئەكىـ لىپ بەرسۇن. بۇ قارغىش تەگكۈرلەر ماڭا تاماق بەرمەيۋاتىدۇ. قورسىقىم ئاچ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا يىغلىۋەتتى. كۆز ياشلىرى بىردەمدىلا ئىششىق يۈزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ساقچى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئىتتىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى ئېسىڭگە چۈشتىمۇ، ھە! — دېدى زوتوۋ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، — ئۇنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىمۇ ئېسىڭدە باردۇ؟

— ئېسىمدە بار، — دېدىم دادىللىق بىلەن.

— ھە، قانداق كىتاب ئىكەن؟

— بىلەلمىدىم، ئۇ كونا يېزىقتا بېسىلغان كىتاب ئىكەن. مەن كونا يېزىقنى بىلمەيمەن.

— بىلمىگەن بولساڭ ئەمدى بىلىۋال، — دېدى زوتوۋ، — ئۇ «ئۆتكەن كۈنلەر» ئىدى.

— ھە ... — دېدىم مەن ھەيران بولغان قىياپەتتە.

ئەسلىدە بۇ كىتاب «ئۆتكەن كۈنلەر» نىڭ ئالا-چىپار مۇقاۋىغا ئېلىنغان نۇسخىسى ئىدى.

— كونا يېزىقنى بىلگەن بولساڭ ئوقۇمتىڭ؟

— ياق، ئوقۇمايتتىم.

— نېمىشقا؟

— ئىلگىرى لاتىن ئېلىپبەسىدە بېسىلغىنىنى ئوقۇغانمەن، — دېدىم خاتىرجەم ھالدا.

— ھۇ، ئاناڭنى! — دەپ ۋارقىرىدى زوتوۋ ئۈستەلنى پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇشتلاپ. — ئەپسۇسكى سەن جۇھۇتنىڭ بالىسى تېخى ئون سەككىز ياشقا توشمىدىڭ-دە. بولمىسا، ھازىرلا ھۇسەنوۋنىڭ يېنىغا ئەكىرىۋەتكەن بولاتتىم.

— مەن ئۆزبېك.

— ياق سەن بۇخارالىق جوھۇت! — دېدى ئۇ يەنە ۋارقىراپ.

ئەتىسى ئەتىگەندە روزى ئاكامنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۆيدە ئۇنىڭ ئانىسى ئايخان ئانىكام، ئۇكىسى ئابدۇرەھىم ئاكام، سىڭلىسى خەدىچە ئاچام بار ئىكەن. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. ئايخان ئانىكام بىلەن خەدىچە ئاچام راسا يىغلاشتى. ئابدۇرەھىم ئاكام ئىچى-ئىچىدىن ئازابلىنىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. تاماق مەسىلىسىنى ئېيتقىنىمدا ئاياللار نالە-پەرياد چېكىشتى. ئۇلار ناھايىتى كۆپ قېتىم تاماق ئېلىپ بارغانىكەن، لېكىن تاماقلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئاشۇ بىچارە، بىگۇناھ مەھبۇسنىڭ قولىغا تەگمەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، روزى ئاكام قامىلىپ يېتىۋەردى. جازا مۇددىتى توگەپ ئازادلىققا چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمدە كۆرسىتىلگىنى بويىچە تاشكەنتتىن ھەيدىلىپ، بىر مەزگىل قاشقا دەرياسى بويىدا ياشىدى. مەنمۇ شۇبھىلىك ئادەمنىڭ شۇبھىلىك جىيەنى سۈپىتىدە نازارەت ئاستىغا ئېلىندىم. مەخپىي ساقچى خادىملار مېنى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە يوشۇرۇن پايلاپ يۈرۈشتى ...

ئابدۇللا قادىرى قانچىلىك ئازاب چەككەن بولسا، ئۇنىڭ كىتابلىرىمۇ شۇنچىلىك ئازاب-ئوقۇبەت چەكتى، نازارەت قىلىندى، ھاقارەتلەندى، يەرگە كۆمۈلدى، سۇغا ئاققۇزۇلدى، كۆيدۈرۈلدى.

ئەمدى ئابدۇللا قادىرى كىتابلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بەزى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

1955 - يىلى بىر يىگىتتىن ئاجايىپ بىر ۋەقەنى ئاڭلىغانىدىم.

www.uyghurkitap.com

— بىر ئوقۇتقۇچى قوشنىمىز بار، — دېگەنىدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئاستىدىكى گەمىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كوزا كۆمۈلگەن. كوزىنىڭ ئىچىگە «ئۆتكەن كۈنلەر» بىلەن «مېھراپتىن چايان» سېلىنىپ، ئۈستىگە قۇم تۆكۈپ قويۇلغان. بىز ئۇ كىتابلارنى قاچانلا سورىساق ئۆزى گەمىدىن ئېلىپ چىقىپ ئوقۇپ بېرىدۇ، لېكىن قولىمىزغا بەرمەيدۇ، قورقىدۇ...

مىرساقى ئىسىملىك بىر تاغام بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى تەقۋادار، ھالال، ئەمگەكچان ئادەم بولۇپ، بوش ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. كىچىككىنە ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ، «ئۆتكەن كۈنلەر» بىلەن «مېھراپتىن چايان» نى قايتا-قايتا ئوقۇيتتى. روزى ئاكام قامالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ بۇ ئىككى كىتابنى نۇرغۇن جايلارغا يوشۇرۇپ بېقىپتۇ-يۇ، ھۆكۈمەت ئادەملىرى كېلىپ ئاختۇرسا تېپىۋېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ خاتىرجەم بولالماپتۇ. يەرگە كۆمەي دېسە سېسىپ كېتىشىدىن، كۆيدۈرۈۋېتەي دېسە يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى يۇنۇس ئاۋاتتىكى دەرۋازا كەنت ئېقىنىنىڭ سۈيىگە ئاققۇزۇۋېتىپتۇ. ئۇ، بۇ كىتابلارنى بىرەر كىشىنىڭ سۇدىن سۈزۈۋېلىپ ساقلاپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغانىكەن. كىتاب ئېقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۇزاققىچە يىغلاپتۇ. تاغام بۇ ۋەقەنى ئابدۇللا قادىرى ئاقلانغاندىن كېيىن ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

بەختىمىزگە يارىشا ئابدۇللا قادىرى ئاقلىنىپ، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. «مېھراپتىن چايان» نى ئىززەت سۇلتان نەشرگە تەييارلىدى. بۇ 1958-يىلى ياز پەسلى ئىدى. مەن تۇنجى قېتىم يازغۇچىلارنىڭ دورماندىكى ئىجادىيەت ئۆيىگە باردىم. ئۇيەردە ئىززەت سۇلتان «مېھراپتىن چايان» نى دەرەخ تۈۋىدىكى كات ئۈستىدە قويۇپ، باغدا دەم ئېلىپ يۈرگەنىكەن. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم. قارىسام ھەر بىر بابنىڭ يېنىغا بىردىن كىشىنىڭ ئىسمى قېرىنداش قەلەمدە يېزىپ قويۇلۇپتۇ. بۇ مېنى قىزىقتۇردى. ئىززەت سۇلتاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇرۇش ۋاقتىدا بىر مەكتەپنىڭ ئونىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى كىتابنى كىمدىندۇر ئوقۇۋېلىشقا ئېلىپ، كېيىن قولدا كۆچۈرگەنىكەن. قايسى بابنى كىم كۆچۈرۈشكە تېگىشلىك بولسا، ماۋزۇنىڭ يېنىغا شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىپ قويۇلغانىكەن. بىر كۈنى گەپ ئارىسىدا شۇ ۋەقەنى تاغامنىڭ ئوغلى مەۋلان ئاكامغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كىشى مىيىقىدا كۈلدى.

— ئاشۇ مېنىڭ كىتابىم ئىدى، — دېدى ئۇ، — ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئاقلانغانلىقىنى ئاڭلىغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا كىتابنى ناۋايى كۇتۇپخانىسىغا ئاپىرىپ سوۋغا قىلغانىدىم.

شۇ چاغدا ئىززەت سۇلتاننىڭ بۇ كىتابنى ناۋايى كۇتۇپخانىسىدىن ئەكەلدىم، ئۇنى كۇتۇپخانىغا كىمدۇر بىرى سوۋغا قىلغانىكەن، دېگەنلىكى ئېسىمگە چۈشتى.

(«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىللىق 9-سانىدىن ئېلىندى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى روزىمەھەممەت جۇمە

سىيىتجان سېيىتشېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

# ئۆگەي ئاتا

(هېكايە)

بىرهەپتە سوزۇلغان سىم-سىم يامغۇردىن كېيىن هاۋا ئېچىلىپ كەتتى. شۇنى كۈتۈپ تۇرغان مۇساجان بىلەن رۇقىيەم ئۆيدىكى بار بىساتىنى هويلىغا ئېپچىقىپ يېيىشقا باشلىدى.

مۇساجان ئېگىز بويلۇق، كەڭ غوللۇق، دوقا ماڭلاي، ياپىلاق بۇرۇن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، چىرايلىقمۇ كىرمەيدىغان، ئۇنچە سەت دەپمۇ بولمايدىغان كىشى. رۇقىيەم ئاق يۈزلۈك، زىلۋا بويلۇق، چىرايلىقىنا، هەرقانداق ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك يېقىملىق جۇۋان.

ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا توشۇشقا رۇقىيەمنىڭ بالىلىرى — بۇ يىل مەكتەپكە كىرگەن جەمىلەم بىلەن ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئەركىنمۇ ياردەملەشتى.

بۇ ئۆي بىساتلىرى — كۆرپە-ياستۇقتىن تارتىپ يىپ-يىڭنىغىچە رۇقىيەمگە ناهايىتى تونۇش ۋە قەدىرلىك. مۇساجان ئۈچۈن بۇلارنىڭ هەممىسى يېڭىلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆيدىن چىقىۋاتقان كونا-يېڭى هەممە نەرسىگە قىزىقىپ قاراپ، ئۆز كۆڭلىدە قايسىسىنى قاياققا قويۇش، قايسىسىنى تاشلىۋېتىشنى پىلانلىماقتا ئىدى. ئۇ بەزى كونا نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دەپ سورايتتى رۇقىيەمدىن.

مۇنداق چاغدا رۇقىيەم ناهايىتى خىجالەتچىلىكتە قالاتتى. چىرايى ئۆزگىرىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي:

— بىلمىدىم، ئەگەر سىز ئارتۇق دېسىڭىز، مەيلى، تاشلىۋەتسەك، تاشلىۋېتەيلى، — دەيتتى. لېكىن شۇ زامان جەمىلەم بىلەن ئەركىن چۇرقىرىشىپ:

— ئاپا، تاشلىمايلى، بۇلار دادامنىڭ نەرسىلىرىغۇ، ئېلىپ قويايلى! — دەيتتى. رۇقىيەم بولسا يەنە خىجالەتچىلىكتە مۇساجانغا قارايتتى.

— هە، مەيلى. ئېلىپ قويۇڭلار، — دەيتتى مۇساجانمۇ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن.

مۇساجان بۇ ئۆيگە يېڭى كەلدى. ئۇنىڭ رۇقىيەم بىلەن تۇرمۇش قۇرغىنىغا بىر ئايدىن سەل ئاشتى. جەمىلەم بىلەن ئەركىن رۇقىيەمنىڭ ئىلگىرىكى يولدىشى ساۋۇتتىن بولغان بالىلىرى. ئۆيدىكى مال-مۈلۈكلەرمۇ خۇددى شۇنداق. ئۇلارنى رۇقىيەم بىلەن ساۋۇت ئۈچ يىل دېگەندە ئاران پۈتتۈرۈپ خاتىرجەم ياشاشقا باشلىغانىدى. بىراق ساۋۇتقا بۇيرۇمىغانىكەن، رايونلۇق قۇرۇلۇش باشقارمىسىدا ئىنژېنېر

بولۇپ ئىشلەيدىغان ساۋۇت بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى ھادىسىگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتى. رۇقىيەم ئىككى بالا بىلەن يالغۇز قالدى.

رۇقىيەم دەسلەپ ئەرگە تەگمەستىن بالىلىرى بىلەن يالغۇز ياشاشقا بەل باغلىدى. لېكىن ئۇ يالغۇزلۇق دەردىنى تارتىپ، قىيىنىلىپ كەتتى. بىر يىل ئۆتە-ئۆتمەستىن يېڭى ئۆيلەرنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ، ئەتراپتىكى يېقىنلىرى، «ياش چوكان ئەرسىز يۈرسە ياخشى ئەمەس، ھېچبولمىغاندا ئىككى بالاڭنى ئويلىغىن، ئۇلارغىمۇ ئاتا كېرەك. ئەرگە تېگىۋال!» دەپ قىستاپ لايىقلارنى تېپىپ، تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. رۇقىيەمنىڭمۇ ئويلايدىغىنى، ئاساسەن ئىككى بالائىدى.

ئەرگە تەگسەم بالىلىرىم نېمە دەر؟ ئۆگەي ئاتىغا كۆنۈپ كېتەرمۇ؟ ئۆگەي ئاتا بالىلىرىمغا قانداق قارايدۇ؟ رۇقىيەم شۇنداق ئىككىلىنىشلەر بىلەن كەلگەن لايىقلارنى رەت قىلىپ يۈرگەندە ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە فىزىكا ۋە ئاسترونومىيەدىن دەرس بېرىدىغان مۇساجان كېلىپ قالدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي مۇئەللىملەر ئۇنىڭ بىر قېتىم ئۆيلەنگەنلىكىنى، ئايالىنىڭ تۇغۇت ئۈستىدە ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. بارلىق خىزمەتداشلار ئۇنى رۇقىيەمگە لايىق دەپ تېپىشتى. مۇساجان مىجەز-خۇلقى ئۆز جايىدا، ئېغىر-بېسىق، ئەمما سەل قوپاللىراق ئىدى. رۇقىيەممۇ دەسلەپ شۇ تەرەپتىن ئەنسىرىدى. قوپاللىق قىلىپ، بالىلىرىمنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ يۈرەرمىكىن، دەپ قورقتى. لېكىن ئەل-يۇرت، ئاغىنىلەر ئارىغا كىرىپ ئىككىسىنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ قويدى. توي ۋاقتىدا ئالدىراش بولۇپ، ئۆيلەرنى قېقىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، تويدىن كېيىن بولسا يامغۇر-يېشىن كۆپىيىپ كەتتى. مانا بۈگۈنلا كۈن ئېچىلدى.

رۇقىيەم مۇساجاننىڭ يېنىدا ساۋۇت توغرۇلۇق سۆزلەشتىن ئوڭايسىزلىناتتى، توغرىراقى، ئۇنداق ئەسلەشلەر ئارقىلىق مۇساجان بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىغا بىرەر سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قېلىشتىن قورقاتتى. لېكىن بۈگۈن ئۆي قېقىشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ساۋۇتنى ئەسلەيدىغان نەرسىلەر كۆپەيدى. ساندۇقتىن ھېلى ئۇنىڭ مېھمانلىق كاستيۇمى، ھېلى كۆڭلەكلىرى، ھېلى پەلتو-پىلاشلىرى چىقىپ قالاتتى، ئاياغ كىيىملىرىمۇ خېلىلا يىغىلىپ قالغانىدى.

— بۇلارنى نېمە قىلىمىز؟ — سورىدى مۇساجان ساۋۇتنىڭ بىر ھارۋىغا لىق كەلگۈدەك كىيىم-كېچەكلىرىنى كۆرسىتىپ، — مېنىڭچە بۇلارنى يىغىپ، ساقلاۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىرىنچىدىن، ئۇلار بۇ ئۆيدە ئەمدى ھېچكىمگە كېرەك ئەمەس، ئىككىنچىدىن، كىيىم-كېچەك تۇرىۋەرسە بۇزۇلىدۇ، ئۈچىنچىدىن، بىرمۇنچە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىسى، ئۇنى بىرسىگە بېرىۋېتىش كېرەك، كىيسۇن!

— ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىن بىر گەپ بولار، — دېدى رۇقىيەم.

ئۇنىڭ كۆڭلى غەلىتە بولۇپ قالدى. «دېمەك، ئۇ بۇ ئۆيدە ساۋۇتنى ئەسلىتىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ تۇرۇشىنى خالىمايدىكەن-دە، — ئويلىدى رۇقىيەم مۇساجان توغرىسىدا، — ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ بالىلارغا قانداق قارار؟ ئاتىسىنىڭ خاتىرىسىنى بالىلارنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش مۇمكىنمۇ؟ ئالدىراپ تۇرمۇشقا چىقىپ، خاتا قىلدىممىكىن؟ مېنىڭ مەقسىتىم شۇلارنىڭ

غېمى ئەمەسمىدى؟ ئەگەر ئۇ باللىرىمىغا يامان قارىسا، مۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟...»

كۆزنىڭ كۆپكۆك، تىنىق ئاسمىنىدا قۇياش چاقناپ نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئاپتاپنىڭ مۇلايىم تەپتى بەدەنلەرگە ئەركىگەندەك يىللىقلىق بېرىپ، راھەت بېغىشلايتتى. لېكىن رۇقىيەم ئۆزىنى قەپەستىكى قۇشتەك بىئارام ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆز قىلىقى ئۇچۇن باللىرىنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىك، پۇشايمان ئازابىنى چەكمەكتە ئىدى.

مۇساجان بىلەن رۇقىيەم ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى ھويلىغا چىقىرىپ، پالاز ۋە كىگىزلەرنى قېقىشتۇرۇپ، قايتىدىن ئۆيگە ئەكىرىشكە باشلىدى. قىپقىزىل چوغىدەك، يوغان خوتەن گىلىمىنى تۆر تامغا ئاسماقچى بولۇشتى. رۇقىيەم كۈچىنىڭ يېتىشىچە گىلەمنى يۆلەشتۇرۇپ ياردەملەشتى. مۇساجان مىخ قېقىپ گىلەم ئاستى. ئۇ گىلەمنى تامغا ئېسىپ بولۇپ، نورۇزدۇقتىن سەكرەپ چۈشۈشىگە قولىدا قانداقتۇر بىر رامكىنى تۇتۇپ تۇرغان ئەركىنگە ئۇرۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى-دە:

— ھوي، قاچ بۇ يەردىن! — دېگىنىچە ئەركىننىڭ قولىدىكى سۈرەتكە قاراپ ھەيران بولۇپ قالدى ۋە ئاستىلا سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟

— دادامنىڭ، — دېدى ئەركىن دومسىيىپ.

رۇقىيەم ئوغلىنىڭ قولىدىكى ساۋۇتنىڭ چوڭايتىلغان رەڭلىك سۈرىتىنى كۆرۈپ:

— ۋىيەي، نېمىشقا ئالدىڭىنە بۇنى؟ — دېگىنىچە قېتىپلا قالدى. بىر چەتتە جەمىلەمۇ بىر ئاپىسىغا، بىر ئۆگەي ئاتىسىغا قاراپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى.

مۇساجان بالىنىڭ قولىدىن سۈرەتنى ئېلىپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ياخشىلاپ قارىدى.

— ھىم... دادامنىڭ سۈرىتى، دېگىن؟ — قايتىلاپ سورىدى ئۇ سۈرەتكە تىكىلىپ. نېرىدا ئىككى بالا بىلەن ئانا «نېمە قىلاركىن» دېگەندەك جىمجىت كۈتۈپ تۇراتتى.

— جەمىلەم، بىر لاتا ئەكىلىڭا! — دېدى مۇساجان ئاخىرى، — سۈرەتنىڭ ئەينىكىنى چاڭ بېسىپ كېتىپتۇ، سۈرتۈۋېتەيلى.

جەمىلەم يۈگۈرۈپ چىقىپ لاتا ئەكىرىپ بەردى. مۇساجان سۈرەتنىڭ ئەينىكىنى ئالدىرىماي سۈرتتى. ئاندىن كېيىن گىلەمنىڭ تۆپىسىدىكى مىخقا قارىدى-دە:

— مانا، بۇ ياخشى خاتىرە، گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويىمىز. سىلەر داداڭلارنى كۆزدە كۆرۈپ تۇرىدىغان بولىسىلەر، — دېدى ۋە نورۇزدۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ساۋۇتنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ بولۇپ رۇقىيەمگە قارىدى، — مانا بۇ باشقا گەپ، ئۆيگىمۇ ياراشتى. كونا كىيىملىرىنى ساقلىغاندىن كۆرە، سۈرىتى دائىم كۆز ئالدىدا تۇرسا، باللارنىڭمۇ كۆڭلى توق بولىدۇ...

جەمىلەم بىلەن ئەركىننىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. مۇساجانغا بولغان مىننەتدارچىلىقتىن رۇقىيەمنىڭ كۆزلىرىدىمۇ خۇشاللىق ياشلىرى ئەگىدى.

(يازغۇچىنىڭ «ۋاپا» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن ئېلىندى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى **ياسىن سىيىت**
مەسئۇل مۇھەررىر **تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن**

## ئاپتونوم رايونىمىزدىن بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى

1990 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، تاجىك، شىبە، ئۆزبېك، رۇس ئاپتورلىرىدىن 16 كىشى مۇكاپاتلاندى. بۇ قېتىم 17 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، ئازادلىق ئارمىيىدىن مۇكاپاتلانغان 41 مىللەتنىڭ 84 ئاپتورى ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىن مۇكاپاتلانغانلار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، مۇكاپاتلانغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 20% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قېتىمقى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا 1985 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان رومان، پوۋېست، ھېكايىلار توپلىمى ۋە شېئىرلار توپلىمى ئاساس قىلىنغان.

### مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەر ۋە ئاپتورلارنىڭ ئىسمىلىكى

#### رومانلار

سۇتۇق بۇغراخان
بۆكە باتۇر

سەيپىدىن ئەزىزى
شامىس قۇمار (قازاق)

#### پوۋېست - ھېكايىلەر

بوغدا ئاتا
ئايالىنىڭ ساندۇقى ئاستىدىكى تىزىملىك
جىگدىلەر پىچىرلايدۇ
ئاتا دۆلىتى

قەييۇم تۇردى
ئەكبەر مىجىت (قازاق)
زوردۇن سابىر
جۇماباي بىلال (قازاق)

#### شېئىرلار توپلىمى

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار
ئالتۇندەك تاغ ئېتىكى

مەھەممەت شاۋۇدۇن
ماغاز رازدان (قازاق)

#### ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرى (يەككە ئەسەرلەر)

مىسكىن كۆكۈل (ھېكايە)
ئاھ، رەھىمسىز دەريا (پوۋېست)

ئارمانىۋا (قىرغىز)
ئەختەم ئۆمەر

### ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

گەنجىزى دەرياسى (شېئىر)
پامىرىم (شېئىر)
موللا ئېشەك (شېئىر)
ناخشا بۇلىقى (داستان)
يېشىل بۆشۈك (شېئىرلار توپلىمى)

مىلا (رۇس)
شېرىن قۇربان (تاجىك)
شۈكۈر يالقىن (ئۆزبېك)
پۇ جىڭسەي (شىۋە)
ما. توختىغۇ (موڭغۇل)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇر، قازاق ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان خەنزۇ ئەدەبىي تەرجىمانلاردىن جاڭ شىرۇڭ، ياڭ چىڭشۈنمۇ بار.

## ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئوبزور، تەرجىمە ئەسەر ۋە مۇھەررىرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى 1990 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئوبزور، تەرجىمە ئەسەر ۋە مۇھەررىرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇكاپاتلاش يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېن، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى كاڭنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ گۈيتىڭ، بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن شاكەن ئوڭالباي، ئىمىن ئەخمىدى، چېن بەيجۇڭ، ساخا، بىرلەشمىنىڭ باش كاتىپى سەيپۇل يۈسۈپ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مەھەممەت شاۋۇدۇن، ۋاڭ رۇڭ قاتارلىقلار ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئوبزورچىلار، تەرجىمانلار ھەم مۇھەررىرلەر بولۇپ جەمئىي 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا 22 مۇنەۋۋەر ئوبزور، 37 مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەر، 21 نەپەر مۇنەۋۋەر مۇھەررىر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. توققۇز نەپەر مۇھەررىرگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

يىغىندا فېڭ داجېن، لى كاڭنىڭ، جاڭ گۈيتىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇلارنىڭ سۆزى يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت ئەدىبلىرىگە كۈچلۈك ئىلھام بولدى.

### مۇكاپاتلانغان ئەسەر ۋە شەخسلەرنىڭ تىزىملىكى

#### مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئوبزورلار

| ئەسەر ئىسمى | تۈرى | ئاپتورى | مىللىتى |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا | (توپلام) | مەھەممەت پولات | ئۇيغۇر |
| ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچى | (توپلام) | ئەنۋەر ئابدۇرېھىم | 〃 |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەدەبىي تەنقىدنى توغرا ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى | (ئوبزور) | ماخمۇتجان ئىسلام | ئۇيغۇر |
| ئوبراز، ئۇسلۇب ۋە خاراكتېر | ″ | مەھەممەت زۇنۇن | ″ |
| شېئىر ئىجادىيىتىدە سەل قارىلىۋاتقان بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر | ″ | ھېزىم قاسىم | ″ |
| يېڭى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە | ″ | ئابدۇۋەلى كېرەم | ″ |
| تارىخ، تارىخىي رومان ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىق | ″ | ئابلىمىت ئىسمائىل | ″ |
| يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە «تارىم» | ″ | ئابلەت ئۆمەر | ″ |
| غەربىي دىيار ئەدەبىياتى ئۈچېركىلىرى | توپلام | لېي ماۋكۆي | خەنزۇ |
| پروزا ئىجادىيىتىدىكى بىر روجەك | ″ | جۇ جېڭباۋ | ″ |
| زوقلىنىش ۋە ئىزدىنىش | ″ | چېن بەيجۇڭ | ″ |
| ۋەتەنگە سادىق قىزىل يۈرەك | ئوبزور | جاڭ يۆ | ″ |
| ئورازقان ھېكايىلىرىنىڭ قۇرۇلما سەنئىتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى | ″ | ۋاڭ جۇڭمىڭ | ″ |
| ئاياللار ئەدەبىياتىنىڭ زامانىۋىلىككە قاراپ يۈرۈش قىلىشى | ″ | رېن يىمىڭ | ″ |
| ئويغىنىش توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى | ″ | سەي يۈجىۋ | ″ |
| جۇتاۋ شېئىرلىرىدىكى يۈكسەك گۈزەللىك | ″ | شا گۈەنجو | ″ |
| زەررە كۆل | توپلام | ھاسەن ئەبەۋ | قازاق |
| چىنلىق — ئەسەرنىڭ جېنى | ″ | ئۆمەرقان | ″ |
| يەنە ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىي ئوبزورچىلىقى توغرىسىدا | ئوبزور | ئەۋەلقان قالىي | ″ |
| شېئىر ئىجادىيىتىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر | ″ | مىرزاقان قۇربانباي | ″ |
| س. بازىرنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى | ″ | تې. بايىنباتۇ | موڭغۇل |
| ياش ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى | ″ | ساخا | ″ |

## مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەرجىمە ئەسەرلەر

| ئەسەر ئىسمى | تۈرى | تەرجىمە قىلغۇچى | مىللىتى |
|---|---|---|---|
| زامانىمىزنىڭ ياشلىرى | رومان | زايىت رېھىم | ئۇيغۇر |
| چىرىتىش | ″ | ئوسمان نادىر | ″ |
| يەتتىنچى چەمبەر ئىككىنچى ھالقا ئىچىدىكى ئىككى ئايال | پوۋېست | راخمان مامۇت | ″ |
| خۇەنجياڭ دەرياسىغا كەلگۈن كەلدى | ″ | قادىر راخمان | ″ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇ تاغ ئالدىدا قازا تاپتى | ھېكايە | ئۆمەر توختى | ئۇيغۇر |
| فابرىكىغا بىر ستودېنت كەلدى | ″ | ساتتار ئابدۇللا | ″ |
| قارىغۇ جىلغا | ″ | قەيسەر قېيۇم | ″ |
| ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي ھارىقى | ″ | نەيىم يۇسۇپ | ″ |
| بىر مۇھەررىرنىڭ كەچۇرمىشى | ″ | ئاينىسا ئەيسا | ″ |
| ستودېنتلار ياتىقى | ″ | ئابلىز نىياز | ″ |
| جۇڭگولۇقلارنىڭ جەم بولۇش مۇقەددىمىسى | ″ | ئىمىن ئەخمىدى | ″ |
| ئاسىيادىكى غەلىتە چەمبىرەك | ئەدەبىي ئاخبارات | لوقمان ئاقنىياز | ″ |
| مانا بۇ مالۋىناس | ″ | قۇربان ياسىن | ″ |
| تۈن يېرىمىدا يېزىلغان خەت | ″ | توختى باقى | ″ |
| ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مۇناسىۋەت | زاۋېن | ئابلىكىم تۇردى | ″ |
| كۆرەشچان يىللار | رومان | ليوفاجۇن، لياڭ شۆجۇڭ | خەنزۇ |
| خاتىرىلەر | پوۋېست | زۇمىڭخۇا | ″ |
| ئانا يۇرت | ″ | يۇەن لىخۇا | ″ |
| بۆلۈك كوچىدىكى غەلىتىلىك | ″ | خوڭ زىچېن | ″ |
| نىمىل تېغىدىكى تۇمانلار | ″ | ۋاڭ جۇكيىڭ | ″ |
| خىلۋەتتىكى چوغلۇق | ھېكايە | شى جېنتيەن | ″ |
| چۆچۈش | ″ | جاڭ شاۋخۇا | ″ |
| گۆھەر قارچىغا | ″ | ليۇ پىڭجى | ″ |
| ئادەملەر | ″ | جاڭ خوڭچاۋ | ″ |
| قارقالا چوققىسى | ″ | چاڭ شىجېي | مانجۇ |
| مېنىڭ كۆيگىنىم | ″ | شاۋسىۋىن<br>ھاكىم راخمان | خەنزۇ<br>قىرغىز |
| ئانا يۇرت سۆيگۈسى | شېئىر | سۇتيەنخۇ | خەنزۇ |
| تاڭجارىق شېئىرلىرى | ″ | جىن بىنجې | ″ |
| نېمشەھت شېئىرلىرى | ″ | لى جېنيا، جاڭ فۇپۇ | ″ |
| يۈرەك بۆلىقى | ″ | جاۋ گودۇڭ، جاۋيۆجېن | ″ |
| تاغ باغرىدىكى گۈلچەمبىرەك | پوۋېست | گوجىنەن | شىۋە |
| بىر ئوۋچىنىڭ تەلىپى | ″ | فۇسوگجىڭ | موڭغۇل |
| يۈرىكىمدىن ئۆتەر بىر ئېقىم | ھېكايە | ئا. تەبە | ″ ″ |
| بىر سىقىم تۇپراق | شېئىر | قالىقان قالىيەكبەر | قازاق |
| بۈركۈتنىڭ قانىتى | ″ | كاكىم ھاكىمجان | ″ |
| بوران ـ چاپقۇن | رومان | ئابدۇلدابېك | ″ |
| ھەربىي ئاپتوموبىلدا | پوۋېست | س. نايمان | ″ |

## مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇھەررىرلەر

| ئىسمى ـ فامىلىسى | خىزمەت ئورنى | مىللىتى |
|---|---|---|
| ئايشەم ئەخمەت | «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى | ئۇيغۇر |
| غوپۇر قادىر | «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ″ ″ | ″ ″ |
| روزىمەھەممەت جۇمە | «تارىم» ″ ″ | ″ ″ |
| ئابلىز ھوشۇر | «ئىلى دەرياسى» ″ ″ | ″ ″ |
| ھاجى ئەخمەت | «قەشقەر ئەدەبىياتى» ″ | ″ ″ |
| دىلشات سۇلتان | «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى | ″ ″ |
| مەتىمىن بارى | «تارىم» ″ ″ | ″ ″ |
| روزى سايىت | «يېڭى قاشتېشى» ″ ″ | ″ ″ |
| سالى سادىۋاققاس | «شۇغىلا» ″ ″ | قازاق |
| ئەيتقالى ئوسپان | ″ ″ ″ | ″ ″ |
| ئورازقان ئەخمەت | «ئىلى ئايدىنى» ″ ″ | ″ ″ |
| غالىمبېك | «ئالتاي ئاياسى» ″ ″ | ″ ″ |
| تۇرغانباي قىلىچبېك | «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» ″ ″ | قىرغىز |
| دۇشىنفۇ | «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ″ ″ | خەنزۇ |
| جىڭ شىنفۇ | ″ ″ ″ ″ | ″ |
| مىڭ دىڭشەن | «بوستان» ″ ″ | ″ ″ |
| ياڭ جىڭشاڭ | «ئىللىي يازغۇچىلار» ″ ″ | ″ ″ |
| گوسۇڭيۈەن | «ئىلى دەرياسى» ″ ″ | ″ ″ |
| لى شۆيۈەن | «يېشىل شامال» ″ ″ | ″ ″ |
| گۈەن شۆلىن | «شىنجاڭ خۇيزۇ ئەدەبىياتى» ″ ″ | مانجۇ |
| سەبىنا | «چولپان» ″ ″ | موڭغۇل |

## شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مۇھەررىرلەر

| | | |
|---|---|---|
| مەھەممەت رەھىم | «تارىم» ″ ″ | ئۇيغۇر |
| جاپپار ئەمەت | ″ ″ ″ | ″ ″ |
| ئەرشىدىن تاتلىق | ″ ″ ″ | ″ ″ |
| شۇگۇەنخۇا | «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ″ ″ | خەنزۇ |
| لي تېڭ | «بوستان» ″ ″ | ″ ″ |
| شېپى گاڭجىن | «تەڭرىتاغ» ″ ″ | ″ ″ |
| جاڭ فىڭشۈي | «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ″ ″ | ″ ″ |
| جۇمادىل مامان | «ئىلى ئايدىنى» ″ ″ | قازاق |
| جۇڭلۇ | «ئىللىي يازغۇچىلار» ″ ″ | شىبە |









3 ـ بەتتىكى سۈرەتلەرنى [illegible] رسۇن تارتقان.

www.uyghurkitap.com





《塔　里　木》　文学月刊　（维 吾 尔 文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE jOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1991 ـ يىل 2 ـ سان ( 360 ـ سان ) ، 41 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40 元
邮政编码：830000

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى :